ISSN 1002—9044

# تارىم

8

1995

ISSN 1002-9044
08>
9 771002 904009

# مەرھۇم ئەلقەم ئەختەمنىڭ ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىجادىيەت ئۈستىدە



يازغۇچىلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن



ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە



شائىرنىڭ 70 يېشىنى قۇتلۇقلاش

باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەين، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

# ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

## 45-يىل نەشرى

8

1995

www.uyghurkitap.com

## بۇ ساندا

### نەسرىي ئەسەرلەر

مەمتىمىن ھوشۇر .......... چارخوراز (ھېكايە) ........................................ (4)
تۇرغان شاۋۇدۇن .......... تۇغماس (پوۋېست) ........................................ (19)
باھارگۈل ساۋۇت.......... ئۇستاز قەلبى (ئوچېرك) ........................................ (54)
يارمۇھەممەت تۇرسۇن ... دوقمۇشتىكى ھازا (ھېكايە)........................................ (60)
ئالتۇنگۈل رەجەپ ....... يىنىڭىزدا مەن بار (ھېكايە)........................................(72)
ئەرشىدىن تاتلىق ........ ئىبرەت ئەينىكى (ھېكايە)........................................ (86)
تاھىرجان مۇھەممەت..... كۆكيانتاقلىق دالا (ھېكايە)........................................ (88)
ماخمۇت مۇھەممەت .... ھېكايىلار........................................ (96)

### شېئىرلار

ئۆمەر ئوسمان شىپاھى.... غەزەللەر ........................................ (44)
روزى ھوشۇر .......... ئىلھام تامچىلىرى........................................ (46)
مۇھەممەت خېۋىر......... ئاتەش نەزمىلەر........................................ (50)
مەھمۇد زەيىدى .......... ئىككى شېئىر........................................ (52)
روزى سايىت .......... ياشلىق بىرقۇش، بىر دۇلدۇل ........................................ (50)
جېلىلى .................. ۋەتەن مېھرى........................................ (75)
مۇھەممەت كامال......... مېنى تۇغقان جەننىتىم سەھرا........................................ (76)
ياسىن زىلال .......... ئەسسالام، ھاياتقا گۈل چەككۈچىلەر........................................ (78)
يالقۇنجان ئىسلام......... ئىككى غەزەل........................................ (79)
تۇراپ دايىم .......... تىنىقلار ئەۋجىدە كۈلىدۇ ھايات........................................ (81)
مۇختار سوپۇرگى......... (ئىككى شېئىر) ........................................ (82)
مۇھەممەتجان سەيدۇللا... يىراق شەھەردىكى كۈنلەر........................................ (85)
رەخىم قاسىم .......... شائىر ئەلقەم ئەختەمگە مەرسىيە........................................ (85)
ئەخمەت ھامۇت .......... ئەلقەم ئەختەم ۋاپاتىغا........................................ (85)

### ئۈمىد چېچەكلىرى

(شېئىرلار)


ئەنۋەر ئابلەت شەيدائى... كۆكۈل چەشمىلىرى........................................ (102)

ئەركىن مۇساق ......... شادلىقتىن يۇلتۇزمۇ قىسار كۆزىنى.......................... (104)
ئۆمەر مەتنۇرى ........... بوۋاي سۇرىتى................................ (104)
ئابلەت تۇرسۇن .......... ئۈچ غەزەل.................................. (105)
مۇختار ئابدۇراخمان..... ئىككى شېئىر................................ (106)
## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز
مەھەممەتتۇرسۇن ئېلى .... يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان «تارىم»دا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئوبزورلارنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى .................. (107)
ئابدۇللا تالىپ ............ شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ قىممىتى ............ (118)
قۇربان ھاشىم ............ يۇمۇر ۋە ئۇنىڭ رولى توغرىسىدا ......................... (121)
## ئىزلىنىش ۋە غۇلغۇلا
ئەنەيتۇللا قۇربان ......... ئىلھام ھەققىدە يېڭىچە قاراش ......................... (128)
## ئەسەر ۋە باھا
ئازاد سۇلتان ............... ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى يۇلتۇز – يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل ...... (132)
## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن
نەجىب مەھبۇز ............ زوراۋان (ھېكايە) ........................................ (140)
## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن
ئاسىيە داۋۇت ............ ئەپچىل چارە (ھېكايە) ................................... (146)
ئابدۇسالام ئەخمەت ....... كادىرلار «مودىسى» (ھېكايە).............................. (147)
ئابدۇلئەھەد ھەسەن بارچۇقى، ئابدۇكېرىم ئابدۇخالىق، ياسىن روزى، مۇھەممەتئىمىن تۇرسۇن، ئىسمائىل ئېلى، ئېلياس ئابلىمىت، ئېلى ئابدۇقادىر، ئەلى ئوبۇل، ئەركىن توختى، ئابدۇرېشىت سۇلايمان، نۇرمۇھەممەت توختىنىياز، ئېلى زىكرىيا، ئەخمەتجان مۇھەممەت، ئايگۈل تۇرسۇن، ئىمىنجان روزى، ئوسمانجان ئىسمائىل، ئايشەمگۈل قاۋۇل، تىلىۋالدى مەمتىلى... (شېئىرلار)........................(149)
## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار
قايغۇلۇق خەۋەر..............................................(159)

※ ※ ※

رەسسام ۋە خەتتات: **مەھەممەت ئايۇپ**
مەسئۇل كوررېكتور: **قېيۇم تۇرسۇن**

www.uyghurkitap.com



مەمتىمىن ھوشۇر

# چارخوراز

(ھېكايە)

يېقىندا كامالدىروپكىدىن قايتىپ كەلسەم، ئۈستەلىمىنىڭ ئۈستىدە قېلىن بىر پارچە كونۋېرت يېتىپتۇ. ئېچىپ ئوقۇدۇم. بىر ئاپتورنىڭ «چارخوراز» ناملىق ئەسىرى ئىكەن. ئەسەرگە قوشۇپ مېنىڭ نامىمغا بىر پارچە خەتمۇ ئەۋەتىپتۇ.

«ھۆرمەتلىك مۇھەررىر، — دەپ يېزىپتۇ ئاپتور، — كىملىكىمنى ئېيتمىساممۇ پۇچۇر كامدىن تونۇغانسىز، مەن ھېلىقى ‹ساراڭ› نىڭ ئاپتورى بولىمەن. نېمە ئىش بىلەن نەلەردە يۈرگىنىمنى سورىمايلا قويۇڭ. ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، مۇشۇ خەت بىلەن سىزگە يەنە بىر پارچە ھېكايە ئەۋەتتىم. بۇ قېتىمقىسىنى توخۇ توغرىسىدا يازدىم. ئىت توغرىسىدىكىنى باسقاندىن كېيىن، توخۇ توغرىسىدىكىنىمۇ بېسىۋەرسە كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئىككىلىسى ھايۋانغۇ؟ ناھايىتى بىرى تۆت پۇتلاپ ماڭىدۇ، بىرى ئىككى پۇتلاپ؛ بىرى چوقۇپ يەيدۇ، يەنە بىرى غاجاپ. توخۇلارنى كۆرسەملا، نېمىشقا قانىتى تۈرۈپمۇ ئۇچالمايدىغاندۇ، دەپ ھەيران بولىمەن. سىز بىلەن بىزمۇ قانىتى تۇرۇپ ئۇچالماي يۈرگەن بىچارە مەخلۇقلارغا ئوخشامدۇق — قانداق؟

كۆزۈم بىلەنغۇ كۆرمىدىم، ئاڭلىسام، يېقىندىن بېرى چەت ئەللەردە مەخسۇس خوتۇنى يوقلارغا خوتۇن، ئېرى يوقلارغا ئەر بولۇپ بېرىدىغان بىر كەسىپ روناق تاپقىلى تۇرۇپتۇدەك. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئاجايىپ غۇنچە بوي، ئەرلىرى شۇنچە قاۋۇل كېلەرمىش، بىكار بولۇپ قالسىلا باشقا ئىش قىلماي، كېرەكلىك يەرلىرىنىڭ مۇسكۇللىرىنى چىڭىتىپ ئولتۇرىدىكەن. مەنغۇ چەت ئەلدە گالستۇك باغلىۋېلىپ، تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلەرنى كۆرۈپ تازا كۈلگەن ئىدىم، بۈگۈن ئەتىگەن قوشنامىنىڭ ئايالىنىڭ كالپۇكىنى قىپقىزىل بوياۋېلىپ نان يېقىپ يۈرگىنىگە قاراپ، چەت ئەلدىكى ئىشلارنىڭمۇ ئۇنچىۋالا ھەيران قالغۇچىلىكى يوقكەن، دەپ قالدىم. ئۆزگىرىشنىڭ مۇنچە تېز بولۇپ كېتىدىغىنىنى سىزمۇ ئويلاپ باقمىغانسىز ھە!؟ ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ھازىر چاچنى

چۈشۈرۈۋېتىپ، بۇرۇتنى بۇدرە قىلىۋالىدىغان مودا چىقىپتۇ... بازاردىكى ئەگرەم بايۋەچچىنىڭ يانچۇقىغا ئوت كەتكەن ئىكەن، پاژارنى ئەترەتنىڭ ئادەملىرى ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆچۈرەلمەيۋاتقۇدەك... ھازىر ھېسامنىڭ چاقچاقلىرىنى توپ ئېلىپ، پارچە ساتىدىغان تىجارەتچىلەرمۇ پەيدا بوپتۇدەكقۇ؟... يۇقىرىقى مەھەللىدە بىر داڭلىق دوختۇر چىقىپتۇدەك، ئۇنىڭ بەرگەن دورىسىنى ئىچمەي تۇتۇپ ياتسىڭىزمۇ ساقىيىپ قالغۇدەكسىز... يېقىندىن بېرى مىللەتنى سۆكۈپ ماقالە يېزىپ پۇل تېپىۋاتقانلارنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدىم. بۇمۇ ئۆيگە ئوغرى چۈشسە ئوغرىغا كۈچى يەتمەي بىر - بىرىگە تاپا - تەنە قىلىشقاندەكلا ئىش دەڭا!

شۇنچىلىك بېرىش - كېلىش قىلىپ ئاغىنىمۇ بولۇپ قالدۇق. مېنىڭ ئائىلە تۇرمۇشۇم توغرىسىدا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ سوراپ قويمىغىنىڭىزغا ھەيرانمەن. جەمئىيەتتە بايۋەچچىلەر كۆپەيگەنسېرى تۇل خوتۇنلارنىڭمۇ ئاۋۇپ كېتىپ بارغىنىنى بايقىغانسىز؟ مەنمۇ پۇل تاپقاندىن بېرى ئۈچ ئۆيلىنىپ، ئۈچ قېتىم ئاجراشتىم. يېقىندا يەنە بىر ئايالغا كۆزۈم چۈشۈپ قېلىۋېدى، پاھ، ساغرىسى بىلەن مەيدىسىنى دېمەيسىز، «ۋايجان!» دەپ قۇچاقلاپ يېتىۋالغۇدەكلا سەتەڭكەن. توي كۈنى ناغرا - دۇمباقنى بولۇشىغا چالغۇزۇپ، ماشىنىدا شەھەرنى ئايلىنىۋېرىپ بېشىم تۆرەپ، ئۆيىنى تاپالماي باشقا ياققا كېتىپ قاپتىمەن. شۇندىن بېرى تازا ساقلىقىم يوق. بىر ماقالىنى ئوقۇسام، «ئاغرىقنىڭ ياخشىسى يۈرەك ئاغرىقى» دەپ يېزىپتۇ. ئاغرىماي - سىلىماي ئۇ دۇنياغا غىپپىدە كېتىۋالغۇدەكسىز، دوست - دۈشمەنلىرىڭىز ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالغۇدەك... ھەيكەللەرنى كۆرسەملا ھەۋىسىم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. قارىڭ، ئۇلار ئۆلمەيدۇ، قېرىمايدۇ، مەڭگۈ ياش تۇرىدۇ. شۇڭىغا قارىغاندا تىرىك ياشىماق نېمىدېگەن تەس - ھە!؟...

نېمىلەرنى دەپ كەتتىم؟ خەير، سالامەت بولۇڭ. ‹چارخوراز› نىڭ ئىشىنى سىزگە ئامانەت قىلدىم. ئەسلىدە ‹چارتوخۇ› دەپ يازسام توغرا بولاتتى. بۇ توخۇنىڭ زادى مېكىيان ياكى خورازلىقىنى ئۆزۈممۇ ئاڭقىرالماي قالدىم. قېنى، يازغانلىرىمنى ئوقۇپ بولۇپ، چارتوخۇنىڭ جىنسىي ئايرىمىسى ھەققىدە ئۆزىڭىز ھالال بىر نېمە دەرسىز.»

ئاپتورنىڭ «چارخوراز» ھەققىدىكى ھېكايىسى مانا مۇنداق باشلىنىپتۇ.

1

بۇ چارمېكىياننىڭ ھويلامغا قاچان، قايسى ئاينىڭ قانچىنچى كۈنىدىن باشلاپ پەيدا بولۇپ قالغىنىنى ئۆزۈممۇ ئەسلىيەلمەيمەن. ئىشقىلىپ بىزنىڭ بۇ چوڭ قورۇدا ھەر يىلى توخۇ - تۇمان دېگەن كەم بولمايدۇ. بەزىدە قوشنىلارنىڭ توخۇلىرى بىزنىڭ سامانلىققا كىرىپ تۇغۇپ قويىدۇ، بەزىدە بىزنىڭ توخۇلارنىڭ قوشنىلارنىڭ مەڭگەنخانىلىرىغا كىرىپ قورسىقىنى بوشىتىپ، قاقاقلاپ چىقىدىغان چاغلىرىمۇ بولۇپ قالىدۇ... ئايالىمنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى بار، پالانى مېكىيان كۈرۈك بولۇپ قاپتۇ، دەپ قولىغا چىققانلا تۇخۇملارنى يىغىپ ئەكىلىپ باستۇرۇپ بېرىدۇ. بىر كۈنلەردە تۇخۇمدىن يېڭىلا چىقىپ چىكىلداپ يۈرگەن چۈجىلەر قايسى بىر چاغلاردا قارىسىڭىز يوغانلا توخۇ بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاق، قارا، قىزىل، چىپار، تۇرپاننىڭ، توقسۇننىڭ، خۇنەننىڭ، خېنەننىڭ، ئىشقىلىپ ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان بىر يەرلەرنىڭ خىلمۇ خىل رەڭدىكى توخۇلىرىدىن ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. خورازلىرى بويۇنلىرىنى سوزۇپ چىللاپ، مېكىيانلىرى بەس - بەستە تۇغۇپ ھويلىنى

www.uyghurkitap.com



ئاۋات قىلىشقا باشلايدۇ.

بىزگە ئارىتام ئولتۇرىدىغان ئىمىنجان دەيدىغان بىر قوشنام بار. خۇددى بۇرۇنقى هارۋىكەشلەر بىر يەرگە يىغىلىپ قالسا كەچكىرگىچە ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىنى ماختىغاندەك، ئىمىنجان ئىككىمىز ئۇچرىشىپ قالساقلا، بېقىۋاتقان توخۇلىرىمىزنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كېتىمىز.

ئىمىنجاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ هازىر بېقىۋاتقان توخۇلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئاق خوراز ئامېرىكىنىڭمىش، ئۇنداق - مۇنداق يەردىمۇ ئەمەس، نەق هېلىقى ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلىرى ئولتۇرۇپ - قوپىدىغان ئاقسارايىنىڭ يېنىدىكى بىر قورۇدا تۇخۇمدىن چىققانمىش، تېخى بۇرۇنقى ئىگىسى هەر يىلى بۇ خورازنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرەتتىكەن. بەزىدە ۋاقتى بولۇپ قالسا زۇڭتۇڭنىڭ ئۆزىمۇ مۇنداق خاتىرىلەش مۇراسىمىغا قەدەم تەشرىپ قىلاتتىكەن. بىر قېتىم قايسى بىر زۇڭتۇڭنىڭ ئايالىنىڭ بۇ خورازغا ئامراقلىقى تۇتۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن بىر سىقىم تېرىق چېچىپ بەرمەكچى بولغاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە دەسسىۋېلىپ، ئاق خورازنىڭ ئالدىغا موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا، ئامېرىكىنىڭ چوڭ - كىچىك گېزىت - ژۇرناللىرىغا «خانىشنى موللاق ئاتقۇزغان خوراز» دېگەن چوڭ خەتلەر بىلەن بۇ خورازنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بېسىلغان ئىكەنمىش. شۇنىڭ بىلەن، هەر كۈنى يۈزلەپ زىيارەتچىلەر ئاق خورازنى كۆرگىلى كېلىپ ئاقسارايىنىڭ ئەتراپى قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇدەك، ئاخىرى زۇڭتۇڭ بۇ خورازنى يۇقىرى باهادا سېتىۋېلىپ، «كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار!» دەپ يىراق بىر يەرگە پالىۋەتمەكچى بولۇپتۇ. ئىمىنجاننىڭ ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا ئوقەت قىلىدىغان بىر تۇغقىنى بار ئىكەنمىش، «بۇ خوراز چىرايلىق خورازكەن، پالايدىغان گەپ بولسا، بىزنىڭ جۇڭگودىكى تۇغقاننىڭ هويلىسىغا پالاڭلار» دەپ ئىمىنجاننىڭ ئادرېسىنى زۇڭتۇڭغا بېرىپتۇدەك. مانا شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئاق خوراز ئىمىنجاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇمىش...

-ئىمىنجان، - دېدىم مەن كۈلۈپ، - سېنىڭ ئۇ ئامېرىكىدىكى تۇغقىنىڭ ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا دوغاپچىلىق قىلمايدىغاندۇ؟

-دوغاپچىلىق قىلمايدۇ، - دېدى ئۇ، - ناهال قاقىدۇ.

-ناهال قاقىدۇ!؟

-گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتامسەن نېمە؟ - دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، - ئاقساراي دېگەنگە دۇنيانىڭ ئەڭ ئېسىل گىلەملىرى سېلىنغان گەپ. ئۇ يەرگە ناهال قاقىقان ئاياغ بىلەن كىرىشكە بولمايدىكەن. بىزنىڭ تۇغقان هەر كۈنى ئەتىگەندە بولقا - ئامبۇر، دۇپپىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئاقسارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرىدىكەن. ئۇ يەرگە ئۇقۇشماي ناهاللىق ئاياغ بىلەن كېلىپ قالغانلارنىڭ ئاياغلىرىنىڭ ناهالىنى سۇغىرىپ ئېلىپ، مىخلىرىنى ئېكەكدەپ تۈزلەپ، قايتقاندا يەنە هەركىمنىڭ ناهالىنى ئالماشتۇرۇۋەتمەي ئۆزىگە قېقىپ بېرىپ چىرايلىق يولغا سېلىپ قويىدىكەن. مەنغۇ بېرىپ كۆرمىدىم، بەزىدە هەر چوڭ دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى بىزنىڭ تۇغقاننىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ئۆچرەتتە تۇرۇپ كېتىدۇ، دەيدۇ...

ئىمىنجان ماڭا قارىغاندا مەكتەپتە ئىككى - ئۈچ يىل ئوشۇقراق ئوقۇغاچقىمىكىن، پو ئېتىشقا كەلگەندە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالىمەن.

ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، هېلىقى چارمېكىيان كۆزۈمگە باشقا توخۇلارغا قارىغاندا باشقىچىرەك كۆرۈنەتتى. خوتۇن داننى ئوبدان بېرىپ، قىشچە ئىسسىق يەردە باققاچقىمىكىن، ناهايىتى تۇغۇمچان ئىدى، كۈن ئاتلىماي،

كۆرۈكمۇ بولماي ھەر كۈنى تۇغاتتى. تۇخۇممۇ يوغان ئىدى. بەزى كۈنلىرى ھويلىدا بىر ئىشلارنى قىلىۋاتسام، دانلاپ كېلىپ يېنىمدا توختاپ، بويىنىنى سەل قىيسايتىپ ماڭا تازا زەن سېلىپ قاراپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سارغۇچ نۇر جۇلالىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ مەستلىكىم كېلەتتى.

بىر كۈنلەرگە كەلگەندە، كۆز تەگكەندەكلا چارمېكياننىڭ تۇخۇمى توختاپ قالدى. بوپتۇلا، تۇغمىسىمۇ ئوبدانراق سەمرىسە سويۇپ يەرمىز، دېدىم. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن، تۇخۇمى توختاپلا بۇ چارمېكياننىڭ بويى بۆلەكچە ئۆسۈپ، پەيلىرى پارقىراپ، تاجىسى تىكلىشىپ خورازنىڭ سىياقىغا كىرىپ قالغىلى تۇردى.

بىر كۈنى قوشنام ئىمىنجان ھويلىمىزغا كىرىپ، دانلاپ يۈرگەن چارمېكيانغا قاراپ:

– قاسىمجان، ئاۋۇ چارتوخۇ قالتىس خورازكەن. ھە! ئەجەب مەن بۇرۇن كۆرمەپتىكەنمىنا؟ – دېۋىدى، كۈلكەم قىستاپ كەتتى.

– ئىمىنجان، ئوبدانراق قارا. ھېلىقى مەن ساڭا ماختاپ يۈرگەن تۇغۇمچان چارمېكيان شۇ ئەمەسمۇ؟ – دېدىم.

– خۇدايا تۇۋا، مېكيان – دە! ؟ . . . – دەپ ھەيران بولدى ئىمىنجان، – خوراز بولۇپ قالغان بولسىزە قالتىس سۆلەتلىك خوراز بولاتتىكەندە! مىڭ سومغا يارىمىغاندىمۇ، تۆت – بەش يۈز سوملۇق خوراز بولاتتىكەن.

دېمەكچىمۇ چارمېكيان پۇتلىرى دەرەخنىڭ شېخىدەك مەزمۇت، ئېگىز توخۇ بولغىلى تۇردى. خۇي – پەيلىمۇ كۈندىن – كۈنگە ئۆزگىرىپ، ھويلىغا چۈشكەن قاغا – قۇزغۇن، ئىت – مۈشۈكلەرگە ئېتىلىدىغان بولۇۋالدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ باشقا مېكيانلارغا قانات سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ئىش ماڭا ناھايىتى كۈلكىلىك تۇيۇلدى. يەنە بىر كۈنى چارمېكياننىڭ رەسمىي خورازلاردەك قىچقارغىنىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم.

بۇ كەچكە يېقىن بىر ۋاقىت ئىدى. ھويلىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرگە سۇ ئېچىۋاتاتتىم. ھېلىقى چارمېكيان نېرىراقتا دانلاپ يۈرەتتى. بىر چاغدا ئۇ قېشىمغا كېلىپ، بويىنىنى ئالدىغا سوزۇپ، خۇددى ماڭا بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك ياكى كېلىگە تۇرۇپ قالغان بىر نەرسىنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك قىلىقلارنى قىلغىلى تۇردى. بۇ توخۇغا نېمە بولغاندۇ؟ دەپ تۇراتتىم. قى . . . قى . . . قىق! دەپ قىچقىرىپ سالامسۇ، قورققىنىمدىن تاتىرىپ كەتتىم. بىزنىڭ بۇ يەرلەردە «خوراز كەچتە چىللىسا يامان بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئىدى. بۇ دېگەن مېكيان تۇرسا، خوراز كەچتە چىللىسا يامان بولىدىغان يەردە مېكيان كەچتە چىللىسا نېمە بولۇپ كېتەر! ؟ دېدىم – دە، رەۋشەنخان مومايىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردۈم.

2

رەۋشەنخان موماي مەھەللىمىزدىكى ياشتا ئەڭ چوڭ ئايال ئىدى. ئۇ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى كىچىك بىر قورۇدا تىكەندەك يالغۇز ياشايتتى. بەزى ئاغرىقلارنى كونىچە ئۇسۇلدا ئىدە سېلىپ ئەملەيتتى. ئانچە – مۇنچە رەممۇ ئاچاتتى. رەۋشەنخان ئانىنىڭ سېغىز لايدا پاكىز سۇۋىغان ئوچاق باشلىرى، بوسۇغىدا تۇرغان قەدىمكى مىس ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچا، بورنىنىڭ ئۈستىگە تاشلانغان گۈللۈك پالاز، ئويۇقلاردىكى كونا زامانىنىڭ قاچا – قۇمۇچلىرى، ناتتاختا ئۈستىگە رەتلىك تىزىپ قويۇلغان سۈپرا، نوغۇچ، يەڭلىكلەر، كۆرپىنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈنۈپ ياتقان تاغىل مۈشۈك . . . بۇلارنىڭ ھەممىسى مومايىنىڭ ئۆيىگە قەدىم زامانىنىڭ پۇرىقىنى بېرىپ تۇراتتى. رەۋشەنخان موماي كۆپنى كۆرگەن، پاراڭچى ئايال ئىدى. ئۇ مېنىڭ چار مېكيان توغرىسىدىكى گەپلىرىمنى قولىدىكى

www.uyghurkitap.com



خورما ئۇرۇقىدا ياسالغان تەسۋىسىنى سىرىپ ئولتۇرۇپ جىمجىت ئاڭلىدى.

- مۇنداق دە؟... ئولتۇر، نېمىشقا ئۆرە تۇرىسەن؟- دەپ گەپ باشلىدى موماي ئاخىرىدا،- بىر زامانلاردا ھېكىمباي دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن. ھازىرقى مۇشۇ ئۈچ يېزىنىڭ يەرلىرى تامام شۇ ئادەمگە قارايتتى. ھېكىمباينىڭ زوردۇن دەپ بىر ئوغلى بولىدىغان. مانا شۇ ئوغۇل يىگىرمە ياشقا كىرگىچە ساقال - بۇرۇتمۇ چىقماي، كېيىن كۆكسى يوغىناپ قىزغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

- ئوغۇل قىزغا ئايلىنىپ قالغان دەمدىلا، رەۋشخان موما؟... راست، بۇ گەپنى مەنمۇ چوڭلاردىن بىر ئاڭلىغاندەك قىلىۋېدىم.

- قىز بولغاندىمۇ قانداق قىز دېمەمسەن؟ تازىمۇ قاۋۇل، قاش - كۆزى جايىدا، بىر قاراپلا ھەر قانداق يىگىتنىڭ يۈرىكىنى ئويىنىتىۋېتىدىغان قىز بولغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىزنىڭمۇ قىز ۋاقىتلىرىمىز، ياز كۈنلىرى قىزلار توپلىشىپ دەريا بويىغا سۇغا چۆمۈلگىلى چۈشەتتۇق. ئوغۇل باللاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ، دەريانىڭ خالىي يەرلىرىنى تېپىپ چۆمۈلەتتۇق. ھېلىقى زوردۇننىڭ قىز بولغاندىن كېيىنكى ئىسمى زورە بولغان ئىدى. ئۇمۇ بىز بىلەن بىللە سۇغا چۆمۈلگىلى بارىدىغان بولدى. ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە بىر قاراپ بېقىشقا ھەممىمىز قىزىقاتتۇق. لېكىن زورە كىيىمىنى زادىلا سالغىلى ئۇنىمايتتى.

بىر كۈنى مەسلىھەتلىشىپ زورەنى دەريا بويىدىلا ئولاش - چولاش باستۇق. ئىككى - ئۈچىمىز پۇت-قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇردۇق، بىرىمىز ئىشتىنىنى تارتتۇق. ھازىر ئويلىسام، قىپقىزىل ساراڭلىقكەنمىز دەيمەن. بىچارە بىزنىڭ شۇنداق قىلىدىغىنىمىزنى پەملەپ قالغانمۇ، كۈنىنىڭ شۇنچە ئىسسىقلىقىغا قارىماي ئۈچ ئىشتاننى قوشلاپ كىيىۋالغان ئىكەن. ئىككى ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ بولغاندا بىر يۇلقۇنۇپلا ئاستىمىزدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇندىن كېيىن بىز بىلەن ئارىلاشمايدىغان بولدى. كېيىن ھېكىمباي زورەنى ئۆزىنىڭ بىر ئىشلەمچىسىگە نىكاھ قىلىپ بەردى. بىر ئوبدان خوتۇن بولدى. شۇغىنىسى، بىچارە تۇغمىدى. ئېرىنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتى. ئېرىنى ئاياپ ئۆينىڭ - تالانىڭ ھەممە ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىپتۇگەتتى. رەھمەتلىك بىر كۈنى ئېتىزدىن بۇغداي ئەكىلىۋاتقاندا هارۋا بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتتى.

رەۋشخان موماي سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

-ئەمدى مېنىڭ چارمېكىيىنىمنىڭ خورازغا ئايلىنىپ قالغىنى قانداق گەپ بولدى، موما؟ - دېدىم.

-بۇمۇ بىر قىزىقلا ئىش بوپتۇ، - دېدى موماي،- خۇدايىمنىڭ خىلمۇ خىل كارامەتلىرى بار دېگىنە. پارتىيە يېڭى كەلگەندە، ئوكۇل دېگەن بىر نېمە چىقىپتۇدەك، ئۇنى تولا سالغۇزسا ئادەمنى يا ئەر ئەمەس، يا ئايال ئەمەس قىلىپ قويىدىكەن، دەپ ئاڭلايتتۇق. ھازىرقى ئادەملەرغۇ باللىرى قاتتىقراق ئىنجىقلاپ قويسىمۇ دوختۇرخانىغا كۆتۈرۈپ بېرىپ ئوكۇل سالدۇرىدىغان بولۇۋالدى. شۇڭا ھازىرقى ياشلىرىڭنىڭ قايسى ئەر، قايسى ئاياللىقىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ. سەنمۇ توخۇلىرىڭغا ئوكۇل سالدۇرمىغان بولغىيدىڭ؟

-توۋا دېسىلە، رەۋشخان موما، توخۇغىمۇ ئوكۇل سالغان بارمىكەن؟!

-شۇ مېكىيىنىڭنى سويۇپ يەپلا بېشىڭنى ساقايتقىنا، كەچتە چىللىغان توخۇ شۇملۇقنى چىللايدۇ. شۇ! - دېدى موماي.

3

ئەتىگىنى قوپۇپ يەنە خىيالغا پېتىپ قالدىم.

ئىمىنجان قوشنا ئاشۇ چارمېكىيان خوراز بولۇپ قالغان بولسىزە، مىڭ تەڭگىگە يارىمىغان يەردىمۇ تۆت - بەش يۈز تەڭگىلىك خوراز بولاتتىكەن، دېگەندەك قىلىۋىدى. ئۇنى سويىۋەتسەم ناھايىتى بىر ۋاقلىق تاماق بولار، ئۇنىڭدىن توخۇ بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىپلىۋەتەي، تۆت - بەش يۈزگە ئەمەس، ئەللىك - ئاتمىش تەڭگىگە ئالسىمۇ پۇل ئەمەسمۇ؟ دېگەن يەرگە كەلدىم. چار توخۇنى تۇتۇپ قولتۇقىمغا قىسىپ بازارغا قاراپ ماڭدىم.

پاھ، بۈگۈن يەكشەنبىمۇ، قانداق كۈن ئۇقالمىدىم، توخۇ بازىرى دېگەن قايناپ كېتىپتۇ. توخۇمچىلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، چارتوخۇنى ئەمدىلا يەر دەسسىتىپ تۇراتتىم، بىرنەچچە توخۇۋاز ئەتراپىمغا ئولاشتى. ئۇلار بۇ توخۇ مېكىيانمۇ، خورازمۇ؟ دەپ سوراپمۇ قويماي «قالتىس خورازكەندە!» دەپ تاماقلىرىنى چېكىشىپ، بويۇنلىرىنى سىڭايان قىلىپ چارتوخۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلانغىلى تۇردى. ئاردىن بىرى:

- ئاكا، خورىزىڭىزنى ساتقىلى ئەكىردىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- نەرقىگە كەلسە ساتايمىكىن دەيمەن، - دېدىم.

- بەستىغۇ خېلى بارىكەن، ئانچە - مۇنچە سوقۇشۇپمۇ باققانمۇ؟ - دېدى يەنە بىرەيلەن.

- ئۆمرۈمدە ئىككى توخۇ سوقۇشقان يەردە تۇرۇپمۇ باققان ئادەم ئەمەسمەن دەڭلا، ئۇكىلىرىم، - دېدىم.

- ئەمدى دەيمىزا، - دېيىشتى ھېلىقىلار، - ھېچ بولمىغاندا مۇنداق قوشنىلارنىڭ توخۇلىرى بىلەن بىر - ئىككى قەپەس ئاتلىشىپ باققان يەرلىرىمۇ باردۇر؟

- ئۆيىمىز چەت جاڭزىدا. ئەتراپتا ئۇنىڭ بىلەن ئاتلاشقۇدەك توخۇمۇ يوق، - دېدىم. ئىچىمدە بۇ تېخى تۈنۈگۈنلا تۇغۇپ يۈرگەن مېكىيان تۇرسا، ھېلىلا بىر خوراز بىلەن ئاتلىشىدىغان بولسا بىر چوقۇشقىمۇ چىدىماي ۋاك دەپ قېچىپ مېنى رەسۋا قىلار، دەپ ئەندىشە قىلىپ ئولتۇردۇم.

- خوش بوپتۇ، باھاسى؟ - دەپ سورىدى بىرى.

- ھېلىقى تۆت چوڭلىمنىڭ رەسمى بار قەغەزدىن بىرنىلا بېرىڭلار! - دېدىم.

- 100 كويى!؟ نېمە دەيدىغاندۇ بۇ! - دەپ چۇرقىراشتى توخۇۋازلار، - 100 كوي دېگەنگە ئوبدان بىر توخلا بېرىداۋاي، راست ساتقىلى بولسا يولىدا گەپ قىل!



- 100 كويغا مەھەللىدىلا تالاشقانتى، - دەپ يالغان گەپتىن يەنە بىرنى قىستۇردۇم، - مېنىڭدىن ئېلىپ كۆز ئالدىمدىلا سوقۇشتۇرسا ئۇۋالغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قالىمەن، دەپ ئۇلارغا ساتماي بازارغا كۆتۈرۈپ كەلدىم. بولسا، سوقۇشتۇرماي سويۇپ يەيدىغان بىرەرسىڭلار ئالساڭلار ئەرزەنرەك بەرسەممۇ مەيلىتى. . .

شۇنداق دەپ تۇراتتىم، چارتوخۇ نېرىراقتا دانلاپ يۈرگەن ئۈچ - تۆت خورازنى كۆرۈپ قولۇمدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپلا ھېلىقى توخۇلار بىلەن پالاق - پۇلۇق سوقۇشۇپ كەتتى. يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاجرىتىۋالماقچى بولغان ئىدىم، توخۇۋازلار:

-قويۇپ بېرىڭە، ئاكا، بىر - ئىككى قەپەس ئاتلاشقانغا ھېچنېمە بولمايدۇ! — دەپ ئالدىمنى توسۇپ قويدى.

ھېلىقى دانلاپ يۈرگەن خورازلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۆينىڭ توخۇلىرىمىكىن، جەممىسى بىر بولۇپ چارخورازنى ئارىغا ئېلىۋالدى. مېنىڭ خورىزىم ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ ھېلىقىلارنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ سالغىلى تۇردىكى، ئەييۇھانناس! دېسەم ئىشەنمەيسىلەر، كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە توخۇ بازىرى توخۇ بازىرى بولۇپ، تېخى مۇنداق سوقۇش بولۇپ باقماپتىكەن. چارخوراز تېلېۋىزورلاردىكى بىر پاي ئوق بىلەن ئون دۈشمەننى بىراقلا موللاق ئاتقۇزۇۋېتىدىغان، ئۆزى يۈز پاي ئوقتىمۇ ئۆلمەيدىغان كاڭكۇڭلارنىڭ ئۆزىگىلا ئايلاندى. ھېلىقىلارمۇ تېلېۋىزورنى تولا كۆرگەن خورازلارمىكىن، ھەممىسى بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كەلمەي، بىرى يىقىلسا بىرى رەتى بىلەن كېلەتتى. چارخوراز ياندىن كەلگەننى چوقۇپ، ئالدىدىن كەلگەننى بىرلا تېپىپ دومىلاتقىلى تۇردى. قانات سۆرەپ ئوتتۇرىدا پىرقىرايدىغان بولسا ئاجىزراقلىرى شامىلىدىلا ئۇچۇپ كېتەتتى. بەزىلىرى بىر تېپىكتىلا جەك دەپ چەتكە چىقاتتى، غەيرەتلىكرەكلىرى دومىلىغان يېرىدىن قوپۇپ، قانات - قۇيرۇقىنى تۈزەشتۈرۈپ يەنە جەڭگە كىرەتتى. شۇ پاتپاراقچىلىقتا يەردە ياتقان بىر مۇنچە خورازلارنىڭمۇ پۇتى يېشىلىپ كېتىپ سوقۇش بولۇۋاتقان تۈپىقا قېتىلىپ كەتتى. خورازلار سوقۇشۇۋاتقان يەردىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭ، ھاۋاغا توزىغان پەيلەر ئەتراپنى بىر ئالدى. ئاخىرىدا زادى قايسى خوراز بىلەن قايسى خورازنىڭ سوقۇشۇۋاتقىنىنى ئايرىغىلى بولماي قالدى.

-ھاي، ھاي، ئەمدى بولا! — دەپ ئارىغا چۈشۈپ چارخورازنى تۇتۇۋالماقچى بولدۇم. قىزىپ كەتكەن توخۇلار ماڭا قارامدۇ دېيسىز؟ چارخوراز سەن ئارىلاشما! دېگەندەك قىلىپ قانىتى بىلەن بىر ئۇرۇۋىدى، سەنتۈرۈلۈپ چەتكە چىقىپ قالدىم. ئاچچىقىمدا چاپىنىمنى سېلىپ، چارخورازنىڭ ئۈستىگە يېپىپلا قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدىم. ئوتتۇرىدىكى باشقا خورازلار ھۇرپەيگىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى. چاڭ بېسىلغاندىن كېيىن قارىساق، ھەممە توخۇنىڭ باش - كۆزى قان، بىر نەچچىسى پوكىنىنى كۆتۈرەلمەي يەردە يېتىپتۇ. چارخورازنىڭ ساق قالغىنىغا شۈكرى دەپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. كەينىمدىن توخۇۋازلار ۋارقىرىشىپ قالدى.

-توختا، ھوي ئاكا، توختا! مانا ئۆزۈڭ دېگەن يۈز كوي! — دەپ ۋارقىرىدى بىرى. ئارقىدىنلا باشقىلىرىمۇ چۇرقىراشتى:

-بوپتۇ يۈز ئەللىك!

-ئىككى يۈز!

ئاخىرىدا بىرىنىڭ «بەش يۈز!» دەپ ۋارقىرىغىنى قۇلىقىمدا قالدى. بۇ چاغدا مەن بازارنىڭ دوقمۇشىدىن ئەگىلىپ بولغان ئىدىم. راست دەۋاتامدۇ - يالغانمۇ؟ دەپ ئورنۇمدا تۇرۇپ قالدىم. ئېگىز بويلۇق، ئورۇق بىر ئاغىنە ئارقامدىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى.

- بەش يۈز دېدىڭما؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

-بەش يۈز دېدىم. چاپىنىڭنى خورازنىڭ

ئۈستىدىن ئېلىۋەت، توخۇنى ئۇنجۇقتۇرۇپ قويىسەن، - دېدى ئۇ.

-ئەكەل، بەش يۈز تەڭگەڭنى نەق سانا. بۇنىڭ ئۈنداق - مۇنداق خوراز ئەمەسلىكىنى ئۆزۈڭ كۆردۈڭ.

-ھازىر يېنىمدا ئىككى يۈز تەڭگىدەك پۇل بار، قالغىنىنى ئۆيۈڭنى كۆرسىتىپ قوي، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ئاپىرىپ بېرەي.

-قەرزدار بولغان ئادەم سەن ماڭا ئۆيۈڭنى كۆرسىتىپ قويماي مېنىڭ ساڭا ئۆيۈمنى كۆرسىتىپ قويغىنىم قىزىق. ئىككى يۈز تەڭگىنى تاشلاپ بېرىپلا خورازنى كۆتۈرۈپ كەتسەڭ مەن سېنى نەدىن تاپاي! ؟ . . .

ھېلىقى ئاغىنە مۇقىم تۇرىدىغان ماكانىمۇ يوق بىر ئادەممىكىن، خىجالەتچىلىكتە غەلىتە ھىجايدى-دە:

-ئۈنداق بولسا ئاداش ماۋۇ يۈز كوي ساڭا زاكالەت بولسۇن، ھازىر بىللە بېرىپ ئۆيۈڭنى كۆرۈۋالاي، قالغان تۆت يۈز كوينى ئەكىلىپ بېرىپ خورازنى ئېلىپ كېتەي، قانداق؟ - دېدى.

يۈز كوينى ئېلىپ يانچۇقۇمغا سالدىم. ھېلىقى ئېگىز دارايى ئاغىنىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ دەرۋازامنى كۆرسىتىپ قويدۇم.

4

ماڭا يۈز كوي زاكالەت بەرگەن ئاغىنە شۇ يوقالغىنىچە بىر ھەپتە كۆرۈنمىدى. توخۇ بازىرىدىكى قانلىق جەڭدىن كېيىن چارخوراز كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتمايلا قالدى. بىردە باشقا توخۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ تامدىن ئاتلاپ قوشنىلارنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ، تەرگەن - تىككەن نەرسىلىرىنى دەسسەپ - چەيلەپ باش ئاغرىقى تېپىپ بەرسە، بىردە ھويلىغا كىرگەن ئۆششاق باللارنى قوغلاپ، سۇر - توقاي قىلىپ ئارام بەرمەيتتى. يامان ئىتى بار قورۇغا كىرمەكچى بولغان ئادەملەر «ھاي ئىتىڭلارنى توسۇڭلار! » دەپ ۋارقىرىغىنىدەك، بىزنىڭ ھويلىغا كىرمەكچى بولغانلارمۇ ئاۋۋال دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ بېشىنى تىقىپ: «ئادەم بارمۇ؟ ئاۋۇ خورىزىڭلارنى توسۇڭلار! » دەپ ۋارقىرايدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى كاتەكنىڭ ئىچى گۈلدۈر - غالاپ قىلىپ قالدى. يەنە نېمە بالا بولغاندۇ؟ دەپ چىقىپ قارىسام، چارخوراز غېمىدە يوق باشقا مېكىيانلار تۇغقان تۇخۇمنى دۈگىلىتىپ ئويناۋېتىپتۇ. بۇ خورازنىڭ خۇي - پەيلىگە قاراپ قورقۇپ قالدىم. ئۈنىڭ دوكرەكلىرى تېخىمۇ ئۆسۈپ، تۇمشۇقى قارىچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈرلىشىپ، كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چاقناپ تۇراتتى. قارىسام ئۆزۈممۇ ئەيمىنەتتىم. رەۋىخان موماي توغرا ئېيتقان ئىكەن، نېمىشقا ئۇنى سويۇۋېتىپلا قۇتۇلمىغان بولغىيتتىم، دەپ قالدىم.

يەنە بىر كۈنى چارخوراز گىدەيگىنىچە مېڭىپ، قوشنام ئىمىنجاننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ھېلىقى ئامېرىكىلىق ئاق خورىزىنى يۈز - خاتىرىمۇ قىلماستىن قوغلاپ، چوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قاپتۇ. كەچتە ئىمىنجان كىرىپ كەلدى.

-كەل ئىمىنجان، خاپا كۆرۈنىسەنغۇ؟ - دېدىم.

-خاپا بولمىغاندا، - دېدى ئىمىنجان، - چارتوخۇنى خوراز دېسەم، مېكىيان دەپ قەسەم قىلىۋاتاتتىڭ، سېنىڭ مېكىيانلىرىڭنىڭ خورازلارنى قوغلايدىغان ھۈنىرى باركەن - ھە؟

-دېسەم ئىشەنمەيسەن، - دېدىم ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، -ئۆزۈممۇ ھەيران، بولمىسا بىر ئوبدانلا تۇغۇپ يۈرگەن مېكىيانتى، تۇيۇقسىزلا تۇخۇمى توختاپ، تاجلىرى تىكلىشىپ خوراز بولۇپ قالدى. . .

www.uyghurkitap.com



-بولدى، بولدى. بۇ گېپىڭنى شامالغا قىلىپ بېرە!- دەپ گېپىمنى بۆلۈۋەتتى ئىمىنجان،- خوراز دېسەم مۇشۇ ئىمىن تالىشىدۇ، دەپ مېكىيان دەپ قويغان دېگىنە. توخۇ بازىرىغا ئاپىرىپ سوقۇشتۇرۇپ بازارغا سالغىنىڭنىمۇ ئاڭلىدىم. ئەلۋەتتە قوشنا - قولۇم بولغاندىن كېيىن، ماۋۇ توخۇنى ساتىدىغان بولۇپ قالدىم، ئالامسەن - ئالمامسەن؟ دەپ سوراپ قويىدىغان يولۇڭ بارمۇ-يوق؟ . . . خەق سانىغان پۇلنى مەن سانىيالمايتتىممۇ - يا؟ . . . بازاردا قانچە قىلدى؟

-بەش يۈز.

-بولدى، بەش يۈز سومىڭنى مەندىن ئال.

-بىرەيلەن يۈز كوي زاكالەت بېرىپ قويۇۋىدى. يا ۋاقتىدا كېلىپ توخۇسىنى ئېلىپ كەتمىدى. . .

-ئاڭلىدىم، زاكىر غېرىب دېگەن توخۇۋاز ساڭا يۈز كوي زاكالەت بېرىپتىكەن، . قالغان تۆت يۈز سومنىڭ ئورنىنى قىلالماي ھازىرغىچە پالاقشىپ يۈرۈپتۇ. ۋاقتىدا كەلمىگەندىن كېيىن پۇلنى قايتۇرۇۋەت!

- سەت بولارمىكىن؟

-بولمىسا، كىم سەندىن پۇل ئاپتۇ، دەپ تېنىۋال.

-ئۇنداقتا تېخىمۇ سەت بولار!؟

-ئاپلاھۇ ئەكبەر! - دەپ قايناپلا كەتتى ئىمىنجان، - ئاشۇ چارخورازنى چوجە ۋاقتىدا مەن ئۆزۈم ساڭا تاللاپ ئېلىپ بەرگەن جۇمۇ!

-نېمە دېدىڭ؟!

-مانا مۇشۇنداق ئۇنتۇپ قالىسەن ئەمەسمۇ. بىر كۈنى نەق مۇشۇ دەرۋازاڭنىڭ ئالدىدا يەرنى سىجاپ، بېشىڭنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتىكەنسەن.

-قاسىمجان، نېمە بولدۇڭ، خىيال بېسىۋاپتىغۇ؟ - دەپ سورىدىم.

-نېمە خىيال دەيسەن تېرىكچىلىكنىڭ غېمى،- دېدىڭ. مەن كۈلۈپ:

-غەم، غەملا دەپ يۈرۈيدىكەنسەن. ئون - يىگىرمە مو يېرىڭگە تولدۇرۇپ بۇغداي - قوناق چېچىۋالدىڭ، يەنە نېمە غەم ئۇ؟ - دېدىم.

-گۆشنىڭ غېمى، گۆش! . . . تاپقان پۇلنىڭ گۆشكە ئۈلگۈرمەيۋاتقىنىنى قارىمامسەن، - دېدىڭ. مەن چاقچاق قىلىپ:

-قاسىمجان، مۇشۇ گۆش دېگەننىمۇ يەرگە تېرىغىلى بولىدىغان بولسا، ھەممە يېرىڭگە باشقا نېمە تەرمەي گۆشلا تېرىۋالاتتىڭغۇ دەيمەن؟- دېدىم.

-يائاللا، ئۇنداق ئىش بولىدىغان بولسا، مۇشۇ ھويلىغىمۇ ئالا قويماي گۆش تېرىۋالاتتىم جۇمۇ!- دېدىڭ.

شۇ چاغدا ئىككى داڭكاڭ چوجىنى ئەپكەشتە كۆتۈرۈپ ئۆز يۇرتتىن بىرى يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى.

-مانا قاسىمجان، گۆش دېگەن پۇتى بىلەن مېڭىپ ئالدىڭغا كېلىپ قالدى. ئاۋۇ چوجىدىن ئون - يىگىرمىنى ئېلىپ بېقىپ قويساڭ گۆش دېگەن شۇ ئەمەسمۇ، - دېدىم.

-قېنى، قېنى؟ - دەپ ئىشتىنىڭنىڭ تۇپىسىنى قېقىپ ئورنىڭدىن تۇردۇڭ.

-ھاي توختا، چوجەڭنى ساتامسەن؟ - دەپ ھېلىقى ئۆز يۇرتنى توختاتتۇق. ئۇمۇ ئەپكەشنى مۈرىسىدىن ئالدى.

قارىساق، داڭكاڭنىڭ ئىچىدە تېخى مېرىق تۈكىدىن ئايرىلمىغان چوجىلەر چىكىلدىشىپ تۇرۇپتۇ. دانىسىنى بىر كوي، دېدى. سودىلىشىپ سەكسەن تىيىنگە پۈتۈشتۇق.

-ئالە قاسىمجان، سەكسەن تىيىن دېگەنگە ھازىرقى كۈندە نېمە كېلىدۇ؟ چوڭ بولۇپ قالسا سويۇپ يېسەڭ گۆش، تۇخۇمىنى ساتساڭ پۇل،-

دەپ سالا قىلدىم. ئەمدى ئېسىمگە كەلگەندۇ؟
. . . شۇ چاغدا، يانچۇقۇمدىكى بار پۇلۇمنى
قېقىشتۇرۇپ ئون نەچچە چوجە ئالدىم. مەن
داڭكاڭنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاللىشىپ
بەردىم. ئەمدىزە، مەن تاللاپ ئېلىپ بەرگەن
چوجىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر ياخشى خوراز چىقىپ
قاپتىكەن، تالاشسام ماڭا ساتماي خەققە ساتساڭ
سەت بولماي، خەقنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋەتسەڭ
سەت بولامدىكەن؟ . . .

ئىمىنجان قوشنام ھېكايە توقۇشقا ناھايىتى
ئۇستا. راست شۇنداق ئىشنىڭ بولغان -
بولمىغىنىنى ئېسىمگە ئالالماي ئاغزىغا قاراپلا
قالدىم.

-ئۇنداق بولسا، ئىمىنجان، ئەتىگىچە بىر قاراپ
باقايلى. ھېلىقى ئاداش ئەتىمۇ كەلمىسە،
ئاتىغىنىڭنى بېرىپ چارخورازنى سەن ئېلىپ چىقىپ
كەت. شۇ توخۇدىن ئۆزۈممۇ زېرىكتىم، -
دېدىم.

5

ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ تالاغا
چىقسام، ھويلىنىڭ ئىچى جىمجىت. ھويلىنى
ئاۋات قىلىپ تۇرغان بىر نېمە كەمدەك قىلىدۇ.
ھوي، چارخوراز قېنى؟! دەپ ئېسىمگە ئالدىم.
باشقا توخۇلار دانلاپ يۈرۈپتۇ. چارخوراز يوق.
كاتەككە قارىسام، كاتەكنىڭ ئاغزى ھاڭدەك ئوچۇق
تۇرۇپتۇ، ئىچى قۇپقۇرۇق. جىددىيلىشىپ
ھويلىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنى ئىزدىدىم.
قوشنىلار تەرەپنى قاراشتۇرۇپ، ئىمىنجاننىڭ
قورۇسىغا كىرىۋېدىم. قوشنام ئالدىمدىن چىقىپ
قالدى.

-ھە قاسىمجان، ئەتىگەندە بۇياققا كىرىپسىلە؟-
دېدى.

-چارخوراز يوق، - دېدىم.

-چارخوراز يوق؟! - ئۇ مېنىڭدىن بەتتەرەك
ھەيران بولدى، - قانداق يوق بولىدۇ؟

- ھەر كۈنى سەھەردىلا قانات قېقىپ چىللاپ
بىزنى ئويغىتىدىغان، بوگۇن كۆزۈمنى ئاچسام
ھويلىنىڭ ئىچى جىمجىت. يوگۇرۇپ قوپۇپ تالاغا
چىقسام چارخوراز ھېچ يەردە كۆرۈنمەيدۇ. بىرى
كىرىپ ئوغرىلاپ چىقىپ كەتتىمىكىن، دېسەم
دەرۋازا بىر ئوبدان تاقاقلىق تۇرۇپتۇ. تامدىن ئاتلاپ
قوشنىلارنىڭ ھويلىلىرىغا چۈشۈپ كەتتىمىكىن
دەپ ئىزدەپ يۈرىمەن.

ئىمىنجان ئىككىمىز ئىزدە - ئىزدە مەھەللىنىڭ
سىرتىغىچە چىقتۇق. يەنە قايتىپ ھويلىغا كەلدۇق.
چارخورازنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

-قاسىمجان، خورازنى ئوغرى ئاپتۇ - دە! -
دېدى ئىمىنجان.

-ھېلىقى ئاغىنە يۈز كوي زاكالەت بېرىۋېدى،
پۇلىنى خەجلەپ قويۇپتىمەن. ئەمدى كەلسە يا پۇل
يوق، يا توخۇ، قانداقمۇ قىلارمەن؟ - دەپ بېشىم
قاتتى.

-راست، سەن ئۇ زاكىر غېرىبنى يۈز سوم
بېرىپ ئۆيۈمنى كۆرۈۋېلىپ كەتتى، دەۋاتاتتىڭ،
توخۇنى شۇ ئوغرىلاپ قاچتىمۇ-يا؟

-نائىنساب شۇنداقمۇ قىلغاندىمۇ؟

-ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. توخۇۋاز بىلەن
قىمارۋازنىڭ پەرقى نېمە. ئۇتسا چوڭ - چوڭ
خەجلەيدۇ، ئۇتتۇرۇۋەتسە باشقىلارنىڭكىنى
ئوغرىلايدۇ. . . مەن ساڭا ئېيتسام، - دەپ يەنە
بىر ھېكايىغا چۈشتى ئىمىنجان، - ئاشۇ ئاق
خورازنى يېڭى ئەكەلگەن ۋاقتىم. . .

-ئامېرىكىلىق خورىزىڭنىڭ گېپىمۇ؟

-ھە شۇنىڭ. . . يېڭى ئەكەلگەندە بۇمۇ قالتىس
خورازتى. بىر ياز توخۇ بازىرىدا ئۇنىڭغا تەڭ
كەلگۈدەك توخۇ چىقماي توخۇۋازلارنىڭ كۆزىنى
تازا قىزارتقانتى. بىر كۈنى كېچىدە ھويلىدا بىر
نېمە تاراقلىغاندەك قىلىپ قالدى. يوگۇرۇپ

چىقسام كاتەكنىڭ ئاغزى ئوچۇق تۇرىدۇ. بىرىنىڭ تونۇرنىڭ بېشىدىن ئارتىلىپ كوچا تەرەپكە لەپپىدە چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالدىم. دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىپ قوغلىدىم، قارىسام، ئوغرى ئالدىمدا قارا كۆرۈنەرلا يەردە قېچىپ كېتىپ بارىدۇ، زادى يېتىشەلمەيمەن. توختىغىنا دەپ پۇتۇمدىكى ساپما كەشنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ بىر يۈگۈرۈپتىكەنمەن، كۆزۈمنى ئاچسام ئوغرى يوق. كەينىمگە قارىسام ئوغرىدىن ئۆتۈپ كېتىپتىمەن. ھېلىقى ئوغرى مېنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكىنىمنى بايقىماي، ھەدەپ كەينىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ماڭا ئۇسسۇۋالغىلى تاسلا قالدى. كاپلا قىلىپ ياقىسىدىن ئالدىم. قارىسام، ياشلابىر شۇمتەككەن. كۆتىگە ئىككىنى تېپىپ قولىدىكى خورازنى تارتىۋالغانتىم... يۈز سوم زاكالەت بەردى، دەپ خۇش بولۇپ كېتىپ ئوغرىغا ئۆيۈڭنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۆزۈڭمۇ ئەخمەق!...

شۇ كۈنى كەچتە زاكىر غىربىمۇ يېتىپ كەلدى. مەن بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ، قوينىدىن تۆت يۈز سومنى چىقىرىپ تەڭلەپ:

-خوراز قېنى؟ - دېدى.

ئۇنى ئۆيگە باشلاپ، بولغان ۋەقەنى -قوشنام ئىمىنجاننىڭ چارخورازنى مەندىن تالاشقىنىنى، مەن زاكالەت ئېلىپ قويدۇم، دەپ بەرمىگەنلىكىمنى، بۈگۈن كېچىدىلا خورازنىڭ ھويلىدىن غايىب بولۇپ كەتكىنىنى ئېيتتىم.

-ئاپلا! - دەپ تۇرۇپلا قالدى زاكىر، - بۇ خورازغا توخۇ بازىرىدىلا كۆز تەگكەنتى. كۆڭلۈممۇ بىر نېمىنى تۇيغاندەك قىلغان... شۇ كەم پۇلنى تولۇقلايمەن، دەپ بىرنەچچە كۈن پالاقلىدىم. ئامال بولماي، تازا يارامسىز ئىككى خورىزىم بىلەن تالاشتۇرۇپ يۈرگەن بىر ئىتىمنى سېتىپ، ئاران دېگەندە بۇ پۇلنىڭ ئورنىنى قىلىپ كەلگەنتىم...

خورازنى ھېلىقى قوشناڭنىڭ ئۆزى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتتىمۇ - يا؟

-ھەرقانچە بولسىمۇ قوشنا - قولۇم تۇرۇپ ئۇنداق قىلمىغاندۇ!؟

-خەپ، مىڭ تەڭگىدىن ئېشىپ ئالىدىغان خورازتىدە!

زاكىر شۇنداق دېدى - دە، ماڭا بەرگەن يۈز سوم پۇلنىمۇ سۇرۇشتۇرمەي، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. زاكىر پۇلنىغۇ سورىمىدى، ئەمما ئۇنىڭ «خەپ، مىڭ تەڭگىدىن ئېشىپ ئالىدىغان خورازتىدە!» دېگەن سۆزى ئىچىمگە بىر ئوتنى سېلىپ قويدى. بۇ مىڭ تەڭگىلىك خورازنى قوشنام ئوغرىلىغانمىدۇ، زاكىر ئوغرىلىغاندىمۇ؟ يا باشقا بىرى باپلاپ كەتتىمۇ؟ ئويلا - ئويلا بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي سارالڭ بولاي دەپ قالدىم.

6

بىر كۈنى ئىمىنجان:

-جۇرۇڭلار، جۇرۇڭلار! - دېگىنىچە تەرلەپ-پىشىپ كىرىپ كەلدى.

-نەگە؟ - دېدىم.

-مەن چارخورازنى بىر يەردە كۆردۈم.

-نەدە كۆردۈڭ؟ - دەپ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم.

-ھېلىقى ھەر يەكشەنبە كۈنى توخۇ - ئۆردەك، ئىت- مۈشۈكتىن تارتىپ ھەممە جان-جانىۋارلارنىڭ سودىسى بولىدىغان يېڭى بازارنى بىلەمسەن؟

-يېڭى بازارنى؟

-ھە، ھېلىقى بۇرۇنقى تەنتەربىيە مەيدانى.

شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر تەنتەربىيە مەيدانى بولىدىغان. ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەردە پۇتبول مۇسابىقىلىرى ياكى كاتتا چوڭ يىغىنلار ئۆتكۈزۈلەتتى. باشقا چاغلاردا بۇ يەر ئوت - چۆپ بېسىپ تاشلىنىپ ياتاتتى. ھازىر تەنتەربىيىچە-

لـەرنىمۇ پۇل تېپىشلار دېگەندىن بېرى بۇ يەرنى باشقـۇرـىدىغانلار پۇتبول مەيدانىنىڭ ئەتراپىنى تىكەنلىك سىملار بىلەن توسۇپ، دەرۋازا بېكىتىپ، ئۇنىـڭ ئىچىـگە بىر كويدىن بېلەت سېتىپ كىـرگۈزىدىغان بوپتۇ. ھەر يەكشەنبە كۈنى بۇ مـەيدانىنـىڭ ئىچىدە توخۇ سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش دېگەنلەر قىزىپ كېتىدىكەن. بۇمۇ تەنتەربىيىنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنارمىش...

-تەنتەربىيە مەيدانىنىغۇ بىلىمەن. ئۇ يەر بازار بـولغاندـىن بېـرى بېـرىپ باقماپتىكەنمەن، - دېدىم.

-جـۇرۇ، مەن سىنى باشلاپ باراي، - دېدى ئـىمىنجان، -ئاڭلىسام، چارخورىزنىڭ شۇ يەردە ھـەر يـەكشـەنبە كـۈنى نەچچە مىڭ كوي پۇل ئۇتتۇۋاتقۇدەك. مەنغۇ جەزمەن شۇ چارخوراز دەپ ئوخشاتتىم. ئۆزۈڭ بىر بېرىپ تونۇپ باقە.

ئىمىنجانغا ئەگىشىپ ماڭدىم. پۇتبول مەيدانىغا يېتـىپ كـەلسەك بۇ يەردە ئادەم دېگەن قايناپ كېتـىپتـۇ. بىر كويدىن بېلەت ئېلىپ ئىچىگە كىردۇق. بېرىپ قارىسام، چارخوراز خۇددى دېڭىز قـاراقچىـلىرـىدەك بـىر كـۆزىنى تېڭىۋاپتۇ. دوكـىرىكىدا قۇلىقىنى كوچىلاپ، ئىككى يېنىغا چـىرتىلـدىتىپ تۇكۇرۇپ، ئېگىز بىر بەلدىڭدە پـۇتىنى ئالماپ ئولتۇرىدۇ. ئەتراپىغا توخۇۋازلار ئولىشىۋاپتۇ. ئۇقسام، چارخورازنىڭ ئىگىلىرى ئۇنى ساپ بۇغداي چېچىپ بېرىپ، يىڭى گۆشنىڭ شورپىسى بىلەن باققۇدەك، مەخسۇس بىر - ئىككى ئادەم كاتەكلىرىنى سېرىپ - سۈپۈرۈپ ھالدىن خـەۋەر ئېلىـپ تـۇرىـدىكەن؛ ساماسا - مانتا دېگەنلىرنىڭ ئەكىلىپ بەرسەڭ، خۇددى ئەركە بـالىلاردەك تىتىپ، ئىچىدىكى قىيمىسىنى يەپ جىلتىسىنى بىر تەرەپكە سۈرۈپ قويىدىكەن... چارخوراز مېنى تونۇدىمۇ، تونۇمىدىمۇ بىلمىدىم، نەزەر سېلىپمۇ قويمىدى. خاتا تونۇپ قالماي يەنە دەپ ئـويـلاق - بـويىقىغا ئۆتۈپ قارىسام، چۈجە ۋاقتىدىن ئۆزۈم باققان، ئاۋۋال تۇخۇم تۇغۇپ، كېيىن مېكىيانلارغا قانات سۆرەيدىغان بولۇپ قالغان چارتوخۇنىڭ ئۆزى شۇ. ئىختىيارسىز:

-بۇ مېنىڭ خورىزىمغۇ! - دەپ ۋارقىرىۋېتتىم.

ئـەتراپتىكىلەر ھەيران بولۇپ ماڭا قاراشتى. ئارىدىن بىرى:

-جـۆيلۈۋاتامسىلەر قانداق؟ بۇ قانداق بولۇپ سىلىنىڭ خورىزىڭلار بولىدۇ؟ - دېدى.

-مېنىڭ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ بولمامدۇ، ئەمسە كىمنىڭ خورىزىكەن؟ - دېدىم.

-ھـوي سـابـىرجـان، بۇياققا كېلىڭ، ماۋۇ خـورىزىڭلارغا ئىگە چىقىپ قالدى! - دېدى بىر نەچچەيلەن خۇشامەتكويلۇق بىلەن.

نېرىراقتا توختىتىپ قويغان يېپيېڭى بىر قىزىل پىكاپنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ، بوينى بۇقىنىڭكىدەك يـوغىنىغان، قاۋۇل بىر ئاغىنە چىقىپ كەلدى. ئـۇ ئـىلگـىرى مـۇشـۇ تـەنتەربىيە مەيدانىنىڭ چېلىشچىسى ئىكەن، ھازىر بۇ مەيداننى كۆتۈرە ئېلىپ بېيىپ كېتىپتۇدەك. قىماردا ئۇتقان، چوتۇ ئـالغان پۇللاردىن باشقا ھەر يەكشەنبە مەيدانىنىڭ بېلىتىدىنلا مىڭلاپ سوم كىرىم قىلىدىكەن. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ شەھەردە بىرنەچچە يەردە قورۇ-جـاي، يوشۇرۇن - ئاشكارا تۆت - بەش خوتۇنى بارمىش...

-خوش نېمە گەپ؟ - دېدى سابىرجان يېنىمىزغا كېـلـىـپ، ئـۇنىڭ ئاۋازىمۇ رادىئو كارنىيىدىن چىققاندەك گۆرۈلدەپ چىقىدىكەن.

-ماۋۇ خورازنى مەن تونۇۋاتىمەن، - دېدىم.

-- تونۇساڭ تونۇغانسەن، - دېدى ئۇ، -بىر-ئىككى ئايدىن بېرى مۇشۇ بازارنى سوراپ، مىڭ سوملاپ ئاقچا تېپىۋاتقان چارخوراز شۇ. ھازىر بۇ خورازنى كىم تونۇمايدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



-بۇ خوراز ئەسلى مېنىڭتى.

-نېمە دەيسەن؟! - سابىرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، - بۇ سېنىڭ خورىزىڭ بولسا، مېنىڭ قولۇمغا قانداق ئۆتۈپ قالدى!؟

-سېنىڭ قولۇڭغا قانداق ئۆتۈپ قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىلمىسەڭ مەن نەدىن بىلەي. ئىشقىلىپ بىر كېچىدىلا بىرى ئۆيۈمدىن ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكەن...

-ھەي، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە - ھە! - سابىر كارنىيىمنى كاپپىدە سىقىپ ئالدىغا بىر تارتتۇۋىدى، يەردىن پۇتۇم كۆتۈرۈلۈپ ئېسىلىپ قالدىم، - سەندەك قوشالتاقتىن ئون - يىگىرمىنى سېتىۋالغۇچىلىكىم بار. ئەمدى ئېشىپ - تېشىپ سېنىڭ خورىزىڭنى ئوغرىلىغۇدەكمەنمۇ!؟

-يا، ئەمدى سىزنى ئوغرىلىدى، دېمىدىم، - دەپ بوشاپ كەتتىم مەن، -باشقا بىرى ئوغرىلاپ كېلىپ سىزگە ساتتىمىكىن، دەيمىنا.

خۇداغا شۈكرى، سابىر ياقامنى قويۇۋەتتى.

ئەتراپىمىزغا تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئولاشقىلى تۇردى. سابىر سۆزلىگۈچىدىن كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان تېلېفوندىن بىرنى شاققىدە ئالدى (ياللا، بۇ قىمارۋازلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان!)، ئۇنىڭ سىمىنى چىمدىپ چىقىرىپ، كىمدۇ بىرى بىلەن سۆزلەشكىلى تۇردى.

-ۋەي، ۋەي، ئېلاخۇنما؟... ماۋۇ چارخورازنى بۈگۈن بىرى كېلىپ مېنىڭ خورىزىم دەيدىغۇ؟... ھە، ھە، مۇنداق گەپمىدى... ھە، بولىدۇ. باشقا گەپ يوق، -سابىر تېلېفوننى سۆزلىگۈچىگە ئالدىرىماي تاقاپ، ماڭا قاراپ سورىدى.

-بۇ خورازنى ئادەملىرىمىز تۇرپاندىن كىچىك بالىنى كۆتەرگەندەك قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ ئەكەلگەن ئىكەن. سەن تۇرپانلىقمۇ يا؟

-يوقسۇ، مەن تۇرپان دېگەننى كۆرۈپمۇ باقمىغان.

-ئەمىسە، سېنىڭ توخۇرۇڭ تۇرپانغا قانداق بېرىپ قالدى؟

-ئوغرىلىغان ئوغرى تۇرپانغا ئاپىرىپ ساتقان بولسا، سىلەر يەنە ئۇقۇشماي بۇ يەرگە ياندۇرۇپ كەلگەنسىلەر.

-ئاپلاھۇ ئەكبەر! - دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى سابىر. ئۇنىڭ بۇرتۇپ چىققان مۇسكۇللىرىغا ئەيمىنىپ قاراپ قويدۇم. ئىچىمدە نەچچە يىلنىڭياقى تەنتەربىيىنىڭ بىكار نېنىنى يەپ، ئەقلى تەرەققىي قىلماي مۇسكۇللىرىلا تەرەققىي قىلغان نېمىكەندە بۇ! دەپ ئويلاپ قالدىم. ئەتراپىمدىكىلەرگە ياردەم سورىغاندەك يىلىنىپ قاراپ:

-مانا ماۋۇ بىر تام قوشنام بولىدۇ، ئىشەنمىسەڭلا سوراپ بېقىڭلار!- دېدىم.

ئىمىنجان:

-راست، ئەسلى بۇ خوراز مۇشۇ ئاغىنىمىڭ ئىدى، - دەپ بىر - ئىككى ئېغىز گۇۋاھلىق گەپ قىلدى. سابىر سۆزلىگۈچىدىن يەنە ھېلىقى تېلېفوننى ئېلىپ سۆزلەشكىلى تۇردى:

-ۋەي، ۋەي. بازار باشقۇرۇشما؟ ... سەن ئەكبەرجانمۇ؟ مەن سابىرجان... ئاۋۇ باشلىقىڭغا ئېيتە، مەيەرگە بىر كېلىپ كەتسۇن... بىزنىڭ ھېلىقى چارخورازنى بىرى مېنىڭ خورىزىم، دەپ ئۇششۇقلۇق قىلىۋاتىدۇ... ھە، ھە. مۇشۇ تاپتا ئاچچىقىمدا بوغۇپ قويىدىغاندەكلا قىلىپ تۇرىمەن... ھە، چاققانراق...

ياللا، ھازىر بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى لاۋبەنلەرنى باشقۇرماي، لاۋبەنلەرنىڭ بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرىنى باشقۇرىدىغان بولۇپ كەتكىنىنى نەدىن بىلەي. بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا بازار باشقۇرۇشنىڭ بىرنەچچە ئادىمى دۈكۈرلىشىپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار سابىر بىلەن ئىللىق

سالاملىشىپ، ئاندىن مەندىن قوپاللىق بىلەن سورىدى:

-نېمە بۇ بازارنى قالايمىقان قىلىپ يۈرىسىلە؟

-بازارنى قالايمىقان قىلمىدىم، - دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم، - ماۋۇ خوراز ئەسلى مېنىڭكى. قوشنا - قولۇملارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئىككى ئايچە بولدىمىكىن، ھويلامدىن بىرى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكەن. بۈگۈن كەلسەم بۇ يەردە تۇرۇپتۇ. تونۇۋالدىم. . . بۇنى مەن جۈجە ۋاقتىدىن باققان. باشتا تازىمۇ ئوبدان تۇغۇمچان مېكىيانتى، كېيىن مۇشۇنداق خورازغا ئايلىنىپ قالغان. . .

گېپىمنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى:

-ھوي سەن ساراڭمۇ - ئوڭمۇ؟ كىمىڭنى ئەخمەق قىلىسەن؟ چىقە بازاردىن! - دەپ دولامدىن ئىتتىرىپ مەيداندىن چىقىرىۋەتتى. بۇنى ئاز دەپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىققاندا ئىمىنجان ماڭا تېخىمۇ چېچىلىپ كەتتى.

-جىڭ ئەخمەق ئاغىنىكەنسەندە! - دېدى ئۇ، - ئاۋۋال تۇخۇم تۇغاتتى، كېيىن خوراز بولۇپ قالغان، دېگەن شۇمۇ گەپمۇ؟ خەقنىڭ ئالدىدا مېنىمۇ رەسۋا قىلدىڭ!

-بۇ راست ئىش تۇرسا. ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى ئالدىدا يالغان سۆزلىگەن بىلەن بولمايدۇ-دە!

-راست بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ گېپىڭگە بۇ يەردە كىم ئىشىنىدۇ؟

-ئەمىسە سېنىڭ ئاق خورىزىڭنىڭ ئامېرىكىدا تۇغۇلغانلىقىغا كىم ئىشىنىدۇ؟

-ئۇ دېگەن قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ قىلىپ قويغان گەپ. ماۋۇ دېگەن چاقچاق قىلىدىغان سورۇنما؟! . . .

ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە گەپ قىلماي خېلى يەرگىچە ماڭدۇق.

-نوۋا! -دېدىمەن ئاخىرى، - بۇ چارخوراز ھېلىقى سابىر دېگەننىڭ قولىغا قانداق چۈشۈپ قالغاندۇ؟ زادى ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ.

-ھەي، بەك ساددا ئاغىنە جۇمۇسەن، - دېدى ئىمىنجان، - بۇ قىمارۋازلار ھازىر بەك تەرەققىي قىلىپ كەتتى. پالانى يەردە بىرىنىڭ نوچى خورىزى باركەن، دەپ ئاڭلاپ قالسا، تازا پۇت - قولى چاققان ئوغرىلارغا پۇل بېرىپ بولسىمۇ ئوغرىلىتىپ كېلىدۇ. مەن دېدىمغۇ، ھېلىقى يۈز كوي زاكالەت بېرىپ ئۆيۈڭنى كۆرۈۋېلىپ كەتكەن زاكىردا چوقۇم بىر گەپ بار.

شۇندىن باشلاپ، يەكشەنبە كەلسىلا مەنمۇ تەنتەربىيە مەيدانىدىكى يېڭى بازاردىن قالمايدىغان بولدۇم. بەزىدە چارخورازنىڭ شۇ يەردە سوقۇشۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالىمەن، بەزىدە توخۇۋازلارنىڭ سابىرجان چارخورازنى پالانى يەرگە ئاپىرىپ سېلىپ مانچە مىڭ تەڭگە ئۇتۇپتۇدەك، دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلايمەن. قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلغان توخۇغا ئىگە بولالمىغىنىمنى ئويلىسام، ئىچىم لازا سۈركىگەندەك ۋاژىلداپ ئېچىشىدۇ. بەزىدە سابىر دېگەن مۇتىھەمنىڭ قىزىل پىكاپتا ھېلىقى سۆڭگەچ تېلېفونىنى قولىقىغا تۇتۇپ (ئۇ ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمىسىمۇ ئەتەي شۇنداق ئولتۇرىدىغۇ، دەيمەن)، غادىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرسەم: خەپ، سېنى گىدەيتكەن مېنىڭ شۇ چارخورىزىمغۇ، خۇدا جاجاڭنى بېرەر! دەيمەن.

بىر قېتىم چارخورازنى ناھايىتى بىچارە ئەھۋالدا كۆرۈپ قالدىم. قارىسام چارخورازنى سوقۇشتۇرۇۋېرىپ ھېچ ھالىنى قويماپتۇ. بايقۇشنىڭ ئالدىغا چېچىپ قويغان داننى قارىغۇچىلىكمۇ مادارى يوق، باش - كۆزى يارا، گەجگىلىرىنىڭ پەيلىرى يۇلۇنۇپ نوگاينىڭ

www.uyghurkitap.com

سىــپىدەك قىپقىزىل ئېچىلىپ قاپتۇ. شۇ يەردە تۇرغان بىرىنەچچە توخۇۋاز:

-ياﺋاللا، بۇ خوراز ئىككى - ئۈچ ئايدىن بېرى توختىماي سوقۇشۇۋاتىدۇ جۇمۇ! سابىراخۇن پۇلنى دەپ تـوخۇنى ئۆلتۈرۈپ قويامدۇ نېمە؟!... - دېيىشىۋاتىدۇ. يەنە بىرى:

-شـۇنى دەڭلا! - دەپ ھەدەپ چارخورازنىڭ يارىلىرىغا ماي سۈركەۋاتىدۇ.

خورازغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۆزۈڭگىمۇ ئاز، خوراز بولىمەن دەپ يوغانچىلىق قىلغۇچە، ئىسسىق كاتەكتە يېتىپ تۇخۇمۇڭنى تۇغۇۋەرگەن بولساڭ ساڭا بۇ كۈن يوق! دېدىم ئىچىمدە. شۇ كۈندىن باشلاپ تەنتەربىيە مەيدانىغا بېرىشقىمۇ كۆڭلۈم تارتمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئـارىـدىــن ئـانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمىدىغۇ، دەيمەن. ئىمىنجان ھويلىغا يەنە ئالدىراش كىرىپ كەلدى.

-تـوخـۇ بـازىـرىـدىـكـى قـىـزىقچىلىقلارنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ - دېدى ئۇ.

-نېمە قىزىقچىلىقكەن؟ - دېدىم.

-ھېـلىقى خورىزىڭ راستلا مېكىيان چىقىپ قاپتۇ.

-نېمـە دېـدىـڭ؟ -دەپ ھەيران بولدۇم، - چـارخـورازنـى ئەسلى مېكىيانتى دېسەم ئەجەب ئىشەنمىگەنتىڭغۇ!

-خۇدايا توۋا، راست دەپتىكەنسەن.

-ھــە، قـانداق قىـلىپ يەنە مېكىيان بولۇپ قاپتۇ؟

-ئـۆتكەن يەكشەنبە چارخورازنى بىر خورازغا سېپتىكەن. چارخوراز مېكىياندەك پوكىنىنى يەرگە يېـقىـپ موككىدە يېتىۋېلىپ زادىلا سوقۇشقىلى ئۇنـىـماپتۇ. سابىر بايۋەچچە ئۇنى ئاچچىقىدا شۇ يـەردىلا بوغۇزلىۋېتىپتۇ. ئۆيىگە ئاپىرىپ ئىچ - قارنىنى يارسا، خورازنىڭ ئىچىدىن ساپساق بىر تۇخۇم چىقىپتۇدەك.

-خودايا توۋا! - دېدىم.

-مـەن سـاڭـا ھېلىقى زاكالەت پۇل بەرگەن زاكىرنى ئاشۇ ئوغرىلارنىڭ شېرىكى، دېسەم زادى ئىشەنمەيسەن.

-قانداق، چارخورازنى شۇ ئوغرىلاپتىمىكەن؟

-ئىشقىلىپ، خورازنىڭ ئىچ - قارنىنى يارغان يـەردە شـۇمۇ باريكەن. سابىر بايۋەچچە ھېلىقى تـۇخـۇمنـى يـەرگە ئاتماقچى بوپتىكەن، زاكىر غېرىب:

-بـايۋەچچـە توختاڭلار، خوراز تۇغسا گۆھەر تۇغىدۇ، دېگەن گەپ بار جۇمۇ!- دەپتۇ.

شـۇنىڭ بىلەن، ئىككىسى ھېلىقى تۇخۇمنى قولدىن - قولغا ئېلىپ، ئۇياق - بۇيىقىغا ئۆرۈپ تـازا قاراپ كېتىپتۇدەك، قارىسا، ئادەتتىكىدەك ئـاپئاقلا تۇخۇم. «گۆھەر ئىچىدە ئوخشىمامدۇ» دەپ چېـقـىـپتىـكـەن. نەدىكى گۆھەر دەيسەن، تـۇخـۇمنىـڭ سۈيى سىركايىغا شالاققىدە ئېقىپ چۈشۈپتۇ. بىر تال چوكا بىلەن ئىلەشتۈرۈپ باققان ئىكەن، ئېقى بىلەن سېرىقى ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. سـابىـر بـايۋەچچـە: ئـۇششاقراق گۆھەر بولسا چىشىمنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سۈزۈۋالاي، دېدىمۇ، ئـاچ كۆزلۈك بىلەن سىركايىنى غاچچىدە قولىغا ئېلـىـپ، تـۇخـۇمنـىـڭ ھـەممىسىنى گۈپپىدە ئىچىۋېتىپتۇ. شۇندىن بېرى ئۇ بىر قىسما بولۇپ قاپتۇدەك.

-نېمە بوپتۇ؟

-كۆزۈم بىلەنغۇ كۆرمىدىم، ئاڭلىسام، ئاۋازى ئىـنچىـكـلـەپ، مـەيدىسى يوغىناپ، ساقال-بـۇرۇتلىرى كۈيە چۈشكەندەك تۆكۈلۈپ، يا ئەر ئـەمـەس، يـا ئايال ئەمەس بىر نېمىگە ئوخشاپ قـاپتـۇدەك. ھـازىر ئىسمىنى سابىرە قويۇپتۇ. «لايىـقىدا ئەر بولسا تېگىۋالسام بولاتتى» دەپ، قىـزىـل پىكاپىغا ئولتۇرۇپ شەھەرنى توختىماي

(ئاخىرى 120 - بەتتە)



تۇرغان شاۋۇدۇن

# تۇغماس

(پوۋېست)

## بىرىنچى قىسىم

### تىلەمچى

ئىشىكنىڭ يەڭگىل تاقىلدىشى مەستۇرەنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ ئاپئاق بىلەكلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يوتقاندىن چىقىرىپ، كۆزلىرىنى سائەتكە تىكتى. سائەت سترېلكىسى سەككىزگە جۈپلەشكەنىدى. بۈگۈن مەستۇرەنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ئىدى.

مەستۇرە 25 ياشلار چامىسىدىكى تېخى بالا يۈزى كۆرمىگەن چوكان ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى تېخى يېقىندىلا بىلىم ئاشۇرۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئىچكى ئۆلكىگە كەتكەنىدى. شۇڭا ئىشىكنى مەستۇرەنىڭ ئۆزىلا ئېچىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئىشىك يەنە تاقىلدىدى.

- مانا ھازىر، بىر مىنۇت تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ.

مەستۇرە ئالمان-تالمان كىيىنىپ، ئىشىكنى ئاچتى-دە، بىر قولىدا بوۋاق، بىر قولىدا پارچە نان سېلىنغان خالتا كۆتۈرۈۋالغان 35 ياشلار چامىسىدىكى بىر تىلەمچى ئايالنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

- ھە، سىز ئىكەنسىز-دە؟ - دېدى مەستۇرە ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي.

- تۇۋا گۇناھنى يەر، سەدىقە بالانى. . . ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەرنىڭ شاراپىتى، بالا-چاقىلارنىڭ بەختى پېشانىسى، ئالتۇن بويلىرىنىڭ سەدىقىسى. . .

چىرايىدىن مۇڭ-ھەسرەت، ئاۋازىدىن نالە-پەرياد يېغىپ تۇرغان تىلەمچىنىڭ ئۆزۈلمەس مۇناجىتى مەستۇرەنىڭ دىلىنى ئەزدى. ئۇ تىلەمچىنىڭ سولغۇن چىرايىغا، ئۈستىبېشىنى ئارانلا ئوراپ تۇرغان جۇل-جۇل كىيىملىرىگە ئېچىنىش بىلەن كۆز تاشلاۋېتىپ، ئۇنىڭ ئېتىكىگە يېپىشقانچە، ئانىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەينىگە سەل-پەل يوشۇرۇنۇپ، قورقۇمسىراپ قاراپ تۇرغان تۆت - بەش ياشلىق ئوغۇلنى كۆردى-دە، تېخىمۇ بىر قىسما بولۇپ كەتتى.

«تووۋا، - دەيتتى ئۇ ئىچىدە، - باينى مال باسىدۇ، كەمبەغەلنى بالا، دېگىنى مۇشۇ ئىكەن-دە! بىر ئۆيدە بالا زارلىقى، يەنە بىر ئۆيدە بالا خارلىقى. . . ئاھ خۇدا!»

بالىغا بولغان تەشنالىقى مەستۇرەنىڭ يۈرىكىنى قوقاستەك ئۆرتىدى. گەرچە ئۇ تۇرمۇشتا ئالدىدىكى ئايالغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بالىسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ئۇنىڭدىن بەتتەر بەختسىز ھېس قىلدى.

- قېنى ئۆيگە كىرىڭ، - دېدى ئۇ تىلەمچىنىڭ «بەختى»گە بولغان ھەۋىسىنى يوشۇرالماي، - بىر پىيالە چاي ئىچىڭ.

-رەھمەت، - دېدى تىلەمچى ئەيمىنىپ، - پادىشاھنىڭ ھەرىمىدەك ئېسىل ئۆيلىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلغۇچىلىقىمىز يوق. ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىلە بالا-چاقىلىرىنىڭ كونا كىيىملىرىنى بۇ بالىلارغا سەدىقە قىلغان بولسىلا، تولىمۇ ساۋاپلىق ئىش بولاتتى.

-كەچۈرۈڭ، - دېدى مەستۇرە خورسىنىپ، - مېنىڭ بالا - چاقام يوق. مۇۋاپىق كۆرسىڭىز سىزگە لايىق كەلگۈدەك كىيىملىرىم بار، قېنى ئاۋۋال ئۆيگە كىرىڭ.

تىلەمچى ئايال نەچچە يېرىدىن يامالغان توپلىيى بىلەن خالتىسىنى ئىشىك تۈۋىدە قالدۇرۇپ، كارىدورغا سېلىنغان پالازنى يالىڭئاياغ دەسسەپ، گىلەملەر بىلەن چوغدەك ياسالغان مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ توختاپ قالدى.

- قېنى، كىرىۋېرىڭ، - دېدى مەستۇرە ئۇنى زورلاپ، - سافاغا بېرىپ ئازادە ئولتۇرۇڭ، مەن ھازىرلا چاي ئېلىپ كىرىمەن.

تىلەمچى ئايال ياسداق ئۆيگە بەكمۇ قورۇنۇپ كىردى. ئۇنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ قورۇندى بولغاي، ئۇنىڭ ئېتەكلىرىگە تېخىمۇ چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ مېڭىشىنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويدى.

- نېمانچە يېپىشىۋالىسەن؟ - دېدى مەستۇرەنىڭ ئاشخانىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن تىلەمچى ئايال بالىسىنى نوقۇپ، - قويۇۋەت ئېتىكىمنى.

ئانىنىڭ سىلكىشلىشى بالىنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى بولغاي، بالا ئانىغا قاراپ بىر دومسايدى-دە، ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

- نېمە قىلدىڭىز بۇنى، - دېدى مەستۇرە ئاشخانىدىن چىقىپ، - بالىنىڭ دىلىغا بۇنداقمۇ ئازار بەرگەن بارمۇ؟! يىغلىما قوزام، مەن ھازىر ساڭا شاكىلات بېرىمەن، ئاللا، قوللىرىڭ كۆمۈرچىنىڭ قوللىرىدەك بولۇپ كېتىپتىغۇ، بۇنداق قول بىلەن شاكىلات يېسەڭ ئاغرىپ قالىسەن، يۈر، ئاۋۋال قولۇڭنى يۇيۇپ قوياي.

بالا قارشىلىق قىلمىدى؛ مەستۇرەنىڭ يېتەكلىشى بىلەن سىرتقا ماڭدى. بۇنى كۆرگەن تىلەمچى ئايال ئۆزىگە ۋە ئوغلىغا خەيرىخاھلىق قىلىۋاتقان بۇ ئايالغا ھەيران قالدى.

- مانا ئەمدى شاكىلاتنى خالىغىنىڭچە يە.

مەستۇرە يۈز-قولى پاكىز يۇيۇلغان ئوغۇلنى يېتىلەپ كىرىپ سافاغا ئولتۇرغۇزدى. ئالدىغا بىر تەخسە

شاكىلات قويدى. ئۇنى كۆرگەن بىر ياشلىق بوۋاقمۇ ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەپ گۇڭگىراپ، تەخسىگە قول سوزدى.

- مانا خېنىم، - دېدى مەستۇرە بوۋاقنى ئەركىلەتكەچ، ئۇنىڭغا بىر تال شاكىلات سۇنۇپ، - سىلىنىڭ قوللىرىنىمۇ يۇيۇپ قويايمۇ - قانداق؟

بوۋاق يېڭىدىن چىققان ئىككى تال چىشىنى كۆرسىتىپ، شوخلۇق بىلەن كۈلدى-دە، شاكىلاتنى سىقىمدىغىنىچە ئاغزىغا ئېلىپ باردى.

مەستۇرە ئۇنىڭ قىلىقىغا زوقلىنىپ، ئۇنى-بۇنى دەپ ئەركىلەتكەچ داستىخان راسلاپ چاي كەلتۈردى.

-بەكلا ئاۋارە بولۇپ كەتتىلە، - دېدى تىلەمچى ئايال تىزىلىۋاتقان ھەر خىل يېچىنە-تورتلارغا قاراپ، - بىز ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنىڭ ھاجىتى يوق، بىر پارچە نان بىلەن بىر چىنە قايناق سۇ بولسىلا كۇپايە.

- نېمىشقىدۇر سىزنى مېھمان قىلغۇم كېلىپ قالدى، - دېدى مەستۇرە راست گېپىنى ئېيتىپ، - بۇ مانا مۇشۇ ئىككى بالىڭىزنىڭ ھۆرمىتى، چۈنكى مەن پەرزەنت كۆرمىگەن. پەرزەنتلىك ئاياللارغا بەكمۇ ھەۋەسىم كېلىدۇ. سىز نېمىدېگەن بەختلىك، بىر قىز، بىر ئوغلىڭىز بار ئىكەن.

- سىزگە شۇنداق تۇيۇلسا كېرەك، - دېدى تىلەمچى ئايال ئېغىر تىنىپ، - چۈنكى سىلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى. تاپقان-تەرگىنىڭلار بىر ئەمەس، ئۇن بالىغىمۇ يېتىدۇ. بىز بولساق، ئاچ قالماسلىقنىڭ ھەلەكچىلىكىدىلا بولۇپ، بالىلىرىمىزنىڭ كىر، قارا قوللىرىنى يۇيۇپ قويۇشنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەيمىز. سىلى بۈگۈن بۇ بالامنىڭ يۈز-قولىنى يۇيۇپ قويۇۋېدىلا، ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئالدىدا بۇنداقمۇ مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى تەسلىكتە ئەسكە ئېلىپ، جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە شۇنچىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمدىن قاتتىق ئازابلاندىم. لېكىن سىلى بەكمۇ ئېسىل ئايال ئىكەنلا، بىزدىن قىلچە سەسكەنمىدىلە، ئەكسىچە. . .

تىلەمچىنىڭ ئاۋازى ئېچىنىشلىق تىترەپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى. مەستۇرە يوقسۇزلۇقنىڭ ئاچچىق ھەسرىتى سىڭگەن بۇ ياشلاردىن چەكسىز ئەلەم، نادامەتنىڭ بۇلدۇقلاپ تېشىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ، ئۆزىنىڭ پەرزەنتكە بولغان ئىنتىزارلىقىنىلا ئويلاپ، بۇ بىچارە ئايالنىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ قويغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى. دېمىسىمۇ، دۆلەت كادىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئايال بىلەن تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان بىر ئايالنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن.

مەستۇرە بىر تەخسە شاكىلاتنى يەپ بولۇپ داستىخاندىكى نەرسىلەرگىمۇ تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئوغۇلغا خىتاب قىلدى:

- قېنى ئوغلۇم، ئاۋۇ تورتتىنمۇ ئال.

ئوغۇل مەستۇرەنىڭ سۆزىنى دەرھال ئىجرا قىلدى.

- قېنىي، سىزمۇ ئېلىڭ، - دېدى مەستۇرە ئوغلىغا تىكىلىپ قالغان تىلەمچى ئايالغا قاراپ، - تارتىنماڭ.

تىلەمچى ئايال قىزىغا بىر پارچە تورتنى يېگۈزۈپ قويغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ ئېغىزلىنىشقا باشلىدى. ئۆيىنى جىمجىتلىق باستى.

www.uyghurkitap.com



مەستۇرە ئۇلارنىڭ يەپ-ئىچىشلىرىگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تىلەمچى ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئەھۋالىغا قىزىقىپ قالدى.

– ئېرىڭىزمۇ مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنامدۇ؟ – دېدى ئۇ ئاخىرى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

– شۇنداق، – دېدى تىلەمچى ئايال قىزىق چاينى ئىشتىھا بىلەن ئوتلاپ، – لېكىن ئۇ «كىيگىلى ئىشتان يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى» دېگەندەك، بەزىدە ئىچىپمۇ قويىدۇ.

– ئۇنداقتا، پۇلنى نەدىن تاپىدۇ؟

– نەدىن تاپاتتى، مەن يىغىپ بارغان پارچە-پۇرات نانلارنى قوي، كالا بوردايدىغانلارغا ساتىدۇ.

– ئۇنداق ئاۋارە بولغۇچە، بىرەر ئىش-ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتسا بولمامدۇ، كېسەلمۇ يا؟

– ياقەي، ئىشلەپمۇ باققان، لېكىن نوپۇسى بولمىغاندىكىن ھېچ يەردە ئۇزاق ئىشلىيەلمىدى. ئاخىرى مۇشۇ ئىشقا كىرىشىپ قالدى.

– سىزنىڭمۇ نوپۇسىڭىز يوقمۇ؟

– ماڭا نوپۇسنىڭ نېمە ھاجىتى. مەن ئەسلىدە بار بولغان نوپۇسىمنىمۇ تاشلاپ قېچىپ كەلگەن شور پېشانە.

– مۇشۇ ئېرىڭىز بىلەنمۇ؟ – سورىدى مەستۇرە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭقىرالماي.

– ماڭا ئەر بولغانلارنى ساناپ كەلسەم خېلىلا بار، – دېدى تىلەمچى ئايال ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك ئاچچىق كۈلۈپ، – لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئەمەس.

– ھە؟

مەستۇرەنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ، كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. ئۇ كۆپ ئەرگە تەگكەن ئاياللارنى ياقتۇرمايتتى.

تىلەمچى ئايال مەستۇرەنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى دەرھال سەزدى. گەرچە ئۇ تىلەمچى بولسىمۇ، ھەر ھالدا سەگەك ئىدى.

– مەن ئەسلى يېزىلىق ئىدىم، – دېدى ئۇ مەستۇرەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىپ، – ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇدۇم. ئاتا-ئانامنىڭ زورى بىلەن 17 يېشىمدا يېزىمىزدىكى بىرىگە تەگدىم. بىراق ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان يەتتە يىللىق ھاياتىم بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. چۈنكى مەن تۇغماس چىقىپ قالدىم.

– تۇغماس؟ بۇ بالىلارچۇ ياكى كېيىن داۋالاندىڭىزمۇ؟ – تۇغماسلىق دەردىنى ھارغىچە تارتىپ كېلىۋاتقان مەستۇرە تىلەمچى ئايالنىڭ سەرگۈزەشتىسىگە قاتتىق قىزىقتى.

– مەن ئۇ چاغدا داۋالىنىش دېگەننى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم، – دېدى تىلەمچى ئايال ئېغىر خورسىنىپ، – ئەكسىچە بۇنى پېشانەمگە پۈتۈلگەن بەختسىزلىكنىڭ بەلگىسى دەپ تونۇيتتىم. بىراق مەن توي قىلىپ 5-يىلى ئاتا-ئانام كەينى-كەينىدىن ۋاپات بولۇپ كەتتى. 7-يىلى ئېرىممۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا ئىشلىگەن چاغدا ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ قازا قىلدى. قېيىن ئانام بىلەن قېيىن ئاتام بۇنى مېنىڭ شور پېشانىلىقىمدىن كۆرۈپ، مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. مەن تالادا قالدىم. نائىلاج بوپامنى كۆتۈرگىنىمچە ناھىيە بازىرىغا باردىم. چۈنكى ئۇ يەردە ئۆي خىزمەتچىسىگە ئېھتىياجلىق ئائىلىلەر كۆپ دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. لېكىن تونۇش-بىلىشلەر بولمىغان ئەھۋالدا بۇنداق خىزمەتنى تېپىشمۇ تەس ئىكەن. ئامالسىزلىقتىن

بىر قانچە ئاشخانىغا كىرىپ، ياردەملىشىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. لېكىن ھەممىسىلا ئادەملىرىنىڭ تولۇقلۇقىنى ئېيتىپ، ئۆتۈنۈشۈمنى رەت قىلدى. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، كوچىنىڭ بىر تەرىپىگە توختىتىپ قويۇلغان بىر يۈك ماشىنىسىغا يۆلىنىپ تۇرسام، شوپۇر ئۇستام كېلىپ قالدى. ئۇ 45 ياشلار چامىسىدىكى پاكار، دوغىلاق كىشى ئىكەن. ئۇ مېنىڭ بوپا قولتۇقلاپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ، باشتىن - ئايىغىمغىچە قاراپ چىقتى-دە، كۆزۈمگە تىكىلدى. لاپ ئېيتمايمەن، ئۇ چاغلاردا مېنىڭ بەدەنلىرىم چىڭ، بىر كۆرگەن يىگىتنىڭ كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتكۈدەك كېلىشكەن قەددى-قامىتىم بار ئىدى. ھەر قانداق ئەرنىڭ ياخشى مەھبۇبى بولۇشىمغا ئىشىنەتتىم. شوپۇر ئۇستامنىڭ قارىشىدىنمۇ شۇنداق مەنىنى سەزدىم-دە، ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدىم. . .

تىلەمچى ئايالنىڭ ھېكايىسىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان مەستۇرە ئۇنىڭ ئۆزىنى سۆپەتلەۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ھۆسن-جىرايىغا قىزىقىپ زەن سېلىشقا باشلىدى.

ئۇ ھەقىقەتەن كېلىشكەن ئايال ئىدى، قاشلىرى قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ئېگىلىپ تۇراتتى، گەرچە كۆزلىرىدىن مۇڭ-ھەسرەت يېغىپ تۇرسىمۇ، بۇ كۆزلەر تەلمۈرۈپ تۇرغان كېيىكنىڭ كۆزىدەك چوڭ ھەم قارا، تىپتىنىق ئىدى. ئاغزى ئويماقتەك كىچىك، بويىنى ئاق قۇنىڭ بويىنىدەك ئۇزۇن ھەم ئاق ئىدى. شۇنداق بىر ئايالنىڭ تۇغماسلىق سەۋەبى بىلەن خانىۋەيران بولغانلىقى مەستۇرەنىڭ دىلىنى ئەزدى. بۇنىڭغا ئۆزىنىڭمۇ تۇغماسلىقتىن تارتىۋاتقان ئىچكى ئازابلىرى قوشۇلۇپ، گويا ئۇنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۆز تەقدىرى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئورتاقلىق باردەك ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى. چوكاننىڭ شوپۇر بىلەن ئۇچرىشىشىنى بەختسىزلىكىنىڭ باشلىنىشى دەپ بىلىپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭ شوپۇردىن يىراق تۇرۇشىنى تىلىدى.

- شۇنداق قىلىپ، - دېدى مەستۇرە كۆز چاناقلىرىدا ئەگىپ قالغان ياشلىرىنى بىلىندۈرمەي سۈرتۈپ، - شوپۇردىن ھەزەر ئەيلەپ قالدىڭىز دەڭ.

- لېكىن، - دېدى تىلەمچى ئايال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، - مېنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىم شۇنىڭغا باغلىنىپ قالغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، يىراقلارغا كەتسەم، ئەڭ بولمىغاندا يەتتە يىللىق ھاياتىمنى خورلۇقتا گىرىپتار قىلغان بۇ ماكاندىن خوشلاشقان بولاتتىم. شۇڭا ئۇنىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاراپ پىسسىڭگىدە كۈلدۈم.

- خانىم، - دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىتىپ، ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، - بىر ياققا بارامسىز نېمە؟

مەن كۆزلىرىمنى يەرگە تىككەنچە باشپاناھىمنىڭ يوقلۇقىنى، قىلىشقا ئوقەتمۇ تاپالمايۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم.

شوپۇر ماڭا ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە سەل-پەل ئويلىنىۋالدى-دە:

- ئۈرۈمچىگە بارامسىز يا؟ مەن سىزنى بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي، - دېدى.

مەن خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدىم.

- ئۆزلىرىلا ئىگە بولسىلا، - دېدىم مەن تارتىنىشنى تامامەن ئۇنتۇپ، - نەگە باشلىسىلا كېتىۋېرىمەن.

- ئۇنداق بولسا، - دېدى شوپۇر، - ھازىرلا ماڭىمىز، قورسىقىڭىز قانداق؟

مەن ئەتىگەندىن بۇيان ناشتىمۇ قىلمىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ مېنى ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ، بىر قاچا سومەن ئېلىپ بەردى. تاماقتىن كېيىن يولغا چىقتۇق.

ماشىنا كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن باش-ئايىغى يوق چەكسىز بىر سايغا كىرىپ كەلدى. بۇ يەردە ھاياتلىقنىڭ ئىزناسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى.

قاراڭغۇ چۈشتى. شوپۇر چىراغ ياندۇرۇپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ماشىنىنى يولنىڭ چېتىگە توختىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ياپقۇچنى يۇقىرى كۆتۈردى. شۇئان كابىنكىنىڭ دېرىزىلىرى ئېتىلىپ، قاراڭغۇچىلىق ئىچىدە قالدىم. مەن يۇرتتىكى چاغدا شوپۇرلارنىڭ مۇشۇنداق ياپقۇچنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ماشىنىسىنى ياساۋاتقانلىقىنى تالاي قېتىم كۆرگەن ئىدىم. شۇڭا ماشىنا بۇزۇلدىمۇ، نېمە دېگەن ئەندىشە بىلەن شوپۇردىن:

-ئۇستام، مەنمۇ چۈشەيمۇ؟ - دەپ سورىدىم.

- ياق، ئاپئاق قىز، - دېدى شوپۇر كابىنكىنىڭ مەن تەرەپتىكى ئىشىكىنى ئېچىپ، -- كۆپ ماڭدۇق، ئەمدى بىر ئاز دەم ئالىمىز.

شوپۇرنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇ بىر غەيرىي نۇرلار چاقناپ، نەپسىنىڭ ئۆتتىكلەۋاتقانلىقىنى سەزدىم-دە، يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. لېكىن ئىنىس - جىنمۇ بولمىغان بۇ چۆلدە ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قانداقمۇ ھىمايە قىلالايتتىم؟! ئۇ مېنى ئىچكىرى سۈرۈپ، يېنىمغا چىقتى-دە، مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ، باغرىغا باسقانچە ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈپ كەتتى.

بىز شۇ يەردە قونۇپ قالدۇق.

بۇ ئىش يۈز بېرىپ 7-كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. بەلكىم سىز: «ئۈچ كۈنلۈك يولنى شۇنچە ئۇزاقتا باستىڭلارمۇ، يولدا ماشىنا بۇزۇلۇپ قالدىمۇ يا» دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇ شوپۇرنىڭ ھېلىقىدەك يول ئۈستىدە بولىدىغان «دەم ئېلىش» قا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ ۋەجىدىنلا بولدى.

شوپۇر مېنى توپتوغرا ئۆزىنىڭ ئۆيىگىلا ئېلىپ كەلدى. يول ئۈستىدە ئۇ بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ماڭا ئەسكەرتىپ قويمىغىنى ئۈچۈن بىر ئاز تەمتىرەپ قالدىم. بۇ مېنىڭ «ياراپ» قالغانلىقىمدىن قىلىنىۋاتقان قاراملىقمۇ ياكى ئۇ خوتۇنىدىن ئانچە ئېھتىيات قىلىپ كەتمەمدۇ، ئىشقىلىپ، بۇ ئىش بېشىمنى خېلىلا قاتۇرۇپ قويدى.

شوپۇرنىڭ خوتۇنى چاچلىرى ئانچە-مۇنچە ئاق ئارىلىغان، 40 ياشلار چامىسىدىكى قاتاڭغۇر ئايال ئىكەن. ئۇنىڭ داغ ۋە سەپكۈن ئارىلاش قارىيىپ تۇرغان سوزۇق چىرايىدىن قانداقتۇر بىر «كېسەل كۆرپىسى» ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شوپۇرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئاپتوبۇستا بېلەت ساتىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئاندىن مەن تونۇشتۇرۇلدۇم. «كېسەل كۆرپىسى» خوتۇن بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىمنى ئۇققاندىن كېيىن سەل-پەل ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە:

-قېنى، مۇۋاپىق ئىش تېپىلغىچە ئاش-تاماق ئەتكەچ بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرمامسىز، - دېدى، لېكىن قاپىقى تۈرۈلمىدى، ئۇشۇقچە ئېچىلىپمۇ كەتمىدى.

شۇنداق قىلىپ، شوپۇرنىڭ ئۆيىدىكى ھاياتىم باشلاندى.

تىلەمچى ئايال گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئېغىر خورسىنىپ، پىيالىدىكى مۇزلاپ قالغان چاي بىلەن ئېغىزىنى نەملىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان مەستۇرە شۇندىلا ئۇنىڭغا چاي قويۇشنى

ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ چېنىسىگە چاي قويدى.
- شوپۇر ماكا دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئىسكىلات قىلىنغان ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ بەردى، - دېدى تىلەمچى ئايال، - مەن بۇ يەردە گەرچە خېلىلا كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىپ قالغاندەك ھېس قىلساممۇ، شوپۇرنىڭ يېرىم كېچىدە قويلىرىغا يەم بەرگەن بولۇپ، مېنى «يوقلاپ» چىقىپ كېتىشلىرىدىن بەكمۇ بىزار بولدۇم. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتىم. ئاخىرى بۇمۇ ئاشكارىلىنىپ قالدى، چۈنكى بويۇمدا قالغان ئىدى. يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسەملا ھۆ قىلغۇم كېلەتتى. بىر كۈنى تاماق ئېتىۋاتقىنىمدا مېنى قاتتىق ھۆ تۇتتى. ئىشىك ئالدىغا چىقىپلا قۇسۇۋەتتىم. شۇ چاغدا شوپۇرنىڭ خوتۇنى سىرتتىن كىرىپ قالدى. بۇ ئايال بىرلا قاراپ، ئىشنىڭ تەكتىگە يەتتى-دە، يۇگۈرۈپ كەلگىنىچە چاچلىرىمنى قامالاپ، يۈزۈمگە بىر كاچات سالدى. مېنى تېخىمۇ ھۆ تۇتتى. يۈرەك -باغرىم ئېتىلىپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، يىقىلىپ كەتتىم. شوپۇرنىڭ خوتۇنى بېقىنىمغا بىر نەچچىنى تەپتى-دە، يەنە چېچىمدىن قامالاپ ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى.
- ھوي شەرمەندە پاسكىنا، ئېيتە! قارنىڭدىكى كۈچۈك كىمنىڭ؟
مەن چەكسىز خورلۇق ئىچىدە لەۋلىرىمنى چىشلىگىنىمچە زۇۋان سۈرمىدىم. مەن شۇندىلا، مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان شوپۇرغا قاتتىق نەپرەتلەندىم، ئەگەر شۇ تاپتا ئۇ يېنىمدا بولغان بولسا، ياقىسىغا ئېسىلغان بولاتتىم. لېكىن ئۇ سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ئىدى. مەن ئامالسىز بوپامنى قولتۇقلاپ چىقىپ كەتتىم.
ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمگە بىر ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىنى تۈزۈك كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. بوپامنى قولتۇقلىغىنىمچە مىژ-مىژ ئادەملەر ئارىسىدا قىسىلىپ، سوقۇلۇپ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە كېتىۋەردىم. كۆڭلۈم بەكلا پاراكەندە بولغاچقا، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. بىر چاغدا قارىسام، بىر چوڭ ماگىزىننىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتىمەن. ئۇنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلا بىر يەردە جۇل-جۇل كىيىملىك بىر موماي داق يەردىلا ئولتۇرۇپ، تىلەمچىلىك قىلىۋېتىپتۇ. مەن ھېچبىر مەقسەتسىزلا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قىسىلدىم. ئۇ ئۆز نېسىۋىسىدىن قىزغانغاندەك ماڭا ئالىيىپ قاراپ قويدى-دە، خىرقىرىغان ئاۋازدا:
- ئۆزۈڭ تۈزۈكلا چوكاندەك قىلىسەن، نېمىدەپ مەندەك جۇلدۇر كېپەننىڭ يېنىغا قىسىلىسەن؟ - دېدى.
مەن شۇندىلا تۇرىدىغان ماكانىمنىڭ يوقلۇقىنى، بىرەر ئاق كۆڭۈلنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. موماي نۇرى ئۆچۈپ، جىنچىراغتەك پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرى بىلەن ئۇستىبېشىمغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن نېپىز لەۋلىرىنى تىرەتتى:
- ئېرىڭ بارمۇ؟
- يوق.
- ئۇنداق بولسا، بولىدىكەنسەن.
موماي ماڭا قايتىدىن نەزەر سېلىشقا باشلىدى. مەن ئەنسىرەشكە باشلىدىم. ئىچىمدە: بۇ بىر جادۇگەر بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دەپ ئويلاپ تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتىم.

www.uyghurkitap.com



– «تۈشۈك مۇنچاق يەردە قالماس» ، – دېدى موماي ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ئاستا خىرىلداپ،– سەن بۇ گۈزەل جامالىڭ بىلەن ھەرگىز خارلىقتا قالمايسەن. مەن سېنى شۇنداق بىر بىر يىگىتكە تونۇشتۇرىمەنكى، ئۇ سېنى ئەبەدىلئەبەد بېشىدا كۆتۈرىدىغان بولىدۇ.

– موما، – دېدىم مەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، – مەن ھەرگىز ئەرگە تەگمەيمەن. سىزنىڭ قەلەندەرخانىڭىزنىڭ بىر ئەزاسى بولسامىلا بولدى. ئۆمۈر بويى سىز بىلەن بىللە تىلەمچىلىك قىلىپ ئۆتۈپ كېتىشكە رازىمەن.

– ئەخمەق قىز! – دېدى موماي نۇرسىز كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، – ھەر قانداق ئاجىزە ئۆزىگە نان تېپىپ بېرىدىغان ئەركەككە مۇھتاج.

– سىزمۇ ئۆزىڭىزگە نان تېپىپ يېيىشنىڭ يولىنى تېپىپسىزغۇ، مەنمۇ شۇنداق قىلسام نېمىشقا بولمىغۇدەك؟!

– سەن دېگەن ياش، – دېدى موماي، – مەن سەندەك چېغىمدا بۇنداق ئىش قىلمىغان. ئەگەر بۇ ئىشنى ياش جېنىڭغا خورلۇق دەپ بىلمىسەڭ، مەيلى مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ باق.

ماڭا خاتىرجەم يېتىپ-قوپىدىغان بىر ئۆي بولسىلا بولاتتى. قالغىنىنى پېشانەمدىن كۆرەرمەن،– دەپ ئويلايتتىم. موماي ماڭا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتتە پارچە پۇللار دۆۋىلەشكەن كىر، كونا ياغلىقنى يومىلاقلاپ، قوينىغا تىقتى-دە، مېنى ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. بىز دەسلەپ ئون بىر كەتچە ئاپتوبۇسقا ئولتۇردۇق، بىر دوقمۇشتا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن يىراقتا پاكار-پاكار دۆڭلۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر كوچىغا كىردۇق. كوچىدا پۇتلىرىمىز تالغۇچە ماڭدۇق. مەركىزى شەھەرنىڭ بىقىنىغىلا جايلاشقان بۇ ئەگرى - بۈگرى تامىلىق مەھەللە بىزنىڭ يۇرتتىكى يېزىلاردىنمۇ ۋەيرانە ئىدى. مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلغىنىمغا تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلدىم.

– بۇ ئاققۇنلار مەھەللىسى، – دېدى موماي ھالسىراپ كېتىۋېتىپ، – بىزنىڭ ئۆي ئاۋۇ دۆڭنىڭ بىقىندا.

مەن مومايىنىڭ مۈكچىيىپ قالغىنىغا قارىماي شۇنچە يىراقتىن شەھەرگە بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىشۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، تۇرمۇشنىڭ بەكمۇ رەھىمسىزلىكىنى ھېس قىلدىم. كېتىۋېتىپ مېنى بىردىنلا ھۇ تۇتۇپ، قەي قىلىشقا باشلىدىم.

– ئۆزۈڭنى ساددا، بىچارە كۆرسەتكىنىڭ بىلەن، خېلى قازانلاردا قاينىغان نېمە ئوخشىمامسەن؟– دېدى سېزىكلىكىمنى پەملىگەن موماي، – ئەمدى ساڭا قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن؟!

– جېنىم موما، – دېدىم مەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، «ئايال ئايالنىڭ قاياشى» دېگەن گەپ بارغۇ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. مەن ھەممىنى دەپ بېرىمەن، مەن ھەقىقەتەن بىچارە.

مەن كۆز ياشلىرىمنى يامغۇردەك تۆكۈپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر ئاز خىيالغا چۆككەندىن كېيىن، مېنى يەنە ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى. ھېلىلا كۆزۈمگە جادۇگەردەك كۆرۈنگەن موماي ئەمدى ھەقىقىي شەپقەتچىمگە ئايلاندى.

– مانا يېتىپ كەلدۇق، – دېدى موماي ئاخىرى تاشلار بىلەن قىڭغىر-سىڭغىر سېلىنغان، ھويلىسى ئەسكى - تۇسكى ياغاچ، سىم ۋە قاقالتىر بىلەن قاشالانغان ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ.

هويلىنىڭ ئىشىكى قۇلۇپلانمىغان ئىدى. موماي ئۇنى ئاجىز قوللىرى بىلەن سەل - پەل كۆتۈرۈپ كەينىگە ئىتتەردى. ئىشىك ئېچىلدى. مەن مومايىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىچكىرى كىرىپ، تاش تاملىق ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدىم. بۇ ئىشىكمۇ قۇلۇپلانمىغان ئىدى. مەن ئىچىمدە: بۇ تايىنلىق چاشقان كىرسە يامانلاپ چىقىپ كېتىدىغان ئۆيدۇر، شۇڭا قۇلۇپلانمىغاندۇ، دەپ ئويلىدىم. موماي ئىشىكنى ئېچىپ، يەنە مېنى ئالدىن كىرىشكە زورلىدى. بۇ مېنىڭ قانداقلا بولمىسۇن، مېھمان سۈپىتىدە قارشى ئېلىنىۋاتقانلىقىمنىڭ ئىپادىسى ئىدى، شۇڭا مومايىنى تولا جوراتماي، بوسۇغا ئاتلاپ ئىچكىرى كىردىم. ئۆي تار ھەم كىچىك بولۇپ، ئىككى ئېغىزلىق ئىدى. تاشقىرىقى ئۆيگە سۇپا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۈستىگە بىر پارچە كىگىز سېلىنغان. ئىچكەركى ئۆيگە كىرىش تۆشۈكى ئېچىلغان. تۆشۈكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئوچاق، ئوچاق ئۈستىدە قارىيىپ كەتكەن چۆگۈن، ئۇنىڭ يېنىدا بىر قازان تۇراتتى.

-قېنى، سۇپىغا كەل، ئولتۇر، - دېدى موماي ئىشىكنى ياپماي تۇرۇپ.

مەن سۇپىنىڭ گىرۋىكىدىلا ئولتۇردۇم. موماي ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ بىر ئەر كىشى بىلەن قوپال سۆزلىشىشلىرى ئاڭلاندى. دېمەك ئىشىكنىڭ قۇلۇپلانمىغانلىقى شۇ ئادەمنىڭ بولغانلىقىدىن ئىكەن - دە. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم.

-يەنە مەست ئوخشىمامسەن، -دەيتتى موماي غۇدۇراپ، - مەن بىر تىيىن - بىر تىيىندىن تىلەپ كېلەي، سەن ئۇنى پۇتۇنلىمەكتە يوق، ھەممىسىنى ئىچىپ تۈگەت. ۋوي نەپسىڭگە بالا تەگكۇر.

-بولدى كوتۇلدىما. ئېيتقىنا، نېمىشقا شۇنچە بۇرۇن قايتىپ كېلىۋالدىڭ؟ يەنە بىر ئاز ئولتۇرۇپ تىلىسەڭ بولمامتى؟!

-ئولتۇرسام ئولتۇراتتىم، لېكىن يەنىلا سېنىڭ غېمىڭ.

-نېمە غەم ئۇ؟

موماي ئاۋازىنى پەسەيتىپ پىچىرلىغاندەك قىلدى. بۇنى شۇنچە دىققەت قىلىپمۇ ئاڭلىيالمىدىم. لېكىن مومايىنىڭ مېنى بۇياققا ئېلىپ كېلىش ئالدىدا: «مەن ساڭا شۇنداق بىر يىگىت تېپىپ بېرىمەنكى. . .» دېگەن سۆزلىرى يادىمغا كېلىپ، كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى. غىپپلا قىلىپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولدۇم، لېكىن ئۆي - ماكانسىز كوچا - كويدا تەمتىرەپ يۈرۈش ۋەھىمىسى مېنى توختىتىپ قالدى. بىر چاغدا موماي كۈلۈمسىرەپ چىقىپ:

-ئوغلۇمغا ئەھۋالىڭنى ئېيتتىم، ئۇ ساڭا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بولدى، - دېدى- دە، ئاۋازىنى بىردىنلا پەسەيتىپ، - ئۇ تېخى ئۆيلەنمىگەن يىگىت، - دەپ قوشۇپ قويدى.

-سىز ماڭا ئوغلىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئېيتمىغان ئىدىڭىزغۇ، - دېدىم مەن نارازى بولۇپ.

-ئەخمەق، - دېدى ئۇ ئەركىلەتكەن قىياپەتتە بارمىقى بىلەن پېشانەمگە نوقۇپ، - ئېيتمىغان بولسام، كۆرسەتسەممۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

مومايىنىڭ سۆزى ئاخىرلىشا - ئاخىرلاشمايلا يىگىت ئۆيدىن چىقتى. ئۇ ئېگىز، ئورۇق، سوزۇق يۈز، قاپقارا قوشۇما قاشلىق 30 ياشلاردىكى كىشى ئىدى. چىرايىدا قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى. مەستلىكتىنمۇ ياكى ماغدۇرسىزلىقتىنمۇ، يەر دەسسەپ تۇرالمايتتى.

-ياخشىمۇ سىز، - دېدى ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە ماڭا ئۇياتسىزلارچە تىكىلىپ، - مۇبارەك قەدىمىڭىزنىڭ بىز ياققا يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇش بولدۇم. قېنى ئېيتىڭا، قولىڭىزدىن نېمە ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



كېلىدۇ؟
بەختسىزلىكىم مېنى بارغانسېرى پەسلەشتۈرۈپ، ئاجايىپ يارامسىز ئادەملەرگە موھتاج قىلىۋاتقانلىقىدىن ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، يىغلىۋېتىشكە تاس قالدىم. لېكىن ئۆزۈمنى چىڭ تۇتۇپ، ئاش-تاماق ئېتىپ، ئۆيىنى باشقۇرالايدىغانلىقىمنى، قولۇمدىن يەنە ئىشمۇ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ تەلۋىلەرچە قاقاقلاپ كۈلدى.
-بىز ئاش - تاماقنى تىلەپ يەيدىغانلار، كىيىم - كېچەكمىزنىڭ بولسا، يېڭە كۆتۈرگىچىلىكى يوق. ئەگەر بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىسىڭىز مانا بۇ قېرىغا «ئىز باسار» بولسىڭىز بولىدۇ.
بۇ دەلدۈش نەلەردە مۇنداق گەپلەرنى ئۆگىنىۋالغاندۇ؟ ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى يۈرەككە خۇددى يىڭنىدەك سانجىلاتتى. مەن دېمىسىمۇ مومايدەك ھايات كۆچۈرۈشكە كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم.
-بارىكاللا، - دېدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، - بولمىسا ئىشلىمىسىڭىزمۇ سىزگە ئاش - نان تېپىپ بەرگۈدەك چىرايىڭىز بار ئىكەن. گەرچە قورساق كۆتۈرۈپ قالغان بولسىڭىزمۇ ھەر ھالدا ئۆز تامىقىڭىزنى ئۆزىڭىز تېپىپ يېيىشكە ئىنتىلگىنىڭىز ياخشى.
-تۇفى، ئىپلاس! - مەن ئۇنىڭ يۈزىگە غەزەپ بىلەن تۈكۈرۈپ، ھۆكرەپ يىغلىغىنىمچە، ئۆزۈمنى تالاغا ئاتتىم. موماي يۈگۈرۈپ كېلىپ قولۇمغا ئېسىلدى.
-بولدى قىل قىزىم، بۇ تەلۋە ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ. ھەي تەلۋە ھىجىيىپ تۇرۇۋەرمەي بۇ قىزدىن ئەپۇ سورا!
تەلۋە دەلدەڭشىگىنىچە ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا كېلىپ يۆلەندى - دە، قاقاقلاپ كۈلدى.
-خانىشتىن بىزدەك تومپايلارنىڭ ئەپۇ سورىشى ھاجەتسىز. پايپاقتا ناھال قاقىقان نەدە بار. ھا... ھا... ھا...
-ۋوي ئۆلگۈر!
موماي ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ، مېنى يەنە ئىچكىرىگە تارتتى. كۆڭلۈم قاتتىق ئازار يېگەن ئىدى. بۇ ھالدا بۇ يەردە پاناھلانغىنىمدىن تالادا يېتىپ ئۆلگىنىم ياخشى ئىدى. لېكىن موماي مېنى قويۇپ بەرمەي يالۋۇرۇشقا باشلىدى.
-بولدى قىزىم، ئۇ مەستىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما، ئۇ يەنە شۇنداق بىلجىرلايدىغان بولسا، قانداق قىلىدىغانلىقىمنى ساڭا كۆرسىتىپ قوياي.
موماي شۇنداق دەپلا يەردىن تاياق ئېلىپ تەلۋىگە دېۋەيلىدى.
-گەپ قىلمىسا، بىر بىچارىنى نېمانچە بوزەك قىلىسەن؟ يوقال كۆزۈمدىن!
-مەن ئۇنى كەت دېمىدىمغۇ، پەقەت چاقچاق قىلىپ قويدۇم، - دېدى تەلۋە پەسكويغا چۈشۈپ، -مەيلى، يوقالسام يوقىلاي.
تەلۋە دەلدەڭشىگىنىچە تالاغا ماڭدى. موماي ئۇنىڭ كەينىدىن توۋلىدى:
-ھەي، يوقاپلا كەتمەي، بىر - ئىككى كىلو گۆش ئېلىپ كەل.
- بولىدۇ.
مەن شۇ كۈنى تەلۋە ئېلىپ كەلگەن گۆشنى يەپ، شورپىسىغا نان چىلاپ ئىچىپ، موماي بىلەن بىللە ئىچكەركى ئۆيدە ياتتىم، تەلۋە تاشقىرىقى ئۆيدە ياتتى. تۈن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ،

بىر كۈن ئىچىدە بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئويلاپ، كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچتى. ئەتىگەندىلا شوپۇرنىڭ خوتۇنىدىن تىل ئاڭلاپ، تېپىك يەپ قوغلانغانىدىم، كەچقۇرۇن تەلۋىنىڭ ھاقارەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، جېنىمدىن جاق تويدۇم. مانا يەنە تەلۋىنىڭ ئۆيىدە جادۇگەردەك كۆرۈنگەن موماي بىلەن بىللە پاناھلىنىپ يېتىپتىمەن. ئاھ، كۆزلىرىمگە لىغىرلاپ ياش كەلدى. مەن ئەلەم بىلەن قورسىقىمنى سىيلىدىم. ئىختىيارسىز شوپۇرنى ئەسلىدىم: ئۇنىڭ تۆھپىسى ماڭا ئانا بولالايدىغانلىقىمنى تونۇتتى، لېكىن ئۇ مېنى تۈگىمەس-پۈتمەس ئازابقا قويدى. قورسىقىمدىكى قىزمىدۇ، ئوغۇلمىدۇ؟ ئۇنى قانداق قىلىشنى مومايدىن سوراپ باقاي، ئەگەر ھامىلەنى ئەپچىللىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىۋېتەلىسەم، ئەر دېگەننىڭ يېنىغا ئىككىنچى يولىمايمەن.

مەن ئەتىسى خىيالىمنى مومايغا ئېيتتىم، موماي ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، كۆزۈمگە تىكىلدى.

-مەن سېنى ئوغلۇم بىلەن ئەر-خوتۇن بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئويلىغان. ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇنىڭ غېمىنى يېمىسەڭمۇ بولۇۋېرىدۇ.

مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم.

-بۇ گەپنى ئىككىنچى ئېغىزىڭىزغا ئالماڭ. بولمىسا ھازىرلا كېتىمەن.

مەن بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم. موماي شۇندىن كېيىن ماڭا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى. مەن ئامال بار تەلۋىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن مومايدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن تىلەمچىلىك ھاياتىممۇ تەبىئىيلا باشلىنىپ كەتتى، مومايدىن ئۆگەنگەن تەسىرلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ئۆتكۈنچىلەردىن تارتىنمايلا سەدىقە سورايدىغان بولدۇم.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پارچە پۇللار خېلىلا كۆپىيىپ قالدى. موماي بۇنى مەندىن سوراشقا پېتىنالمايتتى. ئۆزىنىڭ تاپقانلىرىنى بولسا، تەلۋىگە پۈتۈنلەپ قويۇشقا تاپشۇراتتى. تەلۋە شۇ كۈنلەردە نېمىشقىدۇر خېلىلا رايىش بولۇپ قالغان ئىدى. موماي تاپشۇرغان پارچە پۇللارنى پىركازچىكلار ئارقىلىق پۈتۈنلەپ كېلىپ، مومايغا سەممىيەتلىك بىلەن قايتۇراتتى. موماي پۇللارنى رازىمەنلىك بىلەن ساناپ، ساندۇقىغا تاشلايتتى-دە:

-مانا، ئەمدى ئادەم بولدۇڭ. مەن ئۆلۈپ كەتسەم، بەرىبىر ساڭا قالىدىغان بولغاندىكىن، باشتىلا مۇشۇنداق قىلساڭ بولاتتى، -دەپ قوياتتى.

مەن بۇ ئۆينىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ھەيران قالدىم. تەلۋە ئىشلىمەيتتى. مومايىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئارىلاپ دوختۇرخانىلارغا بېرىپ قېنىنى ساتاتتى، شۇنىڭ پۇلىغا ئۆزىنى بېقىپ، ئىككى-تۆت سەر ئىچىۋېلىپ، كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرەتتى. موماي بولسا، قاتتىق ناننى داغ سۇدا ئېۋىتىپ يەپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۆيدە قازان قاينىمايتتى.

مەن كەمبەغەل بولساممۇ ئۆيدە قازان قاينىتىپ ئادەتلىنىپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ تۇرمۇشىغا كۆنەلمىدىم. ئاخىرى پۇللىرىمنى تەلۋىگە گۆش، ماي، ئۇن سېتىۋېلىشقا بەردىم. تەلۋە بۇ نۇۋەتمۇ سەممىيەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى بىر ۋاق تاماق ئېتىلىدىغان بولدى.

تىلەمچى ئايالنىڭ بالىلىرى ئۇخلاپ قالغان ئىدى. مەستۇرە ئىككى ياستۇق ئېلىپ چىقىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا قويۇپ بەردى.

-تولا ۋاتىلداپ ۋاقتىڭىزنى ئالدىم، - دېدى تىلەمچى ئايال.

-ياق، ياق، سۆزلەۋېرىڭ، - دېدى مەستۇرە ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ.

-شۇ كۈنلەردە مەن تەلۋىنى پات - پاتلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم، - دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى تىلەمچى ئايال، - ئۇ كۆرۈنۈشتە مەندىن ئۆزىنى تارتىپ يۈرگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ماڭا يېپىشىپ باغلىنىپ قالغاندەك، ئەتراپىمدىن نېرى كېتەلمەيتتى. بەزىدە كۈلۈمسىرەپ قارىسا، بەزىدە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالاتتى.

بىر كۈنى ئۇ خۇشال كىرىپ كەلدى.

-خۇش خەۋەر! مەن ئىش تاپتىم، - دېدى ئۇ.

مۈكچىيىپ قالغان بىر موماينىڭ تىلەپ تاپقانلىرىغا ئورتاقلىشىپ كېلىۋاتقان، ئېپى كەلسە قېنىنى سېتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە بولۇشچە ئىچىپ، ئۆزىنى كوچا - كويلاردا بۇلغاپ يۈرگەن بىر ئەركەكنىڭ ئىش تاپقانلىقىدىن كۆرە ئىش تاپقانلىقىغا بولغان خۇشاللىقىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىش مېنى بەكمۇ خۇش قىلدى. لېكىن ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن بۇيان قاپقىمنى تۈزۈك ئاچماي كېلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا:

-نېمە ئىشكەن ئۇ؟ - دەپ سوراپ قويدۇم.

-هويلا سۈپۈرۈش، - دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ، - ناھايىتى ئاسان. يەنى بىر زاۋۇتنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئائىلىلىكلەر بىنالىرىنىڭ سېمونت يوللىرىنى سۈپۈرۈپ، چىققان ئەخلەتلەرنى ئەخلەت توڭلىرىغا قاچىلاپ قويسىلا بولغىنى. قالغان ئىشلارنى ئەخلەت توشۇيدىغان ماشىنىلار ئۆزى قىلىدۇ. قانداق، راستىنلا قىيىن ئەمەسىكەن؟!

-ئىشنىڭ قىيىنى يوق، - دېدىم مەن چورتلا كېسىپ، -قىيىنى ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەسلىك.

-مېنى بەل قويۇۋېتىدۇ، دېمەكچىمۇسىز؟ - دېدى تەلۋە قىزىشىپ، -مەن ھەرگىز ئۇنداقلاردىن ئەمەس.

-مەنمۇ سىزنى شۇنداق بولسۇن دېمەكچى.

-بولدى، بالىلىرىم، - دېدى موماي ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ، -نېمىگە شۇنچە غەلۋە قىلىسىلەر؟

-غەلۋە ئەمەس، - دېدى تەلۋە ئاۋازىنى پەسەيتىپ، - مەن ئىش تاپتىم.

-ئىش تاپتىڭمۇ، بالام! خۇدايىم تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن، نېسىۋەڭنى چوڭ قىلسۇن، ئۆز ئەجرىڭ بىلەن كۆكلەپ، ئۆمرۈڭ خاتىرجەم ئۆتسۇن، ئامىن!

موماي تەلۋىنىڭ تاپقان ئىشىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ سوراپ باقماي كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى ئاققۇزغانچە ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. مەن گەپ - سۆز قىلماي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

شۇ كۈنى كەچ مەن يەنە ئۇيقۇنى تەرك قىلدىم. بۇ ئۆينىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئۆزگىرىشى مېنى چوڭقۇر خىيالغا سالدى. تەلۋىنىڭ ياۋاشلىنىشىپ قېلىشى، ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى قوپال مۇناسىۋەتلەرنىڭ مېھرىبانلىققا ئايلىنىشى، ئىككىسىنىڭ ئالدىدىكى ئورنۇمنىڭ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن گەرچە بۇ ئۆيگە پاناھلىنىشقىلا كىرگەن بىر سەرگەردان بولساممۇ، بۇ ئۆينىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتىم. ئۇلار مېنىڭ:

«كېتىمەن» دەپ سالماسلىقىمدىن ئېھتىيات قىلىپ كۆپ ئىشلاردا ماڭا يول قوياتتى. ئوغلىغا سايە قىلغاندا ئېيتقان «ئۇنداق قىلىسىڭىز، بۇ ئۆيدىن كېتىمەن» دېگەن سۆزۈم ھازىرغىچە ئۆز كۈچىنى يوقاتمىغان ئىدى. موماي بۇ سۆزنىڭ ئاغزىمدىن قايتا چىقماسلىقى ئۈچۈن ئۆز ئارزۇ - ئارمىنىنى قايتا ئېغىزغا ئالمىدى. لېكىن بۇ ئارزۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە پات - پات ئىپادىلىنىپ قالاتتى. تەلۋە بولسا، پەقەت مېنىڭ قاپاق ئېچىپ بىر قاراپ قويۇشۇمغىلا موھتاج بولۇپ، ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى كۈچەپ تۈزەتمەكتە ئىدى.

ئارىدىن تۆت - بەش كۈن ئۆتكەندە كىر - پىر يۇيۇپ، ئۆينى ئانچە - مۇنچە رەتلەپ قويۇش مەقسىتىدە تاپاۋەت قىلىشقا ماڭغان مومايدىن ئايرىلىپ ئۆيدە قالدىم. كۆمۈردەك قارىيىپ، تەر پۇراپ تۇرغان مىڭبىر ياماق كىيىملەر يېرىم كۈن ۋاقتىمنى ئالدى. ھەممىنى پاكىز يۇيۇپ، قايتا - قايتا چايقاپ تانىغا ئاستىم. چۈشتىن كېيىن ئۆي تازىلاشقا تۇتۇش قىلدىم، بۇ ئىشمۇ كۆپ ۋاقتىمنى ئالدى. ئاخىرى چارچاپ، بېلىمنى بىر ئاز تۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ياتتىم، دەل شۇ چاغدا ئىشىك تاراققىدە ئېچىلىپ، تەلۋە مەست ھالەتتە كىرىپ كەلدى. مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم.

-قورقماڭ خان، - دېدى ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە قولىنى غەلىتە سىلكىپ، -مەن ئادەم يېمەيمەن، يەنى سىزنى يەپ قويمايمەن.

-ئولتۇرۇڭ، -دېدىم مەن ئۇنىڭغا سۇپىنى ئىما قىلىپ، - ئەھۋالغا قارىغاندا خېلىلا چارچاپ قالغاندەك قىلىسىز، مەن سىزگە چاي دەملەپ بېرەي.

- ماڭا چاي دەملەپ بەرگۈچە، مېنى تىللىسىڭىز بولمامدۇ؟

-تىللاشقا تېگىشلىك ئىش قىلىسىڭىز تىللايمەن. لېكىن سىز ھازىر. . .

-تىللاشقا ئەرزىمەيمەن، شۇنداقمۇ؟

ئۇنىڭ بۇ غەلىتە سوئالىغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قاقاقلاپ كۈلدۈم.

- پاھ، سىزنىڭمۇ كۈلىدىغان چاغلىرىڭىز بولىدىكەن - ھە! نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇ كۈلكىڭىزنى نېمىشقا كۆرسەتكىڭىز كەلمىدى ياكى سىزنى غىدىقلاپ كۈلدۈرۈشۈم كېرەكمىدى؟

تەلۋىنىڭ بۇ قېتىمقى مەستلىكى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۆتكەندە ھەقىقىي تەلۋىنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ قېتىم ناھايىتى چېچەنلىك بىلەن يۈرىكىمگە قول سالماقتا ئىدى. بۇ مېنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىم ئىشىكىنىڭ قېقىلىشى ئىدى. يۈرىكىم مېنى بۇ ئىشىكنى تېزلا ئېچىۋېتىشكە ئالدىرىتىپ ئىنتىزارلىق بىلەن دۈپۈلدەيتتى. لېكىن ئاغزى كۆيگەن كىشى سوغۇق سۇنىمۇ پۈۋلەپ ئىچىپتۇ دېگەندەك ھەسرەت، نادامەت تىغىدىن پارە - پارە بولغان يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۆرلىگەن دەردلىك نىدالار ئۈزلۈكسىز ياڭراپ، بۇ ئىشىكنى ئالدىراپ ئېچىۋەتمەسلىكىمنى ئاگاھلاندۇراتتى. مەن بۇ ئىككى خىل روھىي ھالەتنىڭ قاتتىق بېسىمىدا ئېزىلىپ، خۇدۇمنى يوقىتىشقا باشلىدىم. كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، بېشىم پىرقىراپ، ۋۇجۇدۇم تىترەشكە باشلىدى. ئاخىرى:

-ساق ۋاقتىڭىزدا كېلىڭ، - دېدىم - دە، ھوشۇمدىن كەتتىم.

ھوشۇمغا كەلسەم، موماي تېخى قايتىپ كەلمىگەن ئىكەن، تەلۋە بېشىمدا چىرايى تاتارغان ھالدا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇ خېلى پاراكەندە بولغاندەك قىلاتتى. بېشىمغا تەكيە قويۇپ، ئۈستۈمگە يوتقان يېپىپتۇ، تېخى چايمۇ دەملەپ كەپتۇ. ئۇ مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچقانلىقىمنى كۆرۈپ

ئۇھ تارتتى. قايغۇدىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدا شادلىق نۇرلىرى جىلۋىلەندى. مەن ئۇنىڭ شادلىق ئارىلاش مېھرىبانلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدىم. كۆزلىرىم خۇمارلىشىپ، لەۋلىرىم ئۆزىگە تەشنا بولغان نەرسىگە قاراپ سوزۇلدى. بۇ تەلۋە يىگىت ئەمەسكەن. ئۇ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن بېلىمدىن قاماللاپ تۇتۇپ، مېنى باغرىغا باستى. دە، سۆيگۈ تىلەپ تۇرغان لەۋلىرىمگە تەشنا لەۋلىرىنى باستى.

-ئاھ، - دېدى ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، -مەن بۇ پۇرسەتنى ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن.

-سىز راستىنلا مۇشۇنى كۈتۈپ كەلگەنمۇ؟

-ئەلۋەتتە.

-ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز؟

-سىز بىلەن ئۆمۈرلۈك قوشۇلماقچىمەن.

-بويۇمدا بارلىقى كۆڭلىڭىزنى غەش قىلمامدۇ؟

-بۇ سىزنىڭ بوزەك قىلىنغىنىڭىزدىن بولغان، ئەمدى سىزنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ.

-ئاھ، - مەن ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، ياش بىلەن ھۆللەنگەن مەڭزىمنى ئۇنىڭ كىرپىنىڭ تىكىنىدەك ساقال باسقان يۈزىگە ياقتىم.

ئەتىسىلا نىكاھىمىز ئوقۇلدى. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئىككى جىنسنىڭ بىر - بىرىگە مەڭگۈلۈك جۈپ بولۇشىنى شەكسىز كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كېلىۋاتقان شەرىئەتنىڭ بۇ تەنتەنىلىك جاكارى ۋىجدانىمىزنى پاكلاپ، تەقدىرىمىزنى بىر - بىرىمىزگە باغلىدى، بىز خۇشال - خۇرام ھالدا ئەر - خوتۇن بولۇشتۇق.

-ئەمدى ئۆلسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق كەتمەيدىغان بولدى، - دەيتتى موماي خۇشاللىقىدىن لەۋلىرىنى يۇمالماي، - بېشىڭلار باش، ئايىغىڭلار تاش بولسۇن.

مەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئائىلىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدىم. ئەمدى نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى باشقىلارنىڭ قولىغا بىچارىلارچە تەلمۈرۈپ، يۈرەكئالدى بولۇپ ياشاپ ئۆتكەن سەرگەردانلىق ھاياتىمغا خاتىمە بېرىلگەن ئىدى. مەن ئۆيگە، ئۆيدىكى بىساتلارغا باشقىچە مۇھەببەت باغلاپ، ئۇنىڭ يۈرەككە ئارام، كۆڭۈلگە زوق بېغىشلايدىغان بولۇشىنى ئىستەپ، كۆڭلۈمدىكىدەك ئۆزگەرتىشكە كىرىشتىم. ئالقاندەك كېلىدىغان پەنجىرىنى چوڭايتىپ، ئەينەكلىك رام سالدۇردۇم. ئۆيدىكى يۇيۇشقا بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇيۇپ گۈل پۇراپ تۇرىدىغان قىلىۋەتتىم. ئېرىم ئىشتىن كېلىپ، ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى. مومايمۇ خۇشاللىقىدىن:

-ياش ۋاقتىمدا مەنمۇ ئۆينى مۇشۇنداق تۇتىدىغان، - دېۋەتتى.

مەن ئۆينى بۇنىڭدىنمۇ ئۆزگىچە ياساپ، تۈزەشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن قولۇم قىسقىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىش كېلىۋاتاتتى. ئېرىمنىڭ مائاشىنى ئانچە - مۇنچە تېجەپ قىشلىق كىيىم - كېچەك، ئوتۇن - كۆمۈرگە سەرپ قىلمىسام بولمايتتى. شۇڭا كۈندىلىك يېمەك - ئىچمەكنى تالادىن تېپىش ئۈچۈن مومايىنىڭ تاپاۋەت يولىغا بېشىمچە كىرىپ كەتتىم. ئىلگىرى ئۆزۈم بىلەن قورسىقىمدىكى بالىنىڭ قايغۇسىنى قىلغان بولسام، ئەمدى پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ قايغۇسىنى قىلىۋاتاتتىم. بىر تىيىن ئۈچۈن ئەتىدىن - كەچكىچە داق، سوغۇق يەردە ئولتۇرۇپ، جاھاندىكى ئەڭ تەسىرلىك سۆزلەرنى ئىزدەپ

تېپىپ، ئەڭ بىچارىلەر قىياپىتىدە سارغىيىپ، تاتىرىپ يېلىنىشلار ئاغزىمنى قۇرۇتۇپ ماغدۇرۇمدىن كەتكۈزەتتى. بۇ جەرياندا قورساقتىكى بالىمۇ ئازاب چەككەن بولسا كېرەك، بىر قانچە كۈن مىدىرلىماي قويدى. مەن قورقۇپ كەتكىنىمدىن بۇ جاپالىق تاپاۋەتتىن قول ئۈزۈپ، ئۆيدە يېتىۋالدىم. كۆپ ئۆتمەي مومايمۇ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭغا تۇنجى قار ياغقان كۈنىلا سوغۇق تەگكەن ئىدى. ئۇ، شۇ كۈنى ئۆت- كاۋاپ بولۇپ، ئۆيگە ئارانلا يېتىپ كەلدى - دە، گەپكىمۇ ئاغزى كەلمەي، ئۆزىنى تۆشەككە تاشلىدى. مەن ئاچچىق چاي دەملەپ، ئىچىشكە زورلىدىم. ئۇ بىر - ئىككى ئوتلاپلا:

-بەك تىترەپ كېتىۋاتىمەن، ئۈستۈمگە قېلىنراق بىرنېمە يېپىپ قويغىنا، - دېدى - دە، يەنە قىڭغايدى.

ئۆمرىنى جاپالىق تاپاۋەتكىلا ئاتىۋەتكەن، داغ سۇدا ئېۋىتىلگەن قاتتىق ناندىن باشقىنى يەپ باقمىغان، ئەمدىلىكتە بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ، جەينەكتەك تۈگۈلۈپ، يوپۇرماقتەك تىترەپ تۇرغان بۇ ئىنسانغا قاراپ ئىچىم سېرىلىپ كەتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى بىلەن كارى بولمىغان ئوغلىغا ئۆچلىكىم كەلدى. شۇڭا ئۇ كېلىشى بىلەن ئۇنى سىلكىشلەپ تۇرۇپ، دورا تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم.

شۇ كۈنى كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئوغلى ئېلىپ كەلگەن قىزىتما قايتۇرۇش دورىسىنى ئۇنىڭغا زورلاپ ئىچكۈزۈپ، چىراغنىمۇ ئۆچۈرمەي، بېشىدا قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇ دورىنى ئىچىپلا چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەنچە قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى. تۈن يېرىمىدىن ئېشىپ، باش توخۇ چىللىشى بىلەن تەڭ كۆزىنى لەپپىدە ئاچتى.

-قانداق، - دېدىم مەن ئۇنىڭ تەرلىرىنى سۈرتۈپ، - خېلى يەڭگىللىنىپ قالغاندەك تۇرامسىز؟

- تېخىچە ياتمىدىڭمۇ؟ - دېدى ئۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا سوئال قويۇپ، -توخۇلار قونداقتىن چۈشمەي دېگىچىمۇ ئۇخلىمىغان بارمۇ؟

-ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ، ئانا.

-مەندىن ئەنسىرەۋېتىپسەن - دە؟! بولمىسا يېنىمغا كېلىپ يات.

مەن ئۇنىڭ يېنىغا ياستۇق قويۇپ، يۈزۈمنى يۈزىگە يېقىپ ياتتىم، مەڭزىمگە يامغۇر تامچىلىرىدەك مۇزدەك دانچىلار ئېقىپ چۈشتى. مەن بۇنى ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تۆكۈلۈۋاتقان تەرمىكىن دەپتىمەن، ئەسلىدە ئۇ يىغلاۋاتقان ئىكەن.

-كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئانا، ساقىيىپ كېتىسىز.

-جانابىي ئاللانىڭ مۇشۇنچىلىك ئۆمۈر بەرگىنىگە مىڭ قەتلى شۈكرى، - دېدى ئۇ ساق ئادەمدەك دانە - دانە سۆزلەپ، - لېكىن خام سۈت ئەمگەن بەندە ۋاپاسىز بۇ دۇنيانىڭ خىلمۇ خىل قىزىقتۇرۇشلىرىغا گول بولۇپ، خۇدانىڭ ئامانىتىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن بەرگۈسى كەلمەي قالىدىكەن. مەن دورىنى سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئۈچۈنلا ئىچتىم. مېنىڭ تارتىشىدىغىنىم دۇنياغا كۆز ئاچقۇسى نەۋرەمنى ئۆز قولۇم بىلەن چۈك قىلىش ئىدى. يەنىلا بۇنى خۇدادىن تىلەيمەن.

-ئانا، بىر ئوبدان تۇرسىزغۇ، بولمىغان خىياللارنى قىلماڭ.

-سەن بىلمىگىنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈمگە ئايان. مەن ئۇزاق ياشىيالمايمەن. كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ساڭا بىر سىرنى ئېيتىپ بېرەي.

-سىر؟ نېمە سىر ئۇ؟

-ئېرىك بىلەن ئىككىمىز ئانا - بالا ئەمەس.

-ھە؟!

مەن ئۇلارنىڭ دەسلەپكى قوپال مۇناسىۋەتلىرىدىن ئانا - بالىغا خاس مېھىر - مۇھەببەتنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلغان بولساممۇ، بۇنى جاپالىق تۇرمۇش شەكىللەندۈرگەن بىر خىل نورمالسىزلىق دەپ بىلىپ، ئۇلارنىڭ ئانا - بالىلىقىغا شەك كەلتۈرمىگەن ئىدىم. شۇڭا موماينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم.

-مېنىڭ، - دېدى موماي يامغۇردەك تامچىلاۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپمۇ قويماي، - ئاتىسىدىن كىچىك قالغان ئىككى قىز، بىر ئوغلۇم بولىدىغان. مەن ئۇلارنى مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۆيلۈك قىلدىم. ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ، ماڭا كۆڭۈل بۆلمەس بولۇپ قالدى. مەن ئۇلارنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ كۈن كۆرۈشنى ئېغىر كۆرۈپ ئەرگە تەگدىم. بۇنىڭ بىلەن بالا تاشتى. ئۇلار مېنى: «قېرىغاندا قېرى تارتۇق، قىلىقلىرى ئۇندىن ئارتۇق» دېگەندەك قىلدى دېيىشىپ، ماڭا قارىماي قويۇشتى. لېكىن ئېرىم يامان ئەمەس ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا ھۈنىرى بار ئىدى. كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ قۇشقۇن، يۈگەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى توقۇيتتى. ئۇنىڭ كىرىمى يامان ئەمەس ئىدى. بىز بىر يىلچە ئۆي تۇتتۇق. بىر كۈنى ئۇ نامازدىگەرگە تەرەت ئېلىۋېتىپ، ئۆزىچىلا يىقىلىپ چۈشتى-دە، بېرىپ يۈلگىچىلىك جان ئۈزدى. بۇ ئۇشتۇمتۇت قازا مېنى ھالدىن كەتكۈزدى. مەن ئۇنى يىغلاپ - قاقشاپ ئۇزاتقاندىن كېيىن بالىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى خالىماي، تىلەمچىلىك يولىغا كىرىپ كەتتىم. بۇ يول مېنى بىر بۆردا ناننىڭ كەينىدىن كېچە - كۈندۈز، قىشمۇ - ياز ئەگەشتۈرۈپ، ئاخىرى مۇشۇ شەھەرگە ئەكىلىپ تاشلىدى.

سېنىڭ ئېرىك بىلەن جۇدۇن - چاپقۇنلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇچراشتىم. بۇ 10 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى، ئوچۇق ھاۋا كۈن قىيىلىشى بىلەنلا ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ، ئاچچىق شامال ئارىلاش قار ياغقىلى تۇردى. مەن سوغۇقتىن تىترىگىنىمچە مۇشۇ مەھەللىدە ئايلىنىپ يۈرەتتىم. بىر يىگىت دەلدەڭشىگىنىچە ئالدىمغا كېلىپ، ماڭا ئۇسسۇۋالغىلى تاس قالدى، مەن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم، يىگىت ئۆتۈپ كېتىپ، كەينىگە بۇرۇلدى.

-كىم بۇ ئۆزىنى چەتكە ئالمىغان؟

-خاپا بولمىغىن بالام، مەن شۇنداق پالاكەت خوتۇن.

-پالاكەت خوتۇن؟ توختىغىنا، ئاۋازىڭ ئەجەب ئاپامنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كەتتا؟ بالام دېيىشلىرىڭمۇ تېخى. . . بۇنداق ئاتالمىغىنىمغا بەكمۇ ئۇزاق بوپتۇ. قېنى، پەرىشتىدەك چىرايىڭنى بىر كۆرەي، ئانا.

ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە ئالدىمغا كېلىپ مەستلىكتىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

-راست ئوخشايدىكەنسەن. . . ئاناممۇ سەن يا. . . ياق . . . ياق، مېنىڭ ئانام ئۆلۈپ كەتكىنى نەكەم. . . ئەمىسە سەن كىم؟

-مەنمۇ بىر ئانا، -دېدىم مەن قورقۇمسىراپ، - ئۆزۈڭ كىم، بالام؟

-مەن بالام دېگەن شۇ سۆزگە تەشنا بولۇپ يۈرگەن بىر يېتىم. ھەقىقىي ئانا بولساڭ مېنى مېھىرلىك باغرىڭغا باس. قۇرۇغان جىسمىمغا قايتا ھاياتلىق بەر.

ئۇ، شۇ سۆز بىلەن ئۆزىنى باغرىمغا ئېتىپ، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. مەن ئۈچ بالا بېقىپ چوڭ قىلغان بولساممۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق مېھىر بىلەن ئۆزىنى باغرىمغا ئاتقىنى يوق ئىدى. مىسكىنلىك، مۇساپىرلىق، سەرگەردانلىق دەردىدە پارە - پارە بولۇپ كەتكەن يۈرىكىم بۇنداق قۇچاقلاشقا بەكمۇ موھتاج ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ: «ئانا» دېيىشلىرىدىن ۋۇجۇدۇم مايدەك ئېرىپ، ئۇنى باغرىمغا چىڭ باستىم، كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلدى.

-جېنىم بالام، كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى بالام، -دېدىم مەن ئۆز پەرزەنتىمنى قۇچاقلاۋاتقان ھېسسىياتتا ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىيلاپ، -نېمە دەرد كەلگەندۇ ساڭا، نېمانچە كۆپ ئىچكەنسەن؟

- ھاراقتىن باشقا ئۆلپىتىم بولمىغاچقا، شۇنداق بولدى، ئەمدى سەن كەلدىڭ. قارىغىنا قوللىرىڭنىڭ مۇزلاپ كەتكىنىنى، يۈر ئۆيگە تېز كېتىۋالايلى.

ئۇ مېنى قولتۇقلىغىنىچە بىر ئۆيانغا، بىر بۇيانغا سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ مۇشۇ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى-دە، ئۆزىنى سۇپىغا تاشلاپ، ھەش - پەش دېگۈچىلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چاغدا بۇ ئۆي پەقەت بىر ئېغىزلا ئىدى، كېيىنكى يىلى مېنىڭ زورۇم بىلەن مانا بۇ ئىچكەركى ئۆي ياسالدى.

-دېمەك، - دېدىم مەن موماينىڭ بۇ ئاجايىپ ھېكايىسىغا قۇلاق سالغاچ ئۇنىڭ ياش ھەم تەر بىلەن ھۆللەنگەن يۈزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، - ئۇنىڭ مەستلىكتىكى ئۇچرىششى ئانا - بالا بولۇپ قېلىشىڭلارغا سەۋەب بولۇپ قاپتۇ - دە؟!

-شۇنداق، - دېدى موماي سەل - پەل كۈلۈمسىرەپ، - شۇ كۈنى مەن تۆت تام، بىر ئىشىكتىن ئۆزگە ھېچقانداق بىساتقا ئىگە بولمىغان بۇئۆينىڭ خۇنۈكلىشىپ تۇرغان تام - تورۇسلىرىغا ھەيران بولغىنىمچە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئۇنىڭ بېقىنىدىن ئازراقلا چىقىپ تۇرغان كىگىزگە قىسىلدىم - دە، چاپىنىمنى غېرىبچە يېپىنىپ ئۇيقۇغا كەتتىم. ئەتىسى ئويغانسام سوغۇقتىن پۈتۈن بەدىنىم ئۈيۈشۈپ كېتىپتۇ. يىگىت بولسا، كېچە قانداق ياتقان بولسا، شۇ ھالىتىدە قىمىرمۇ قىلماي ئۇخلاۋېتىپتۇ. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئازراق يېمەكلىك تەييارلىماقچى بولدۇم. لېكىن شۇنچە ئاقتۇرۇپمۇ بىرەر سىقىم چاي، بىرەر ناننىڭ پۇچۇقىنىمۇ تاپالمىدىم. توۋا، - دەيتتىم ئىچىدە، - بۇ نېمە بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان يىگىتتۇ؟ مەن ھەيرانلىق ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئازراق ئوتۇن ۋە بىر ئاز كۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى تاپتىم- دە، ئوچاققا ئوت ياقتىم. خىشلىرى ئاجراپ، ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان ئوچاق ھەممە يېرىدىن ساپسېرىق ئىس - تۈتەپ، ئۆي ئىچىنى بىردەمدىلا نەپەس ئالغۇسىز قىلىۋەتتى. مەن دەرھال ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، يىگىتنى تۇرتۇپ ئويغاتتىم. يىگىت كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئېچىپ بىر ماڭا، بىر ئىس- تۈتەپ تۇرغان ئوچاققا قاراپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.

-نېمە، ئۆيگە ئوت كەتتىما؟

-ياق، بالام، ئوچاققا ئوت ياققانتىم، ئىس چىقىپ كەتتى.

-سەن ئۇخمۇ - ساراڭمۇ؟ ياكى ئالۋاستىمۇ؟ بۇيەرگە قانداق پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟

-توۋا، بالام، ئاخشام ئۆزۈڭ ئېلىپ كىردىڭغۇ!

-يالغان ئېيتما، ئۆزۈمنىڭ جېنىنى جان ئېتەلمەيۋاتقىنىمدا، بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىنى ئېلىپ كىرگىلى بېشىم ئىششىپ قاپتۇمۇ؟

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك كېڭىيىپ، لەۋلىرى غەزەپتىن تىترەشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مەستلىكتىكى ئىشلىرىنى راستىنلا ئېسىگە ئالالمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا قوغلىنىپ كېتىشتىن قورقۇپ، مېنى بۇ يەرگە قانداق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تولۇق سۆزلەپ بەردىم. ئۇ بېشىنى چاڭگاللاپ بىر ئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن كۆزۈمگە تىكىلدى.

-مۇنداق دېگىن، ئۇنداقتا مۇشۇ ئۆيدە تۈنەپسەن - دە؟

-شۇنداق بولدى، بالام.

-ئۇنداق بولسا، كۇدە - كۆرپەڭنى كۆتەر، ئىككىنچى بۇ يەرگە قەدەم باسقۇچى بولما.

مەن كۆزلىرىمگە ياش ئېلىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم.

-مېنىڭ كۇدە - كۆرپەممۇ، ياتار جايىممۇ يوق. مەن ساڭا ئانا بولۇپ قالاي. رەھىم - شەپقەت قىلىپ، كىگىزىڭنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ماڭا ئورۇن بەر.

ئۇ قاقاقلاپ كۈلدى.

-بۇ، ئۆلگەندىن ئۆپكە سوراپتۇ، دېگەندەك ئىش بولدى - دە! بوپتۇ، مەن سېنى ئېلىپ قالايمۇ دەي، لېكىن قانداق باقىمەن؟

-سەن باقمايسەن، بالام، مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم باقىمەن. مېنىڭ پۇلۇم بار، پۇل تاپىدىغان يولۇممۇ بار.

-پاھ، - دېدى ئۇ ئىشەنمىگەن قىياپەتتە، -پۇلۇڭ بولسا، كۆرسىتىپ باقە!

مەن يول بويى تىلەپ تاپقان پارچە - پۇرات پۇللار تۈگۈلگەن بىر تۈگۈنچەكنى يېشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم.

كەم دېگەندە بىر قانچە يۈز كوي چىقىدىغان بۇ پارچە پۇللار ئۇنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋەتتى.

-راستىنلا كۆپ پۇلۇڭ بار ئىكەن، - دېدى ئۇ پۇلغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى يوشۇرالماي، -بۇنى قانداق تاپتىڭ؟

مەن تىلەپ تاپقانلىقىمنى ئېيتتىم.

-دېمەك، بۇندىن كېيىنمۇ قولۇڭغا پۇل چۈشۈپ تۇرىدىكەن - دە.

-خۇدا بۇيرۇسا.

-ئۇنداق بولسا، بۇ پۇللىرىڭنى ماڭا بەر، دۇكانچىلارغا بېرىپ پۈتۈنلەپ كېلەي، يەنە تاپساڭ، يەنە پۈتۈنلەپ كېلىمەن، لېكىن بىللە خەجلەيمىز.

-سەندىن پۇل ئايلانسۇن، بالام، خالىغىنىڭچە خەجلە.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كىگىزىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئورۇن ئالدىم. ئۇ مېنى: «ئانا» دەيتتى. مەن ئۇنى: «بالام» دەيتتىم، باشقىلارمۇ بىزنى ئانا - بالا دەپ بىلەتتى. مەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئانىدەك مۇئامىلە قىلاتتىم. ئۇ بولسا، پۇلغا موھتاجلىقىدىنلا مېنى «ئانا» دەپ قويۇاتتى. لېكىن تىلەپ تاپقانلىرىمنى پۈتۈنلەپ كېلىمەن، دەپ ئېلىۋالغىنىچە بۇسىنىمۇ چىقارماي يەپ - ئىچىپ تۈگىتىۋېتەتتى. نە ئۆي، نە مېنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق بەتقىلىقلىقىنى ياقتۇرمىساممۇ، يەنىلا شۇ بىر پارچە كىگىزنىڭ بۇرجىكىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى ئۇندىمەسلىككە سالاتتىم. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى. ئۇنىڭ ئارىلاپ قان ساتىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا،

مېنىڭ تىلەپ تاپقانلىرىم بىلەنلا كۈن كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئاچچىقىمدا ئۇنىڭغا تەنە قىلدىم:

- گەرچە يوقسۇل بولساڭمۇ، بايۋەچچىدەك كۈن كۆرۈۋاتىسەن، ئوغلۇم. مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، سەن يوقسۇل بايۋەچچىنىڭ ئىچىدىغان هارىقىغا كىممۇ پۇل بېرەر.

-خۇدايىم بېرەر، - دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك بولدى. بىزگە خۇدايىم سېنى ئۇچراشتۇردى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، مەن شۇ چاغدا كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئورۇن بېرىش هېسابىغا سېنىمۇ ئۇنىڭ هارىقىغا پۇل تېپىپ بېرىدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرماقچى ئىدىم. شۇنداق بولغاندا، تاپقان پۇللىرىڭنى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلىشىپ، ئۆيدە يېتىپ يېسەممۇ بولاتتى، لېكىن سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىكى بىر خىل يوشۇرۇن كۈچ بىزنى ئالدىڭدا تىز پۈكتۈردى. ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزنىڭ سېنىڭ رايىڭغا بېقىپ ئۆزگىرىپ بېرىشىدىكى سىر مانا مۇشۇ. ئۇنىڭ هاراقنى تاشلاپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىكى سەۋەبمۇ سېنىڭ خاسىيىتىڭ. ئەپسۇسكى، مەن مۇشۇنداق كۈنلەردە كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم. لېكىن ئۆكۈنمەيمەن. قانداقلا بولمىسۇن، ئاللا تالا سېنىمۇ، مېنىمۇ، ئوغلۇمنىمۇ بولغۇسى نەۋرەمنىمۇ ئەمىنلىككە نائىل قىلدى.

مومايىنىڭ ئاجىز جىسمى ئېسەدەشتىن سىلكىندى. كۆز ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلدى. مەن ئۇنى بەزلەشنىڭ ئورنىغا خىيالغا چۆكتۇم. كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئورۇن بېرىش هېسابىغا ئۆزىنى جان پىدالىق بىلەن باقىدىغان ئانا ۋە خوتۇنىغا ئىگە بولغان ئېرىمنىڭ بۇ ئامەتكە بەكمۇ هەيران بولدۇم. تۇرمۇشتا خىجالەتسىز ياشاۋاتقانلار بۇ ئەسكى تاملىقتىكى جۇل - جۇل كىيىملىكلەر ئىچىدە بېشىغا قوشلاپ بەخت قۇشى قونغان بۇنداق ئامەتلىك يوقسۇل بايۋەچچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى خىيالغا كەلتۈرۈپمۇ قويامىدىغاندۇ. بۇ خۇددى يەر ئۈستىدىكىلەر دېڭىز ئاستىدا نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمىگەندەكلا بىر ئىش.

-ئېرىڭىز زادى قەيەردىن كېلىپ قالغان كىشىكەن؟

مەستۇرەنىڭ سوئالى ئۆز تەقدىرىنىڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغىچە بېرىلىپ سۆزلەۋاتقان تىلەمچى ئايالنىڭ دىققىتىنى بۆلدى.

-كەچۈرۈڭ، خانىم،- دېدى تىلەمچى ئايال بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ، - «يولنى كارۋاندىن سوراڭ، گەپنى تېجىمەلدىن» دېگەندەك گەپ سوراپ قويغىنىڭىزغا تويغۇزۇۋەتتىمغۇ دەيمەن.

-يوقسۇ، مەن يۇقىرىدا سىز ئېيتقاندەك تۇرمۇشتا خىجالەتسىز ياشاۋاتقانلارنىڭ بىرى، - دېدى هاياجانلانغان مەستۇرە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، - شۇ ۋەجىدىن بىزدەكلەر كىتابلاردىنمۇ ئۇچرىتالمايدىغان كەچۈرمىشلىرىڭىز ئاجايىپ سىرلىق تەپسىلاتلىرى بىلەن مېنى خۇددى هېكايىغا ئوخشاش ئۆز قوينىغا سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ كەتتى. مەن ئېيتقانلىرىڭىزنى سىز بىلەن تەڭ يىغلاپ، تەڭ ئۆرتىنىپ ئاڭلاۋاتىمەن. ئىككى كىشىنى نامرات هەم بىكار تەلەپ بىر نامەردكە بېقىندى قىلىپ قويغان كىگىزنىڭ پەقەت بىر بۇرجىكىنىڭلا هاياتلىق يولى ئېيتىلگەن بۇ ئىككى كىشىنى ئاخىرىغىچە ياشاش ئۈمىدىگە ئىگە قىلغانلىقى بۇ سىرلىق دۇنيانىڭ ئاجايىپ مۇرەككەپلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، هەم نامرات، هەم بىكار تەلەپ ئېرىڭىز موماي هەم سىز ئۈچۈن، هەم قۇتقۇزغۇچى، هەم مەھكۇم

www.uyghurkitap.com



قىلغۇچىدۇر. شۇڭا بۇ ئامەتلىك كىشىنىڭ تەكتىنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىلگۈم كەلدى. مالال كۆرمىسىڭىز بۇ ھەقتە گەپ قىستۇرۇپ ئۆتسىڭىز.



-مومايدىن ئاڭلىشىمچە ھەم ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، - دېدى تىلەمچى ئايال تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىككى بالىسىغا كۆز تاشلاپ قويۇپ، - ئۇمۇ ياقا يۇرتلۇق بىر يېتىم ئىكەن. يۇرتىغا بارغان بىر قارا ماشىنىغا يۈك بېسىشىپ بەرگەن باھانىدە شۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بۇياققا كېلىپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ بۇ يەردە پۇل تېپىشنىڭ بەكمۇ ئاسانلىقىنى ئاڭلىغان ئىكەن. لېكىن ئۇنىڭدەك ھېچقانداق ھۈنەردىن خەۋىرى يوق كىشىگە ئاشخانىلاردا ئانچە - مۇنچە ئوت قالاپ، يەر سۈپۈرۈپ، يۇندا تۆكۈشتىن ئۆزگە قورساق تويغۇدەك ئىش چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى مەھەللىمىزدىكى يېتىمچىلارغا ھەمراھ بولۇپ، تاشلاندۇق تاشلارنى يىغىپ، ئۆزى ياتقۇدەك بىر كولىبىنى سېلىۋاپتۇ - دە، ئېپى كەلسە ئىشلەپ، بولمىسا قېنىنى سېتىپ جان باقىدىغان يولغا كىرىپتۇ.

–ئېرىڭىز ھېلىمۇ ئاشۇ زاۋۇتتا تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتامدۇ؟

– بۇ نەكەمدىكى گەپ. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىرنەچچە يەردە ئىشلەپ باقتى. لېكىن ھەممە يەردە «نوپۇسۇڭ يوقكەن» دېگەننى باھانە قىلىپ ئورنىنى ئىسستىمىدى.

–موماي چۇ؟

–موماي شۇ يىقىلغانچە قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭغا نەۋرىسىنى بېقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، دىدارىنى كۆرۈشمۇ نېسىپ بولمىدى. بالا موماي قازا قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن تۇغۇلدى. ئۇ بالا مانا مۇشۇ.

تىلەمچى ئاپال ئاپئاق پەر ياستۇقتا خان بالىسىدەك شېرىن ئۇيقۇغا چۆمگەن جۇل - جۇل كىيىملىك بەش ياشلىق ئوغۇلنى ئېگىكى بىلەن ئىما قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىماسى بالا قورسىقىدا تۆرەلمە ھالەتتە ياتقان چاغلاردىكى ئانىلىق تەلپۈنۈشلىرىگە قىلچىمۇ ئوخشىمايتتى.

–شۇنىڭدىن كېيىن، – دېدى تىلەمچى ئاپال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، – كەينى - كەينىدىن ئىككى ئوغۇل تۇغدۇم. لېكىن ھەر ئىككىسىلا بېقىش تاپالماي قازا قىلدى. مانا بۇ قىز - بالىلارنىڭ ئۈتتىنچىسى. ھازىر قورسىقىمدىمۇ ئىككى ئايلىق بالا بار. ئىلگىرى تۇغماسلىقتىن خارلانغان بولسام، ھازىر كۆپ تۇغۇش بىلەن ئازابلىنىۋاتىمەن. نېمىشقا دېسىڭىز ئۆمۈرنىڭ بۇ ئۆپراتقۇچىلىرى ھەرقانچە ئارزۇلانغىنى بىلەنمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش قۇرتتەك ئۆمىلەپ ياشاش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. مەن بۇلارنى ئويلىغىنىمدا بىر ئۆزۈمنىڭ دەرد تارتقىنىنى ئازدەك، ئۆزلۈكسىز دەرد تارتىدىغانلارنى كۆپەيتىشكە تۆرەلگەنلىكىمدىن بەكمۇ خورسىنىمەن.

تىلەمچى ئاپالنىڭ سۆزلىرى مەستۇرەنى ئويغا سالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇشۇ بالىلارنىڭ بىرەرىنى بېقىۋالسام قانداق بولار، دېگەن شېرىن خىيال پەيدا بولغان ئىدى. لېكىن بۇنىڭغا قانداق ئېرىشىش كېرەك؟ ئۇنىڭغا بىر بالاڭنى بەر، دېيىش كېرەكمۇ ياكى ئوتتۇرىغا كىشى قويۇش كېرەكمۇ؟

–خىلىڭىز بولمىغان بىر كىشىگە چاي قۇيىمەن دەپ، بەكمۇ ئاۋارە بولدىڭىز، خانىم. بۇ ئىلتىپاتىڭىز ئۈچۈن خۇدا تىلىگىنىڭىزنى بېرەر، ئەمدى مەن قايتاي.

تىلەمچى ئاپالنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىشى مەستۇرەنىڭ شېرىن خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، ئۇ گويا ئۆز خىيالىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويغاندەك ساراسىمە ئىچىدە ئۇنى توستى.

–توختاڭ، چۈش بولۇپ قالدى، تاماق يەپ مېڭىڭ.

–ئون نەچچە يىلدىن بۇيان يىغىلىپ قالغان دەردلىرىمنى بىراقلا تۆكۈۋەتتىم، خانىم. ئىچىم خېلىلا بوشاپ قالدى. بۇ مېنىڭ بەتتە - پولۇ يېگىنىمدىنمۇ ئەلا. ئىشلىرىمنىڭ سۆز - چۆچەك بولۇپ كەتمەسلىكىگە ئىشىنىمەن، سۆز - چۆچەك بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى. چۈنكى مەن سىز بىلەن قايتا ئۇچرىشىپمۇ قالماسمەن.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆمەر ئوسمان شىپاھى

## غەزەللەر

1

ۋەتەنگە ياخشى پۇقرامەن، دېمەيمەن شاھ-سىپاھ بولسام،
تىلەيمەن ئەلگە خىزمەتتە ھەمىشە جان پىدا بولسام.
يېمەيمەن غەم، پۇشايمان ھېچ چېكىپ ھەسرەت-نادامەتلەر،
جېنىمنى ھەم نىسار ئەيلەپ نى دەردكە مۇپتىلا بولسام.
قېنىمنى بىمادارلارغا بېرىپ تۇرغۇزسا ياستۇقتىن،
مېلىمنى، خانىمانىمنى ئاتاپ مەيلى گاداھ بولسام.
كۆڭلىنى ئۆتكۈزۈپ غەپلەت بىلەن سەرسانە ئاھ ئۇرغان،
دىلى ئەما نادانلار قەلبىگە مەڭگۈ زىيا بولسام.
مەرىپەت زەر قۇياش، ئالەم ئۇنىڭ بىرلە مۇنەۋۋەردۇر،
ئىجادكار، ئىختىرا ئەھلى ئۇچۇن ئۆچمەس سىياھ بولسام.
ھەقىقەت يولىدا بولسا كىمەرسە بىداۋا رەنجۇر،
ئۇنىڭ نەپسى داۋاسى مەلھىمىگە تۇتىيا بولسام.
دېمەڭلار مېنى ئەي دوستلار پەزىلەت ئىگىسى — ئادەم،
تۇرالماي لەۋزى-ئەھدىمدە بىرەر ئىشتا رىيا بولسام.
ئۈمىدىم: تېز ۋەتەن، مىللەت زەپەردە ئەيلىسە پەرۋاز،
ئېزىتقۇ، مۇشكىلاتلارنى يېڭىشتە رەھنىما بولسام.
بولاتتىم شادىمان ھەيھات، شىپاھى دەپ تەخەللۇستىن،
غېرىبۇ ناتەۋان دىلخەستە رەنجىگە شىپاھ بولسام.

2




سامادەيمەن ساما بىلگەچ، سامانى جانۇدىل سۆيگەچ،
سامانىڭ يالقۇنى بىرلە تامامى شەيتىنىم كۆيگەچ.
چېلىنسا ناغرا-سۇنايلار ھېيتگاھ پەشتىقى ئۆزرە،

يېقىملىق-خۇش ناۋاسىدىن ھاۋايۇھەۋىسىم ئۆلگەچ.
تۆرەلدى، كەتتى كۆپ ئەجداد ۋە ئۆتتى بىر تالاي خاقان،
لېكىن پاشناپ ساما كەلدى جىمى خەلقىم كۆڭۈل بۆلگەچ.
يۈرەكنىڭ ئۇرغىنى گۈپ-گۈپ سامانىڭ ئەينىدۇر بىلسەڭ،
شۇڭا سوققاي يۈرەك مەڭگۈ سامانىڭ پەيزىنى كۆرگەچ.
سانايمەن رۇستەمى داستان ئۆزۈمنى رەقسىگە چۈشسەم،
زېمىننى دەس كۆتۈرمەككە دېمىم بار يەڭنى چىڭ تۈرگەچ.
ئۇنىڭ ئىشقى تومۇرۇمدا ئاقار ئۆمرۈم بويى قان بوپ،
مەگەر ئۆلسەم ساما ئىچرە ھاياتمەن ئارزۇيۇم كۆلگەچ.
بىغەم رەقسى ساما بىرلە كېلىپ، شىپاھى كۆزىگە
ساماخور خاكىپايىنى ھېسابلاپ تۇتىيا سۈرگەچ.

3

نېتەي بۇ ئىسكىلىت — تەننى ئۇنىڭدا بولمىسا جانىم،
ئەسەر بولغايمىكىن جاندىن تومۇردا سوقمىسا قانىم؟!
مۇقەررەردۇر تىنارلىقتا تۇغۇلماق ھەمدە ئۆلمەكلىك،
ياراتسا كىمكى مۆجىزە ھاياتقا ئۇ كېپىل دائىم.
بىلەمسەن جان بىلەن ۋىجدان تىرىكلىككە نىشان-ئىزنا،
نە ھاجەت مۇردا بوپ ئۆتمەك جاھاندا قالمىسا نامىم!؟
ئېچىلدۇرماق ئۈچۈن خۇش بۇي گۈلى رەنانى دەشتىدە،
ئاڭا شەيدا سەمەندەردەك كۆيۈشتۇر ئارزۇ-ئارمانىم.
ئەجەب راھەتتىمەن شۇلدەم مەگەر تارتسام رىيازەت ھەم،
ھۆز ۇرىغا كېلەلمەس تەڭ بىھىشتە ھۆرۇغۇلمانىم.
پىسەنت قىلمايمەن رۇستەمنى بەھىستە چىمچىلاقىمغا،
ئۇلۇغ قۇدرەت كامالىنى ئاتا قىلغاچقا ۋىجدانىم.
شىپاھى پىكىر قىلدىڭمۇ پىلە ئۆلگەي بېرىپ مەشۇت،
ھاياتسەنكى يارات تۆھپە دېگەي ئەل مەردۇمەردانىم!

4

ئىككى ئالەم مۇنىسىم، ھۆرى-غۇلمانىم ئۆزۈڭ،
تۈندە قەلبىم رۇشنى ماھى تابانىم ئۆزۈڭ.
ۋەسلى زەۋقىڭ ئىشقىدا مەجنۇن سىياق چۆل كېزىپ،
ئاھۇ - ئەپغان ئەيلىسەم شاھى جاھانىم ئۆزۈڭ.
بولسا كۆڭلۈم لال مەگەر يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ،
خاكى ھالىمغا پاناھ قەسرى-ئايۋانىم ئۆزۈڭ.
زەپىراندەك سارغىيىپ بولسام سىمابتەك بىقارار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پۇرقىتىڭدە ھەسبى ھال-دەردكە دەرمانىم ئۆزۈڭ.
نەكىبرەك سەندىن بۆلەك رۇخسارى ئاي شىپاھىغا،
ئىسكىلىت جىسمىمغا جان ئارزۇ-ئارمانىم ئۆزۈڭ.

5

قاچان كۆردۈم سىنى دىلبەر كۆڭۈلدە ھېچ ئارامىم يوق،
دەقىقە ئايرىلىپ سەندىن تۇرار مەنزىل-قارارىم يوق.
سىنى بۇ دىلغا جائەتكەن كۆزۈمدىن نارىزادۇرمەن،
نېچۈنكى كۆرمىسەم كاشكى مۇشۇ دەردۇبالايىم يوق.
تەپەككۇر ئەيلىسەم قىپتۇ كۆزۈم قەست جىسمى-جانىمغا،
قەسەمبىللا سىنىڭسىز دەم ئۆمۈردىن ھەم تەمەيىم يوق.
دىمەك تەس ھەي دىسە لەببەي، غۇرۇرى بار ۋاپادارغا،
قىلىپسەن ئىمتىھان ئەندەك بۇ يولدا ھېچ جاپايىم يوق.
ئېشىپتۇ دەمۇدەم ئىشقىم كۆرۈشكە يار سىنى بىر رەت،
تىرىكلىك، شادلىقىم سەنسەن، چىراي ئاچساڭ قازايىم يوق.
كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئاقتى، نەپىنھان تۆرمىدىڭ باشتا،
قارا، يالت قىپ شىپاھىغا، دىمەكتىن سىرت سالاھىم يوق.

6

ئول خۇدا قىپتۇ مىنى ئىشقى ئوتۇڭغا مۇپتىلا،
بارمىدۇ بىر يار ئۇچۇن ئاتەشتە كۆيمەك مۇنچىلا؟!
قاشلىرىڭ ياسىغا تارتىپ كىرپىكىڭ ۋاشاقىنى،
ئاتتىڭا ئۆزمەي يۈرەك تۇشتىنى چەنلەپ مەھلىقا.
كۆزلىرىڭ چاقماق گويا بۇركۇت كۆزىنى لال ئېتەر،
سېھرىي ناز-جىلۋەڭ بىلەن قىلدىڭكى ئاشىق-مەھلىيا.
ئوتقا چۈشكەن قىل كەبى بىراندۇرمەن تولغىنىپ،
بولما ئۇنچە باغرى تاش، قىلما جامالىڭ تۇتىيا.
ئىلتىجا قىلدى شىپاھى رەھمەقىل دەپ ھالىمە،
بىئەجەل ئۆلمە دىسەڭ ۋەسلىڭگە يەتكۈز ـــ مەرھابا!

7

ئايمۇ سەن، چولپانمۇ سەن ئايۋانىمدا شائىرە،
خۇش پۇراق رەيھانمۇ سەن ھەريانىمدا شائىرە.
ئۇنلىدى ئىلھام قۇشى شوخ رەپتارىڭ پەيزىدىن،
خۇش ناۋا بۇلبۇلمۇ سەن دىلباغىمدا شائىرە.
چاقنىغان شەھلا كۆزۈڭ قىلسا جىلۋە ناز بىلەن،

سىھرىيلىك لىرىكىدۇر داستانىمدا شائىرە.
سەن گويا غەۋۋاس — پىكىر ئوكيانىغا شۇڭغىغان،
كۈيلىسەڭ مىللىي، نەپەس زابانىمدا شائىرە.
قارىشىڭ — مەتنى يېتۈك، تىنىقىڭ — دورى بىھوش،
بەنتلىرىڭ — قامۇس ئىرۇر سۆز كانىمدا شائىرە.
ئالىمزارىڭ سەيلىگاھ، سەھىپەڭدۇر سەجدىگاھ،
نەقىش سەن قەلبىم تەھتى-ئەسرارىمدا شائىرە.
كۈيلىرىڭ شىپاھى رەنجى نەپىسىمدۇر، دەرماندۇر،
ئارزۇيۇم ۋەسلىڭ ئىرۇر ئارمانىمدا شائىرە.

8

مەرھابا، سۆيگەن نىگارىم ئەس - يادىم سەندىدۇر،
تۈنۈ - كۈن بىدارىمەن، پىكرى-خىيالىم سەندىدۇر.
كۆرسىتىپ نازۇ كەرەشمە ئىشق سېلىپ قىلدىڭ جۇنۇن،
يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ ئوتلۇق نىگاھىم سەندىدۇر.
بەختى-تەختىمنى تىلەپ سۆيگەن پېشانەمگە ئانام،
قىيىندىڭ كۆپ بى رەھىم ئۆلسەم ئۇۋالىم سەندىدۇر.
كۆز تىكىپ باقتىم پەلەككە، قېنى تالەي يۇلتۇزۇم؟
چاقنىدى چېھرىڭدە ئۇ، سۆيگۈ ۋىسالىم سەندىدۇر.
ئامىتىڭ باركىن شىپاھى بولما ياردىن نا ئۈمىد،
تاقىتىم بولماقتا تاق، ئارزۇ-مۇرادىم سەندىدۇر.

9

جىسمۇ-جانىڭ نەكېرەك خۇشرۇي جامالىڭ بولمىسا،
زىبۇزىننەتتىن نەسود مەڭزىڭدە خالىڭ بولمىسا.
كىم سېنى شەيدا دېسۇن مەغرىپتە بولساڭ ناگىھان،
سۆيگىنىم مەشرىقتە دەپ بىلمەككە پالىڭ بولمىسا.
كىم دېسۇن شېرىن ئۈچۈن پىدائى جان پەرھاد سېنى،
ئەلگە سۇ بەرمەككە تاغ يارغۇنچە ھالىڭ بولمىسا.
چىن ۋاپا شاھى دېيىش جايىز ئەمەس ناپاكىنى،
مەشۇقىڭغا بىر ئۆمۈرلۈك قۇت-ۋىسالىڭ بولمىسا.
ئى شىپاھى قىلما بەس ئىشقى - پىراق دەۋاسىنى،
چۈنكى قەددىڭدۇر ئىلىپ رەنجىدە دالىڭ بولمىسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



روزى ھوشۇر

# ئىلھام تامچىلىرى

## ئۈمىدىم ۋە خىتابىم بار

دولانلىقمەن دولان ئوغلى، دولان دەپ ئۆز دىيارىم بار،
دولاننىڭ مەشرىپى، بەزمە، ئۇسسۇل، قالۇن - ساتارىم بار.

دولاننىڭ سەنئىمى، رەقسى ئەمەس يالغۇز ئويۇن-كۈلكە،
ناۋا، ھەرىكەت جۇلاسىدا ئۇزاق تارىخ — سادايىم بار.

دىلى دەريا، ئۆزى دەنا، جاھاندا بىر گۈلى رەنا،
رەشتىخاننى ئاشىق قىلغان ئامانىنا — ئىپتىخارىم بار.

ياراتقاندۇر ئۇنى ئەجداد، بولۇپ ۋارىس ئاكا ئەۋلاد،
دەۋرگە زوق، سادا قوشقان راۋاب، خۇشتار، دۇتارىم بار.

دولانلىقمەن دولان ئوغلى، شەرەپ بەردى دولان خەلقى،
كۆچەت تىكتىم ئىجادىمدىن قىلىشقا باغ قارارىم بار.

## ئۇنتۇما

شانلىق نامى ياڭرىغان،
پولات-تۆمۈر تاۋلىغان
زاۋۇت-كاندا تەر تۆكۈپ،
ئىستىقبالغا چامدىغان
قەلبى چوغدەك، قەھرىمان،
ئىشچىلارنى ئۇنتۇما.

بەلبېغىغا نان تۈگۈپ،
كەتمەن چېپىپ تەر تۆكۈپ،
تاغ ياسىغان ئاشلىقتىن
ئەل-يۇرت ئۈچۈن جان تىكىپ،
بىزگە ئوزۇق يەتكۈزگەن
دېھقانلارنى ئۇنتۇما.

يۇلتۇز بىلەن دوست بولۇپ،
چېگرىدا پوستتا تۇرۇپ،
بوران-چاپقۇن جۇدۇندا
ئاپتوماتنى چىڭ تۇتۇپ،
ھۆر ۋەتەننى قوغدىغان
جەڭچىلەرنى ئۇنتۇما.

تاغ-چۆللەردە چاقنىغان،
ئالتۇن، نېفىت بايقىغان،

كەشپىياتقا، خەلققە،
ھاياتنى ئاتىغان،
پەزىلەتلىك قەھرىمان
ئالىملارنى ئۇنتۇما.

مەرىپەتكە قانغاندا،
ئالىم، گېنېرال بولغاندا،
ئىجادىڭدىن سۆيۈنۈپ،
ئىپتىخارغا تولغاندا،

ساڭا بىلىم ئۆگەتكەن
ئۇستازلارنى ئۇنتۇما.

ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان،
تەلپىڭنى ئوڭ قىلغان،
تەربىيلەپ ئەقلىڭنى
پەن-بىلىمگە مول قىلغان،
پەرۋانىدەك مېھرىبان
ئانىلارنى ئۇنتۇما.

## ئىلھام تامچىلىرى

### مۇقەددىمە

ئىستىكىمگە بىر ئىجازەت بەردى يول،
ئاق يول تىلەپ سەپىرىمگە قويدى قول.
جەنۇب تامان يولغا چىقتىم سامادا،
كۆمۈش لاچىن ئېلىپ ئۇچتى دەل ئۇدۇل.
مەرھابا، دەپ دوستلار سالدى پاياندار،
ئىلھاملىرىم ئېچىلدۇردى يېڭى گۇل.

### گۈل ئىشقى

كۆرگىنىمدە گۈزەل شەھەر گۈيلىننى،
تارتىۋالدى ئۇنىڭ ئىشقى مەيلىمنى.
شەھەر، سەھرا، تاغۇ دالا گۈل ئىكەن،
گۈللەر ھىدى مەستخۇش قىلدى دىلىمنى.
گۈلنى ئارىلاپ كۆردۈم لى، لو غارىنى،
تەبىئەتتىن تونۇۋالدىم ئەسلىمنى.
بۇندا گۈلدەك نەچچە مىللەت ياشاركەن،
كۈيگە قاتتىم ۋەتەن-يۇرتنى، نەسلىمنى. . .

1994-يىل 5-نويابىر، گۈيلىن

### زېھىن چىرىغى

جۇخەي يېڭى كۆز ئاچقان كاتتا گۈزەل شەھەركەن،
ئۇ ۋەتەندە پارلىغان نۇرلۇق سۇبھى-سەھەركەن.
تونۇگۈن ئۇ بىر كەنت دېسە ئاڭا كىممۇ ئىشىنەر،
بۈگۈن جۇخەي دۇنياغا نامى مەشھۇر ئەسەركەن.
بۇرۇن چىققان قولاقتىن مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ،
جۇخەيلىكلەر جۈرئەتلىك، ھەر قەدىمى زەپەركەن.
ئىلىم-پەننىڭ قۇدرىتى كۆرسىتىپتۇ كارامەت،
ئاقىل، قەيسەر كىشىلەر مۇرادىغا يېتەركەن. . .

1994-يىل 9-نويابىر، جۇخەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھەممەت خېۋىر

# ئاتەش نەزمىلەر

1

مىسلى دىلبەر لەۋلىرىدىن جامغا چۈشكەن قان كەبى،
يا تۆمۈرچى تۈچ ئېرىتكەن پېچىتكى گۈلخان كەبى،
قانچە سۇبھى سىگدى مەيگە، قانچە تىلسىم جەملىنىپ،
دىلغا چۆكتى لەۋگە تەگكەن تامچىسى ھىجران كەبى.
باشلىدى ئىزناسى مەۋھۇم تۈنجى ئىزغا يولدىكى،
ئارقىغا يانماققا يول يوق يول بويى ئازغان كەبى.
يۈركىلەر ئوت چوغلىنىپ تۇرغان يۈرەكتىن چايقىلىپ،
مىسلى فونتان گەۋدىسىنى بىر قىياس تىلغان كەبى.
قاي سەۋەبتىن بۇ قەسىرگە چۈشتى نەس ئەۋزەر يېقىن،
مىسلى جەننەت بىرلە دوزاخ يانمۇيان تۇرغان كەبى.
ساقىيا قۇي ئايىماستىن ئوتقا مەينى پەسلىسۇن،
جۇغلىنىپ تۇرغان پىغاننى ياش بىلەن يۇيغان كەبى؛
مەيلى ئەتە مەغپىرەتتىن ۋە زىرىقتىن قال قۇرۇق،
مەيلى بول رەسۋايى بەت سىر تۆكۈپ پىنھان كەبى.

2

ماكانىم پەيلى زىنداندۇر، دىلىستانىمدا مېھرىڭ جەم،
بۇلۇت ئاپتابى چەنداندۇر، ۋىسالسىز يۈزدە مىلڭ شەبنەم.
ئىناۋەت لەۋزى مەھكەمدۇر، كاپالەت شەرتى تىلسىملىق،
كاشال تەقدىر تۈزەلگەندە سوغۇق خۇي تاپتى قىستاڭ دەم.
ھەرەمنىڭ ھۆرى ناز بېرىپ قاناتەتكە تويۇنغاندا،
بېخىل چاقماق قىلىچ بىرلە مىنۇتلارنى يوقاتتى ھەم.
رىۋايەت يەشمىسى كىمگە نېسىپ، شۇ زات قەدىر سەزمەس،
چېچەك چاڭدانىغا روبىرو بولار پەيتىم ھامان كەم-كەم.
ئاۋات يەرمەنكىدە مەن يوق، نىگاھلار مەرىكىسى پىنھان،
سەھەردە باشلىغان چۈشتەك يارامغا يەتمىدى مەلھەم.
جۇنۇنلۇق چۆللىرى ھىجرەت بىلەن جاي ئالدى ھۇجرامدىن،
ئۇپۇكلەر ئۇنتۇلۇپ لەۋدە ھۆكۈمران قالدى قىرتاق تەم.
ئەجەم مەرغۇلىدەك يۈكسەك سۆزۈك ئاڭ لەرزى تاقەتتۇر،
ئازاب-شادلىق بىلەن دەۋرى قىلار مۇنبەردە ھەر نەغمەم.
مېھىر ئىزدەپ سىياقىڭدىن، ئاداشتى سۆزىدىن پىنھان،

پەسىللەر يورغىسى تېزدۇر، مۇھەببەت تۇرغۇسى مەھكەم.

3

پەلەككە يامرىشىن سەزمەي قومۇشقا ئوتنى ياقتىڭمۇ؟
جۇنۇنىنىڭ مەيلىنى كەزمەي ئېزىتقۇ نازدا باقتىڭمۇ؟
ئەزەل قىيناقلىرى ئەلۋەك، يۈرەكنى قاقشىتار زەخمەك،
ئۇدۇمنى بەتكە كىرگۈزمەي، كىشەنلىك تەختنى چاقتىڭمۇ؟
زەبۇن قورغاندا مەن شاھمەن، ئەرىكلەر تەركى غەمناكمەن،
ئەسىرلىك ھۆكمىگە ئۇزمەي، قۇۋۇقنى تۇندە قاقتىڭمۇ؟
ئىبارەم پوكۇسى سەندە، ئىزاھىم قايغۇسى سەندە،
مېنى ھىجرىڭدىلا ئەزمەي، زەھەردە خەقنى باقتىڭمۇ؟
يۈرەك بار ھەر ئاۋازىڭدا، زەھەر بار خۇلقۇ نازىڭدا،
ئۈزۈكىنىڭ كۆلىدە ئۇزمەي تومۇردىن دىلغا ئاقتىڭمۇ؟
ئەزىم ئىمكانىغا پۇرسەت بار، زەخىم پىنھاندا رىغبەت بار،
ۋىسالدا نۇرغا يەتكۈزمەي، زۇلۇمدا ئوتنى ۋاقتىڭمۇ!

4

مۇھەببەت بەھرىگە قولۋاق، شەبىستان رەڭگىگە ئاقمەن،
سائادەت پەيتىگە ئورتاق، جاپالار دەمىگە تاقمەن.
بۇ دەريا سەتھىدە سەن بار، بۇ ئاتەش تەپتىدە مەن بار،
كېلىچەك كۆكىدە لەيلەپ، ھارارەت بىرلە پارلاقمەن.
سۆيۈشنىڭ مەيدىن مەستمەن، جاپادىن زارى ئەتمەسمەن،
مۇلاقات مەۋسۇمى مەجنۇن، ھىجىر مۆچىلىدە ساقمەن.
زىمىستان دەردىدە سەن يوق، خىيانەت ۋەھمىدە مەن يوق،
ھۆرۈپ ئەزۋەيلىسۇن شەيتان، ۋاپا قەسرىگە بايراقمەن.
باراقسان ئاينىسا لەيلى، ھەسەتلەر ئەۋجىسۇن مەيلى،
گۈلۈڭگە كەڭتاشا پۇرسەت، باھارلىق مىسلى تۇپراقمەن.
قۇياشقا يۈزلىنىپ پىنھان، سېنىڭدىن ئالدى كۆپ زەردان،
قەسەمگە پۈتمىسەڭ مەيلى ئەزەلدىن ئەسلى شۇنداقمەن.

5

زۇغۇيلار پەيلى تاڭ بەرمەس، شۇڭا ھوقۇشقا تۇغقانمىش،
بۇلۇڭلار مەيلى كەڭ كەلمەس، ئۇنى شەيتانلار ئوتقانمىش.
پەرىشتە بىرلە شەيتانغا ئىمىش روھ دائىمىي جەڭگاھ،
ئىلاھ دەرگاھىدا شەيتان گۇمان جەزبىسى ئوققانمىش.
مۇكەممەللىك مەقامىدا كىشىنى كۆرمىدى ئالەم،
بىرى نۇر پەيزىدە مەستخۇش، بىرى تۇن دەردىدە قانمىش.

قاچانكىم چوققا كۆرگەندە ھەسەت قان قۇستى ۋە كۆيدى،
شۇڭا چوققا قىلىپ تاقىر بېزەكلەرنى ئۇنتۇغانىمىش.
يىغىلدى ئۇستىلەپ ئەخلەت، ئېشىپ باردى ئۇنۇمدارلىق،
شۇڭا جىلغا باراقسانلىق شەرەپ ھەمياني تۇتقانىمىش.
قاچانكى تەڭلىشەر ئالەم، شۇ دەم شەيتانغا بىرتۇن بار،
زۇغۇيلار جىلغىسى شەيتان مىراس ۋەجىنى يىغقانىمىش.
قاچانكىم چوققا تاج كەيدى، شۇ دەم شەيتاندا قەست پەيدا،
پەرىشتە ئىشقىدا پىنھان ئەلەم زەردابى يۇتقانىمىش.

6

مۇھەببەت مۇلكىدە نۇرغا تەلەپكار سىھرىي بىر جام بار،
تەسەددۇق ئىلكىدە سۇنغان مۇقەددەس جەزبى ئىنئام بار.
سەمەندەر سالمىقى كۆچكەن چىرائىلىق رەھمى دوزاخ بۇ،
تىرىك ھېس ئەۋجىدە ئەسلى ئىلاھىي تۇستە مىلك دام بار.
ئۇنتۇماق جەزمى ئىنكارنى ئەزەلنىڭ پالىدا چىققان،
ئېچىلغان ئالقىنىم ھەققى پەرىشتە رەسمىدە نام بار.
ئەسەب چاڭقاقلىقى دەۋرەپ نەپەسنى سەۋرە قىسقان دەم،
مۇقەررەر پەللىدە دولقۇن ئۇرۇپ ۋىلۋىلى سايرام بار.
نەۋىلۋىلكى شىكەستە ئاغزىغا تامسا بەلەن زەمزەم،
ئۇزۇك پەيتتىن چىقىپ بەرجەس ئاجايىپ قەددى ئېھرام بار.
تىلاۋەت گەر خۇلاستا چىقسىمۇ تاڭغا بىدار سايراپ،
ئۇلاپ ئىمكاننى ئىمكانغا ئۇزۇلمەس دەۋرى ئىلھام بار.
ۋىسال ھىجرانغا تىغ تەڭلەپ، چېچەكلەر پەيتىنى تاپسا،
ھامان تىلك تاغدا بىر ھالك بار، ۋەيا تۇز جايدا تىلك تام بار.
مۇھەببەت مۇلكىدە مەيگە تولۇپ مەست بولدى چاڭقاق جام،
تاپار ئۆزگە ھامان تاڭنى لېكىن پىنھانغا كەچ شام بار.

7

تۆكۈپ ھەسرەت غېرىب مۇڭدا، تۇماندا قالدى دەرگاھلار،
ئامال سەندە، شۇنىڭچۇن ئىختىياردىن ھالقىدى ئاھلار.
قەدەھلەر پەيتىدە تارتىپ ساماغا شاھ ئېتەر ئۇلپەت،
يېگانە پەيتتە تارتىشنى بىلەمدۇ مەيدە ھەمراھلار؟
ئازاب پەيمانىغا چەك يوق، تەسەللى ئىزدىدىم مەيدىن،
جۇنۇن لەيلى مەدەتكار دەپ قەدەھتىن چىقتى ئەرۋاھلار.
يىراقتىن بىر نىيەت تارتىپ زەئىپ تۇمشۇق تىرەپ كەلدىم،
رەھىمنى ئۇنتۇدى يەكلەپ ئۇشۇق مەيلىگىدىكى شاھلار.

تومۇز لەۋلەرنى يارغاندا ئېرىتقۇ ئالدىغان چۈلدەك،
يۈرەكنى تېزلىتىپ چاقماق سىماھلىك يىتتى گاھ-گاھلار.
مۇھەببەت يازمىشى دەردلىك، ھامان چالما بىلەن باش قان،
يۈرەك پەريادىنى فايىۋاق ئىشتكەن سەۋرى دادخاھلار؟
گىرىمسەن ھۇش بىلەن لەيلەيتنى پىنھاننى يىراق ئاپتاپ،
شىكەست ئۇن بىرلە جىللايدۇ قوشۇل دەپ سەپكە گۇمراھلار.

8

قۇياش جەۋلانى گەر ئەلۋەك، دىلىستانىمغا ئاپتاپ كەم،
بۇلۇت ھىجرانىدىن يۈزنى يۇيۇپ كەلدى ھامان شەبنەم.
بىشارەت لەۋزىدىن ئالدام سېزىلسە ئۈزرىلىك دىلبەر،
ساداقەت سەجدىدىن قاڭقىپ يېرىلغان باشقا ئۇ مەلھەم.
سوغۇق قار ئاستىدا ياتتى چىمەنلەر يىلتىزى ئەسنەپ،
لېكىن باشلانمىدى باغدا ۋىسالغا جان بەخش كۆكلەم.
گۆدەكلىك مەنزىلى ياپتى ئېكىمغا بىر زەھەر پەردە،
پەرىشتە رەسمىدە تۇرلەپ بەداشقان قۇردى شەيتان ھەم.
ھارارەت تارقىسا مەندىن باھاردا تاڭغا سۇرئەت تېز،
چېقىن ياندۇرسا ھەر سىلجىش قۇياشقا يەتتى شاد كۆلكەم.
رەشىك كالتەكلىرى كۆپلەپ مۇھۇر باستى پېشانەمگە،
جۇدۇنلار ئىمتىھانىدىن بېكىندى يىلتىزىم مەھكەم.
مەسىھتىن بىر نەپەس سوراپ يىقىلغان پەستى ئاجىزمەن،
بىساتىڭ كەملىمەس ھەرگىز ئىنايەت سەپلىسەڭ بىردەم.
رىۋايەت تەمىسلى بىرلە ئۇتۇمنى پەسلىتىپ كەلدىڭ،
خىراجەت ۋەجىدىن كەملەپ سوغۇلماقتا چۈرۈك سەۋرەم.
سەۋەب ئىمكانى كۆپ يارسەن، شاھانە تەختلىرىڭ يۈكسەك،
تۇرار چاڭقاپ مېيىپ پىنھان، قەدەھتەلىق ئۈزات زەمزەم...

9

ئايىنغان ۋەسلىڭ تەمەسى ئەيلىدى مەھزۇن مېنى،
ئاتمىغان تاڭلار جاپاسى سايلىدى مەجنۇن مېنى.
سەجدە بىرلە بەنت ئىمىشسەن، مەن ھامان مەيخانىدا،
ئارمىنىڭ ئەبجەش مۇسەللەس، تەڭشىدى گۈلگۈن مېنى.
لەيلىتەر چۈش دىلرەبالىق مەنزىلىدە سۇبھىدەم،
لەرزىنى تەكرار تاۋلىدى تا شامغىچە جۇشقۇن مېنى.
ئاپتىپىڭ ئۆزۈڭگە چۈشسە خۇرشىدىڭگە بەك ئۇۋال،
تەقدىرىمىمۇ، تەدبىرىڭمۇ قىلدى قۇرغاق تۇن مېنى.

www.uyghurkitap.com

لاپ قىلىپ ئۆچكەن چىقىنىسەن، گەر كۆزۈمدىن ئۆچمىدىڭ،
شۇ چىقىنىغا ئەت لاۋۇلىق مەركىزى مەزمۇن مېنى.
زەخمى پىنھان ئازغىنىشىپ، چۇش كەيپىدە بەك ئالجىدىڭ،
زەخمىڭنىڭ چېكىپ يۈرەكنى ئەتتى زەخمەت ئۇن مېنى.

1995- يىل 1-، 3- ئاي، توقسۇن

**مەھمۇد زەيدى**

# ئىككى شېئىر

### ياخشىلىق دەپتىرى

ئۆتتا كۆيمەس ياخشىلىقنىڭ دەپتىرى،
ئۆلۈم بىلمەس بۇ كۆڭۈلنىڭ كەپتىرى.
يولدا يولۋاس كەلسە دۈچ، ئەيلەر نابۇت
بېلىگە باغلانسا مەردلىك كەمىرى.

بولمىغاي دانا كىشىلەر بىقارار،
بەرمىگەي ئۆزگىگە ھەرگىز دەرد - ئازار.
كىمكى نەپسى ئالدىدا قۇل بولسا گەر،
شۈبھىسىز ئۆزىگە ئۇ لەھەت قازار.

ياخشىلىقنىڭ يولى شۇ: بول كەمتەرىن،
ئاشنا تۇتقىل ھەقىقەتنىڭ شەمشىرىن.
ئەل ئارا بولساڭ سۇدا ئۈزگەن بېلىق،
بارچىسى ئېيتار ساڭا كۆپ ئاپىرىن.

ئويلىما مەن ھەممىدىن بەك ياخشىراق،
كۆپ كىشى سەندىن ئۈزۈپ كەتتى بىراق.
بەزىلەر كەڭ كائىناتقا ئالدى يول،
سەن ئۆزۈڭچۇ، ئويلىغىن بۇنى ئۇزاق.

### ئۆمۈر باغچىسى

غازاڭ بولدى ياشلىق كۆچىتى،
يىراقلاشتى سۆيگۈ ئىلپىتى.
قېرىلىقتا تەن بەرمەس كۆڭۈل،
يىگىتلىكنىڭ كەتتى سۆلىتى.

تۇرمۇشۇمدا ھەسرىتىم يوقتۇر،
گۈللىمەكتە ئۆمرۈمنىڭ بېغى.
ياشلىق پەسلىم كەتتى مېھماندەك،
خازان تۆكۈپ پەقەت بىر شېخى.

روھىم تېتىك، قەلبىمدە يالقۇن،
ئۆچكىنى يوق مۇھەببەت ئوتى.
تومۇرۇمدا قانلىرىم جۇشقۇن،
ۋۇجۇدۇمنىڭ قايىنار جۇرئىتى.

**روزى سايىت**

# ياشلىق بىرقۇش، بىر دۇلدۇل

## ئەللىك يېشىمغا بېغىشلىما

يارەنلەر قۇتلىدى ئەللىك يېشىمنى، شادلىنىپ مىڭ كۆزدە تۆكتۈم يېشىمنى.
كۆتۈردى زېمىندىن كۆككە بېشىمنى. خەلق مېنى ئۆز بىلگەچ بېشىم ئاسماندا،
ئۆتكۈزدى شاھانە ئەنجۈمەن - مەشرەپ، ياق، مەڭگۈ پۈت يەردە، دەي كەچمىشىمنى:

بىر ئۆمۈر شېئىر يازدىم (مۇقامى ھەرخىل)
كۆلدۈرۈپ، رەنجىتىپ، ئاھ، دىلىكىشىمنى.
پۇشايمان قىلسامىمۇ ئۆتكىنى كەتتى،
ۋىجدانىم كەچۈرمەس نۇرغۇن ئىشىمنى.
ئەللىك ياش — ئەرلىك ياش، چاچلىرىمدا ئاق،
تۈگەتتىم ئەللىك ياز، ئەللىك قىشىمنى.
ھېلىھەم ئارزۇ كۆپ، قىلغايمەن خىزمەت
ئەل - يۇرتقا، يوقاتماي ئەقىل - ھوشۇمنى!

## ھايات قانۇنىيىتى

- بېلىق تۇتۇۋېتىپ ئويلىغانلىرىم

بېلىق رايى ئېقىمغا قارشى ئۈزمەكتۇر،
بېلىقچى رايى ئۆزگەنلەرنى سۈزمەكتۇر.
بىرى ئىستەپ ھەلەك ئۆز ئەركىگە كەڭلىك،
بىرىنىڭ كەڭنى تار قىلماق ئويى بەكتۇر.
جاھان كەڭ - تارلىقى ھېچكىمنى جىم قويماس،
مۇراد ھەر ئىشنى ئۆز رايىچە تۈزمەكتۇر.
دەرىخا، پىشسا قوغۇن بەرگىدە تۇرماس،
بۇ شۇنداق دەۋرى ئالەم خۇددى كۆزلەكتۇر.
بېلىقنى سۈزدى تور، جاننى سۈزەر قابىس،
بۇ شۇنداق بىر ھايات مىزانى — كۆزنەكتۇر.

## يەنە بىر چۇقان

سەن ئەجەب مىللەت دىلىڭ ھېكمەتكە باي،
كۆيخۇمار، ئىشچان، غەيۇر، ھىممەتكە باي.
ھېكمىتىڭ، شۇ ھىممىتىڭ ئالەمگە پۇر،
سەندە شېرىنلەر تولا، پەرھاد تالاي.
سەندە مانى بىرلە سوقرات ئاز ئەمەس،
يوق ئەمەس نەپسىگە بولغان قۇل - مالاي.
سەن ئەجەب تەركىب، بىرىڭ «ئەل» دەپ ھەلەك،
گاھ بىرىڭ دەيسەن: ئۇ ئۆلسۇن، مەن قالاي...
كۆزلىسە ئىقبالنى مەرد ئوغلانلىرىڭ،
دەپ جاھالەت كۆكسىگە خەنجەر سالاي!
شۆكرىنى تەلپەك قىلىپ قىرلاپ كىيىپ،
قايسىبىر غاپىللىرىڭ كەچمەكتە لاي...
ئەي مېنىڭ شان - شەۋكىتىم، جان مىللىتىم،
نەزمىلىك چۇقان بىلەن ناغرالىڭ چالاي:
نەچچە مىڭ يىللىق ساۋاقنى ئەستە تۇت،
كىمگە ئەسقاتقان مۈلۈك، ئايۋان - ساراي.
ئىلمۇ ئىرپاندۇر جىمىنىڭ ئەۋزىلى،
ئۇ جاھاندا نى غېرىبنى ئەتتى باي.
گەرچە بايسەن پۇلغا ئۇ بىر ئەرزىمەس،
يىتمىسە قاششاقلىقىڭ ھالىڭغا ۋاي.
مەنىۋى دۇنيا بېيىسە نۇر بىلەن،
ئەڭنى جۇللۇق ھېچنېمە، سەن كۆكتە ئاي.
كۆر، ئۆگەن - ئىشلەت مۇرادىنى كۆزلىسەڭ،
ۋاھ، ئۇ چاغ كەپەڭ ساراي، باغ دەشتى — ساي.
سەن ئەمەس دۆت، يا ئەمەس كورباتىنى،
يوق نىچۈن ئۈستۈڭدە تون، ئاستىڭدا تاي؟
شۇنچە كۆپ دىشۋارى غۇربەتمۇ يېتەر،
ماڭما ئەمدى يولنى سەن ئەگرى توقاي.
چىن باغاش ئەت مەرىپەت دىلدارىنى،
روھىي غاپىللىقتا ئوت ئاچ، نەيزە ساي!

## رۇبائىيلار

ئۆگەنمەككە ئەللامە - دانا كېرەك،
ناداندىن ئۆگەن بولمىسا شۇ زېرەك.
نادانىنىڭ خاتاسى سېنىڭ ئىبرىتىڭ،
خاتانى چۈشەنمەك بىلمەكتىن دېرەك.

* *

يازماق ئاسان، «شائىر» بولماق تەس،
بىرى ئەقىل، بۇرچ، بىرى ھەۋەس.
شائىر دېمەس، شېئىرمۇ ئەمەس،
گەر لەززەتى قىلالمىسا مەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جېلىلى

# ۋەتەن مېھرى

1

ۋەتىنىم، بەردىم ساڭا مېھرىمنى جانىدىن كېچىپ،
قوغدىغايمەن سېنى مەڭگۈگە ئەزىز جاندىن كېچىپ.
بۇيرىساڭ خىزمەت ئۈچۈن قار-مۇز قېتىشقان دالىغا،
خىزمىتىڭگە مەن بولاي پىدايى، گۈلخانىدىن كېچىپ.
ۋەتىنىم، ئاقلاش ئۈچۈن كۆتكەن ئۈممىدىڭنى سېنىڭ،
مەن چۈشەي ئىش قىزىغان مەيدانغا پىنھانىدىن كېچىپ.
ۋەتىنىم، بەختىم-غۇرۇرۇم، ئارزۇ-ئارمانىم ئۈزۈڭ،
غەيرىي ئارمان قىلمىغايمەن ئۇشبۇ ئارماندىن كېچىپ.
بىلىمەن جاندىن ئەزىز نەپىسىڭنى ئانا ۋەتىنىم،
مەن ئۆلەي قىلسام خىيانەت ساڭا ۋىجداندىن كېچىپ.

2

ئۆتەرمەن ئۇشبۇ دۇنيادىن ۋەتەنگە قىلچە يۈك بولماي،
ئۇلۇغ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ ئېقىپ يۈرگەن كۆپۈك بولماي.
ئىلىم-پەن ئۆگىنىپ ھەردەم بولۇپ ئاقىل، پاراسەتلىك،
نادانلىقنى يېڭەي دەيمەن دىلى ئەما تۇرك بولماي.
كېرىپ كۆكرەكنى بارغايمەن ۋەتەن-ئەل بۇيرىغان يەرگە،
ئۇ يەردىن زادى قايتمايمەن ماڭا بۇيرۇق، سۈرۈك بولماي.
ۋەتەن مېھرى ئاتا قىلغان ماڭا مەردلىك، شىجائەتنى،
قىلۇرمەن ھەر نە ئىشلارنى بولۇپ روھلۇق، ئۆلۈك بولماي.
رىزامەن ھەق جازا بەرسە ماڭا تەڭرى قىلىپ پەرمان،
يۈرەك سۆيگۈم ئەگەر قالسا ۋەتەنگە مەڭگۈلۈك بولماي.

## پارچىلار

«شۈكرى» دەپ ياشىدىم خېلى كۆپ زامان،
«شۈكرى»گە كۆڭلۈمدە تۇغۇلدى گۇمان.
چۈنكى، ئۇ بولۇپ پۇت-قولۇمغا كىشەن،
ئېپ كەلدى ماڭا دەرد-ھەسرەت، پۇشايمان.

ئادەم يوق دۇنيادا بىرمۇ ئەيىبلىك،
«ئەيىب» دەپ ئاتالماس جىسمى مەيىپلىك.
ئەيىبنى تۈزەتكەن ئادەم ئۇلۇغدۇر،
ھەممىدىن يامىنى روھىي زەئىپلىك.

*　*

دۇتارنىڭ تارى بار، ساداقنىڭ ئوقى،
ئادەمگە ھەممىدىن ياماندۇر يوقى.
«يوق»نى بار قىلىمەن دېسەڭ، ئەي بالام،
سۆي ئىلىم-ئىرپاننى، تىرىشىپ ئوقى!

*　*

ياخشىلىق-نۇسرەتتۇر زاماندىن-زامان،
يامانلىق ئاپەتتۇر ئىنسانغا ھامان.
ياخشىنى قوللىغان دانا ئادەمدۇر،
يامانغا يانتاياق بولغان ئەڭ يامان.

*　*

ھايات، ئۇگويا بىر دەريايى ئەزىم،
كۆۋەجەپ ئاقىدۇ تاپماستىن تىنىم.
ئۆتىدۇ ئۇنىڭ چوڭ سىناقلىرىدىن،
دولقۇنلار باغرىنى يارسا كىمدە كىم.

*　*


بۇرادەر، غەۋۋاس بول جەسۇر ۋە ماھىر،
دېڭىزنىڭ تەكتىدىن سۈزگىن جاۋاھىر.
يارانقان تۆھپەڭدىن قىلمىساڭ مىننەت،
بولىدۇ كىملىكىڭ ئەل-يۇرتقا زاھىر.

*　*

ئۈمىدتىن ياشنايدۇ ئادەمنىڭ جېنى،
تومۇردا ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ قېنى.
ئۈمىدسىز ئادەمنى قىلىدۇ ھالاك،
ھاياتنىڭ شىددەتلىك چاقماق-چېقىنى.

*　*

كۆرەڭلەپ كەتمىگىن بولساڭ بەگزادە،
ئۆزگىگە كۆڭلۈڭنى تۇتقىن ئازادە.
توڭغانغا ئوت بەرسەڭ، چاڭقىغانغا سۇ،
ھۆرمىتىڭ كۆنسېرى بولۇر زىيادە.



**باھارگۈل ساۋۇت**

# ئۇستاز قەلبى

(ئوچېرك)

بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىشى، گۈللىنىشىدە شۇ مىللەتنىڭ ئىچىدىن چىققان ئىجتىھاتلىق، ئۈمىدۋار، جاسارەتلىك كىشىلەرنىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. تاڭ چولپىنىدەك پارلايدىغان بۇ كىشىلەر مىللىتىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ پەخرى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلەشكە، ھۆرمەتلەشكە، تېگىشلىك كىشىلەردۇر.



«باشلىق» دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزغا يېشى چوقۇم قىرىق - ئەللىكلەر ئەتراپىدىكى سالاپەتلىك، ئۆزىنى جىددىي تۇتىدىغان كىشىنىڭ سىماسى كېلىدۇ. بۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ كېلىۋاتقان قائىدە.


ـ31 ياشلىق مەكتەپ مۇدىرى دېدىڭىزما؟

ـئىشەنمەمسىز؟ مەن سىزنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ باراي، ـ دېدى دوستۇم كۈلۈپ تۇرۇپ، ـ ھەيران قالغۇدەك ئىش يوق. ھازىر ئىسلاھات دەۋرى ئەمەسمۇ؟

ـئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئىسلاھات دەپ بىر مەكتەپنى ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى پۇراپ تۇرغان بىر بالىغا تۇتقۇزۇپ قويسا قانداق بولار؟

دوستۇم ماڭا ئارتۇقچە سۆزلىمەڭ دېگەندەك قىلىپ لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. بىز ئۇنىڭغىچە مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغان ئىدۇق.

سالقىن، ئازادە ئىشخانىدا ئاددىي رەختتىن كىيىم كىيگەن، گەۋدىلىك بىر يىگىت ئولتۇراتتى. بىر قاراشتىلا ئادەمدە يېقىملىق تەسىرات پەيدا قىلىدىغان بۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆتكۈرلۈك، زېرەكلىك چىقىپ تۇراتتى. زامانغا لايىق رەتلىك پاكىز كىيىنگەن بۇ يىگىتنىڭ شالاڭلىشىغان چېكە چاچلىرىغا قاراپ، 31 ياش دېسە ئادەمنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.




ـ 31 ياشلىق مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بارلىقىغا بۇ دوستۇم زادىلا ئىشەنمىدى، شۇڭا سىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن دەپ يېنىڭغا باشلاپ كىردىم، ـدېدى سالام سائەتتىن كېيىن دوستۇم مېنى تونۇشتۇرۇپ.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى مېنى بەكمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. لېكىن ماڭا مۇدىر دەپ تونۇشتۇرۇلغان ھېلىقى يىگىتنىڭ سەممىي كۆلكىسى مېنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇردى.

-شۇنداق، - دېدى ئۇ، -مەن ئۆزۈمنىڭ يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان يۈكنى يەلكەمگە ئارتىۋالدىم. سىزنىڭ ئەجەبلىنىشىڭىز ۋە ئىشەنمەسلىكىڭىزنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسامۇ چوقۇم ئىشەنمىگەن بولاتتىم.

- مەكتىپىڭلارنىڭ مەنزىرىسى بەك چىرايلىق ئىكەن، بىنالىرىمۇ يېڭى، ھەممە ئەسلىھەلىرى تولۇق ئوخشايدۇ-ھە، -. دېدىم مەن ئۇنىڭدىن مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ.

-شۇنداق،- دېدى ئۇ، - مەكتىپىمىزدە ئىككى ئوقۇتۇش بىناسى، بىر ئائىلىلىكلەر بىناسى، بىر ياتاق بىناسى بار. . .

شۇ ئەسنادا ئىشىك يەڭگىل چېكىلىپ قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى- دە، بىز بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۇدۇل مۇدىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر تالوننى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. مۇدىر تالونغا قارىغاندىن كېيىن:

-رېتسېپنى ئېلىپ كېلىڭ، بۇ يىغىندا قارار قىلىنغان تۈزۈمغۇ، - دېدى ۋە تالوننى ئايالنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، بىزگە يۈزلەندى. ئايال بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ تالوننى كۆتۈرگىنىچە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

مەن ئىچىمدە مۇدىر تولىمۇ چۇپەيي يىگىتمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ تۇرۇشۇمغا ئۇ خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا:

-تازىمۇ كۆزى كىچىك نەرسىكەن بۇ دەۋاتقانىسىز ھەقچان، - دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ،- ئامال يوق، ئادەم باشقۇرماق قىيىن ئىش ئىكەن. تۈنۈگۈن ساپساق تۇرغان ئادەم بۈگۈن بىر قانچە يۈز يۈەننىڭ تالوننى كۆتۈرۈپ كىرسە، مەكتەپنى قانداق باشقۇرىمەن؟ . . .

ئۇنىڭ بۇ سۆزى مېنى قايىل قىلدى. بىز خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. بۇ ياش مۇدىرنىڭ بېسىپ ئۆتكەن قىسقىغىنە ھايات مۇساپىسى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

1985 - يىلنىڭ ئۆكتەبىر ئېيىدا ساۋەن ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئالدىدا قارا رەڭلىك بىر پىكاپ توختاپ ماشىنىدىن ئىككى ئەر، بىر ئايال چۈشتى. ئۇلار ئۇدۇل ئەلى ئاكىنىڭ ئۆيىگە كىردى. بۇ تۇيۇقسىز كەلگەن ناتونۇش مېھمانلار ئۆيدىكىلەرنى سەل ھەيران قالدۇرغان بولسىمۇ، ئاق كۆڭۈل ساھىبخانلار داستىخان راسلاپ مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

سۆھبەت داۋامىدا ئايان بولدىكى، ئۇلار 1983 - يىلى قۇرۇلغان شىخەنزە شەھەرلىك مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرى ئىكەن. ئۇلار ئەلى ئاكىنىڭ ئوغلى ئۆمەرجاننىڭ ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ تېخى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ئىدى.

-مەكتىپىمىز يېڭى قۇرۇلغان، شارائىتىمىز يامان ئەمەس، بارساڭ ساڭا ھېچنەرسە قىلىپ بېرەلمىسەكمۇ ياخشى بىر يۇرۇش ئۆي بېرەلەيمىز، - دېدى شىبە مۇدىر ئۇيغۇرچىنى قىيىندا سۆزلەپ.

ئۆمەرجاننىڭ يۇرگەن قىزى ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا قاراماي غا تەقسىم قىلىنغاچقا، ئۇنىڭمۇ قاراماي غا كېتىش

نىيىتى بار ئىدى. قاراماينىڭ مائاشى يۇقىرى، تۇرمۇش شارائىتى ياخشى، مىللىيلار كۆپ ئىدى. ئۇ يەرگە بارسا ئۇ ھېچ قىينالمايلا ئۆزلىشىپ كېتەلەيتتى. لېكىن ئۆزى مۇستەقىل ھايات يولى تېپىش غۇرۇرى ياش ئۆمەرجانغا ئۆزىگە قايتا - قايتا يالۋۇرۇۋاتقان، باشقىلاردىن ماشىنا ئارىيەت ئېلىپ ئۆزىنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەن بۇ مېھمانلارغا ماقۇل دېگەن جاۋابنى بېرىشكە مەجبۇر قىلدى.

ئۇ بۇ مەكتەپكە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ناھايىتى ئەپسۇسلاندى. ئاشخانىسى بولمىغان بۇ ئىدارىدە خىزمەتتىن چۈشۈپلا بازارغا — تاماقتا قاتراش ئۇنىڭ جېنىغا پاتتى. ئازغىنە مائاش نېمىگىمۇ يەتسۇن؟ لېكىن ئۇ ۋايسىمىدى، قاقشىمىدى. ئارانلا 5000 نوپۇس مىللىي بار بۇ شەھەردە (يېزا - قىشلاق، تۈەن - مەيداندىكى نوپۇسمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئىشلەپ قېلىش نىيىتى ئۇنى ئۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە رىغبەتلەندۈردى.

ئۇ كەلگەن يىلىلا سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى. بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1986 - يىلى شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن ئىلغار تەربىيىچى بولۇپ باھالاندى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيۋى خىزمىتىنى قوشۇمچە ئىشلەشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مىجەزىدىكى چىقىشقاقلىق، خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىق، پرىنسىپچانلىق، كەسپىي جەھەتتىكى تىرىشچانلىق، بىلىم جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇق، پىكىر يۈرگۈزۈش جەھەتتىكى ئۆتكۈرلۈك ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ئابرويىنى تېزلا ئۆستۈردى. ئۇ داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. ئۇ يالغۇز ئۆز مىللىي تىلىنى بىلىش بىلەنلا ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئۆزلۈكىدىن خەنزۇچىنى ئۆگىنىپ خەنزۇچە گېزىت، ماتېرىياللاردىن بىمالال پايدىلىنالايدىغان بولدى.

ئۇ يۇرگەن قىزى بىلەن توي قىلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئۇنى ئۆزى ئىشلەۋاتقان مەكتەپكە يۆتكىۋالدى. ئۇ ئايالىنىڭ مائاشىنى تۇنجى قېتىم كۆتۈرۈپ كىرگەندە ئايالى ھەيران بولۇپ:

-پۇلنىڭ يېرىمى قېنى؟ - دەپ سورىدى. ئۇ ئۈن - تىنسىز ھالدا مائاش تالونىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئايالى ھەممە ئەھۋالنى چۈشەندى. قارامايدىكى مائاشىنىڭ يېرىمى يوق بولغان ئىدى!

ئايالى رەنجىدى، خاپا بولدى، ئۇنىڭغا تاپا - تەنە قىلدى. ھەتتا باتناپ بىرقانچە كۈنلەرگىچە گەپمۇ قىلمىدى. پۇلغا ھېچكىم ئۆچ ئەمەستە! لېكىن دوستلۇق، ئەر - ئاياللىق مېھرى ھەممىنى بېسىپ چۈشۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى مېھرىبان ساۋاقداشلارنى يەنە ئىناق ئەر - خوتۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

شۇ يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ تۇتقان سىنىپىنى ئايالىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ئىدىيە ئەخلاق بۆلۈمىگە چىقتى. ئۇ بۇ يەرگە چىققاندىن كېيىن، خىزمەتتىن سىرت ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەكرار قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. مەكتەپتە تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىزمەتكە قاتنىشالمىغانلارنىڭ دەرسىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، تەشكىلنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى. يەنە مەكتەپتە جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى يوق ئەھۋالدا ئۇ ئىككى سىنىپنىڭ جۇغراپىيە دەرسىنى ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئەمدىلا 27 ياشقا كىرگەن ئۆمەرجان 1987 - يىلى 12 - ئايدا مەكتەپ تەشكىلىنىڭ كۆرسىتىشى

بىلەن شىخەنزە شەھەرلىك مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شەيئى زىددىيەت ئىچىدە تەرەققىي قىلىدىكەن. ئەمدىلا خىزمەتنىڭ بېشىنى تۇتقان ياش مۇدىرنىڭ كەينىدىن ئاز بولمىغان ئۆسەك سۆزلەر چىقتى. لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى بوشتالمىدى. ئۇنىڭ ئابروينغا تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئۇ مەكتەپنىڭ چۇۋالچاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئىشنى ئاۋۋال ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتىن باشلاپ ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن مەكتەپكە ئەتىگەن بېرىپ كەچ قايتتى.

بىر مىللەتنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى مائارىپ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مائارىپنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسىي باشلانغۇچ مائارىپتا. بۇ ئەقەللىي ساۋات.

بۇ مەكتەپتە جەمئىي 15 نەپەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم پۈتتۈرگەنلەردىن تۆتلا كىشى بار ئىدى. بۇ چەكلىك سان بىلەن مائارىپنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى، ئۇ يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ بىر ئوقۇتقۇچىنى ئوتتۇرا تېخنىكومغا، بىر نەپەر ئوقۇتقۇچىنى ئالىي تېخنىكومغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. شىخو، قاراماي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ دەرس ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى. ئۇلار بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇردى. قاتتىق قوللۇق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇپ سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بۇرۇنقى خالىسانە ئىش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. ئۆزئارا تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتۈش، تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزۈش، ئۈلگىلىك دەرس ئۆتكۈزۈش، ئوچۇق دەرس ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلاردا مۇقىم، جەڭگىۋار ئىدىيىۋى ھالەت شەكىللەندۈردى. ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن دەرس ئۆتۈپ دەرس تەييارلىقىنىڭ پۇختا، ئەتراپلىق بولۇشىدا باشقىلارغا ئۈلگە بولدى. بۇ ئاما ئارىسىدا كۈچلۈك ئىجابىي تەسىر قوزغىدى.

خوش! بۇلارغۇ رەتكە چۈشتى، ئوقۇتۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن مەكتەپنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك. ئوقۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەقەللىي ئەسلىھەلەر تولۇق بولۇشى كېرەك. مەكتەپ ناھايىتى قولايسىز جايغا جايلاشقان بولۇپ، تۆت تەرىپى قورشاۋدا قالغان ئىدى. مەكتەپكە ئەگرى - بۈگرى يوللاردىن ئايلىنىپ ئاران كىرگىلى بولاتتى. مۇھىمى پار، سۇيى بولمىغاچقا، قىشتا ئوتۇن، كۆمۈرنى، سۇنى يەستىن توشۇشقا توغرا كېلەتتى. ئەڭ يامىنى ئەتىيازلىقى قار - مۇزلار ئېرىگەن ۋاقىتلاردا، يامغۇرلۇق كۈنلىرى مەكتەپنىڭ ئىچى پاتقاق كۆلچەككە ئايلىنىپ قالاتتى. مەكتەپنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇۋاتقانلار ساۋەن ناھىيىسىگە قاراشلىق ئاھالىلەر بولۇپ، ئۇلارنى كۆچۈرۈپ يولنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى.

ئۈمەرجان يۇقىرى - تۆۋەن قاترىدى. ئەھۋالنى زېرىكمەي ئىنكاس قىلدى. يۇقىرىدىن كەلگەنلەر مەكتەپنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى سۈرەتكە تارتىشتى. لېكىن بۇ سۈرەتلەر، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ئاۋۇندۇرغان باشلىقلار، مۇخبىرلار ئۇنى ئۈمىدسىز قالدۇرۇپ سۇغا چۈشكەن تاشتەك جىمىپ كېتىشتى، ئۇ شەھەر باشلىقىغا، دۆلەتلىك باشلىقىغا بېرىپ ھال ئېيتتى. ئۇ مېڭىپ ھارمىدى. ئىرادىسى بوشاشمىدى.

- ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىغا بېرىڭ، - دېدى ئۇنىڭ بىر تونۇشى ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، - تۆۋەن ھەل قىلالمىسا، يۇقىرىنىڭ قوللىشىنى، تۆۋەنگە قارىتا بېسىمىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

www.uyghurkitap.com



شۇنداق قىلىپ، ئۇ پېشقەدەم مائارىپچى قاسىمجان ئاكىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يولغا چىقتى.

ئاپتوبۇستىن ئاپتوبۇسقا، ئىدارىدىن ئىدارىغا، ئىشخانىدىن ئىشخانىغا قاتىرىدى. ئاھ، شۇ سالاپەت بىلەن گىدىيىپ ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈۋاتقان ياكى جاراڭلىتىپ تېلېفون سوقۇپ ئولتۇرغان يوغان گەۋدىلەر. ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ غۇرۇر، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مىللىي مائارىپنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش. . .

ئۆمەرجان ئىشنىڭ ئانچە ئاسان ھەل بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئاخىر ئۇ بىكتۇەن قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ مائارىپقا مەسئۇل باشلىق بوتەيگە ئەھۋالنى ئىنكاس قىلدى.

- بىز شىخەنزىگە يىغىنغا بارىمىز، شۇ چاغدا مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى كۆرەيلى. سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار، - دېدى باشلىق دوكلاتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن.

ئاھ، بىزنىڭ دەردىمىزنى ئاڭلايدىغان، دەردىمىزگە يېتىدىغان كىشىلەرمۇ بار ئىكەن، ئۇ يىغلىمىدى، كۆز ياشلىرى تۆكۈلمىدى. لېكىن ئۇنىڭ ھەر بىر تىنىقى، ھەر بىر سۆزى ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان كۆز ياشلار ئىدى. ئۇ يېنىك تىن ئالدى. يۇقىرانىڭ تالاي قاتراپ ھەل قىلالمىغان ئىشلىرى باشلىقنىڭ قول شىلتىشى، باش لىڭشىتىشى ياكى ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز سۆزى بىلەنلا چاقماق تېزلىكىدە ھەل بولىدىكەن. مانا بۇ جەمئىيەتتىكى ھوقۇقنىڭ كۈچى. ئىمتىيازنىڭ كۈچى.

بوتەي ۋەدىسىدە تۇردى، مەكتەپنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن شۇ يەردىلا مەكتەپنى يۆتكەپ باشقا جايغا سېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. (دېمىسىمۇ تەنتەربىيە مەيدانى بولمىغان مەكتەپنى قانداقمۇ مەكتەپ دېگىلى بولسۇن؟) ئامالسىز قالغان مائارىپ ئىدارىسى مەكتەپنى رەنىگە ئېلىش شەرتى بىلەن 20 تۈمەن پۇل ئاجراتتى.

مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن باشقا مۇۋاپىق ئورۇن بولمىغاچقا، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىچىگە سېلىش قارار قىلىندى. بۇنداق قىلغاندا يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەجرىبىخانا يوق بولۇشتەك ناچار ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى بولاتتى. لېكىن تۆت قەۋەتلىك 2000 كۋادرات مېتىر بىنا سېلىش ئۈچۈن 20 تۈمەن پۇل ھەرگىزمۇ يەتمەيتتى. ئۇ يەنە سەدىقە تىلىگەن يېتىم بالىدەك ھەر تەرەپكە چېپىپ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن، ئەمەلىي ياردىمى بىلەن مىللىي مائارىپنى قوللايدىغانلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى.

كۆپ تۆكۈلگەن كۆز ياشلار دېگەندەك قۇرۇلۇشچىلار بۇ بىنانىڭ ئۇلىغا تۇنجى كېسەكنى باسقاندا ئۇ كۆمۈر توشۇپ ئوت قالاۋاتقان، پاتقاق كېچىپ جاپا تارتىۋاتقان خىزمەتداشلىرىنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئازادە - يورۇق سىنىپلاردا، ئىشخانىلاردا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاۋاتقان، دەرس تەييارلاۋاتقان ۋە دەرس ئاڭلاۋاتقان قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ چېھرىدە ئىپتىخارلىق، چەكسىز ھاياجان، كەلگۈسىگە بولغان چوڭقۇر ئۈمىد نۇرلىرى پارلىدى. . .

بىنا پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئىزلىنىپ ئىقتىسادىي مەنبەنىڭ چېچىلىپ كېتىش يوچۇقلىرىنى ئېتىش ئۈچۈن بىر قاتار پايدىلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. مەكتەپتە تۇرغان بوش، بىكار ئۆيلەرنى ئىجارىگە بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. . .

ئۇ كەسپىي جەھەتتە تىرىشىپ ئۆز كەسپىدىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشىنىڭ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ تىل - ئەدەبىيات تولۇق كەسىپ تورى بويىچە دىپلوم ۋە باكالاۋرلىق ئۇنۋانى ئالدى. شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى. شىخەنزە شەھەرلىك خەلق قورۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ سايلاندى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان (ئەمەلىي ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان) قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە شىخەنزە شەھىرى بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، شىخەنزە شەھىرى بويىچە ئىلغار ئۇيۇشما كادىرى، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرغان مۇنەۋۋەر شەخس، دۆلەت شەھەر ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن ئىلغار تەربىيىچى بولۇپ باھالىنىپ مەكتىپىگە، مىللىتىگە شەرەپ كەلتۈردى. ئۇ يالغۇز ئۆزى ئىلگىرىلەش، ئۆزى نەتىجە يارىتىش بىلەنلا قالماستىن ئايالىنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن ياردەم بەردى، ئۇنى قوللىدى، ئۇنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى. ئۇنىڭ ئايالى مەسئۇل بولغان سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش نىسبىتى مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. ئايالى 1994-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوقۇتۇش ماھىرلىرىنى تاللاش مۇسابىقىسىدە ئوقۇتۇش ماھىرى بولۇپ باھالىنىپ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ قانداقتۇر «نەتىجە قازانغان ئەرنىڭ ئارقىسىدا بەدەل تۆلەيدىغان، ئۇنىڭغا قۇربانلىق بولىدىغان ئايال بولۇشى كېرەك» دەيدىغان قاتمال قاراشنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزگىچە بىر تەسىرات پەيدا قىلدى.

-سىزنىڭ دوستلىرىڭىز سىزنى ئەمەل تۇتۇش قارا نىيىتى بار دېيىشىدىكەن، بۇ راستمۇ؟ - دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

- بۇ بىر چاقچاق، لېكىن ھەرقانداق بىر نىيەت بىر غايىنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. نىيەتنىڭ قارا ياكى ئاق ئىكەنلىكى شۇ كۆڭۈلگە پۈككەن مەقسەت - مۇددىئانىڭ خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق ياكى پايدىلىق ئەمەسلىكىدە. توغرىمۇ؟

مەن ئۇنىڭغا چىن دىلىمدىن قايىل بولغان ھالدا خوشلىشىپ قايتىپ چىقتىم. كەچكى قۇياش تاغ كەينىگە مۆكۈش ئالدىدا زەر چۇچىلىرىدەك ئاخىرقى نۇرلىرىنى بۈك - باراقسان ئورمانلار بىلەن پۈركەنگەن بۇ گۈزەل مەكتەپكە سېخىيلىك بىلەن چاچماقتا ئىدى. قۇياش نۇر تۆكۈۋاتقان تۈت قەۋەتلىك بۇ بىناغا قايرىلىپ بىر قارىدىم. قۇلىقىم تۈۋىدە ئۇنىڭ سۆزلىرى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى.

- مۇبادا مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولسىلا...

مۇشۇ سۆھبەتتىن يېرىم يىل كېيىن مەن ئۆمەرجاننىڭ شىخەنزە شەھەرلىك مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھېچقانداق ئەجەبلەنمىدىم، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئېيتقان ئاخىرقى سۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدىم: ... مۇبادا مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولسىلا...

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل**



يار مۇھەممەت تۇرسۇن

# دوقمۇشتىكى سازا

(ھېكايە)

ھەمراخان ئانا پارالىچ بولۇپ يېتىپ قالغىلى ئالتە ئايدىن ئېشىپ قالدى. ئۇ قول ئىلكىدە بار ھاللىق ئايال بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغول، ئىككى قىزى قولىقى ئاچىلغان، كۆزى كۆرگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ داۋالاتتى. بىراق كېسەل ئەھۋالىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن كېسەل ئالدىدا چارىسىز قالغان باللىرى تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئانىسىنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، يەيمەن دېگەن تامىقىنى ئېتىپ بېرىپ كەنجى ئوغلى تۇرۇۋاتقان چوڭ قورۇدا كۈتۈشكە باشلىدى. ھەمراخان ئانىمۇ ئەلھەكمۇللىلا دەپ ساناقلىق قالغان كۈنلىرىنى جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. گاھى چاغلاردا ئۆزىنىڭ 80 ياشقا كىرگىچە ھېچقانداق بىر ئادەمگە ھاجىتىنى چۈشۈرمەي كېلىپ، ئەمدىلىكتە بۇ جاھاندىكى ساناقلىق كۈنلىرى قالغاندا باللىرىنىڭ قولىغا قاراپ ئوغۇللىرىم بېرەمدىكىن، قىزلىرىم يوقلاپ كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئىشىككە تەلمۈرۈپ قالغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كەنجىسى بولغان خوش پېئىل، كۆيۈمچان ئوغلى ياسىن ئانىسىنىڭ يېتىۋېرىپ تېلىپ كەتكەن پۇت - قوللىرىنى تۇتقاچ:

- ئانا، سەن بىزگە مۇشۇنداق يېتىپ بەرسەڭمۇ چوڭ مەدەت، مانا كېلىنىڭمۇ ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ، ئۇمۇ ئۆزۈڭنىڭ قىزىڭغا ئوخشاش، قانداقلىكىن ئىشىڭ بولسا دەۋەرگىن، ئاكا، ھەدىلىرىممۇ كۈندە دېگۈدەك كېلىپ يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. «كېسەل پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقىدۇ» دېگەن گەپ بار، سەۋر قىل، ئاستا - ئاستا ساقىيىپ كېتىسەن، - دەپ ئانىغا تەسەللى بېرەتتى. بىراق ئانا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

- مەن سىلەردىن ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا رازى بالام، كېلىنىممۇ ئالتۇنغا بەرگۈسىز بالا، ھەر كۈنى نەچچە رەت ئورنۇمنى قۇرۇقداپ تۇرىدۇ. سەنمۇ بالاڭنى كۈتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ تالاغا ئەچىقىپ ئوبدان قاراۋاتىسەن، بىراق بەزى كۈنلىرى شۇنداق ئويلاپ قالىمەن، باشقىلارغىمۇ ساڭا بەرگەن ئىنسابىنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ بەرگەن بولسا، سېنىڭ يۈكۈڭ بۇنچىلا ئېغىرلىشىپ كەتمەس ئىدى، بالام. ئاكا، ھەدىلىرىڭمۇ يوقلاپ تۇرمىدى ئەمەس، يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭغا كۆز يۇممايمەن، بىراق ئۇلار خۇددى ھاجەتخانىغا

كىرگەندەك جىمجىت كىرىپ، زۇۋان سۈرمەي چىقىشىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە كۆڭلۈمگە يارىشا راست - يالغاندىن بولسىمۇ «ئانا، بىزنىڭ ئۆيدە بىر مەزگىل تۇرۇپ كەل، ياسىننىڭمۇ قولى قىسقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنى داۋالىتىمەن، باقىمەن دەپ كۆپ چىقىمدار بولدى» دەپ قويۇشسا ئاغزىنىڭ تېرىسى چۈشۈپ كېتەرمىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا خۇددى «ئوغۇللىرىم كېلىدۇ، ئۆيىنىڭ تورۇسىغا قاراپ، قىزلىرىم كېلىدۇ زەدىۋىلىغا قاراپ» دېگەندەك، كەلسە ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپىغا قارىماقتىن باشقىنى بىلىشمەيدۇ، - دەپ كۆز يېشى قىلىشقا باشلايتتى.

ياسىن بىچارە ئانىنىڭ دىل جاراھىتىگە مەلھەم بولۇش ئۈچۈن قاچاندۇر ئاڭلىغان چۆچەكلەرنى، قايسىدۇر جەڭنامىلەردىكى ۋاپادار ئوغۇلنىڭ ئانا ئۈچۈن تارتقان ئاجايىپ جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئانا ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىر ئاز تەسەللى تاپقاندەك بولاتتى ۋە:

- ھەر كۈنى دېگۈدەك يەپ - ئىچىپ، ھەرىكەت قىلماي ياتماقمۇ تەسكەن بالام. ھېچ بولمىغاندا يېگەن - ئىچكىنىمنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن بولسىمۇ ئازراق ھەرىكەت قىلالىغان بولسام، - دەيتتى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

ياسىن ئانىنىڭ ئاغزىدىن بىر نەچچە قېتىم باشقا بالىلىرىنىڭكىگە بولۇپمۇ قىزلىرىنىڭكىگە بەكمۇ بارغۇسى بارلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەل كىشىنى باقماق ھۇددى تىلى چىقمىغان كىچىك بالىنى باققاندىنمۇ تەس بىر ئىش ئىدى. ھېلىمۇ يېرىم يىلدىن بۇيان ياسىننىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئايالى چىداپ كەلدى. كۈنلەر ئۆزارغانسېرى چارچىدىمۇ، ياكى كۆڭلىگە باشقىچە خىياللار كېلىپ قالدىمۇ يېقىندىن بېرى ياسىن بىلەن يوق ئىشلارنى باھانە قىلىپ بىر - ئىككى رەت قىزىرىشىپ قالدى. ياسىن ئىشقا كەتكەندە ئانا ئۇنى چاقىرىپ قالسا غوتۇلدايدىغان ياكى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئاڭلىماسلىققا سالىدىغان بولۇۋالدى.

«باغرىمنى يېرىپ چۈشكەن قىزلىرىم بىرەر قېتىم تەرىتىمنى تۆكۈپ ئاستىمنى قۇرۇقداپ باقمىدى. ھېلىمۇ خۇدايىمغا شۈكرى، مۇشۇ كېلىنىم ئېغىرىمنى كۆتۈرۈۋاتىدۇ»، دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى ئانا. مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئانا بىرنەچچە قېتىم ياسىنغا قىزلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ كەلگىسى بارلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. چارىسىز قالغان ياسىن بىر كۈنى ھەممە قېرىنداشلىرىنى چوڭ ئاكىسى ساۋۇتنىڭ ئۆيىگە چاقىرتىپ كەلدى.

- ھەممىڭلار مەندىن چوڭ، بىراق مەن ئاپام بىلەن دادامنىڭ چىرىغىنى يورۇتۇپ قەدىمىي جايدا تۇرۇۋاتقاچقا، مېنىڭ يولۇم سىلەردىن چوڭراقكەن، بۈگۈن بىر مەسلىھەت ئىش بىلەن سىلەرنى چاقىرىپ كەلدىم. سىلەر ئانامنى باقالماپتۇ دەپ ئويلاپ قالماڭلار، جېنىم تېنىمدە بولىدىكەن، پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن، بىراق ئاپام زېرىكىپ قالدىمۇ، يېقىندىن بۇيان بەك قەغەش قىلىدىغان بولۇپ قالدى، گېپىگە قۇلاق سالسام - باشقا بالىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ كەلسەم كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، كېسىلىم شىپا تېپىپ قالامدىكىن «يەردىن - يەرگە سائەت» دەپ، بىر يۆتكىلىپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئاڭلىسامۇ ئاڭلىماسقا سېلىپ كەلگەن ئىدىم. چۈنكى ھەممىڭلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىمەن. لېكىن ئاپام بۇ گەپنى تولا دەۋەرگەچكە ھېچ ئامال قىلالمىدىم، شۇڭغا ھەر - بىرىڭلارنى بىرەر توغرا مەسلىھەت بېرەرمىكىن، - دېۋىدىم، - دېدى.

ياسىننىڭ سۆزى تۈگەپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆي ئىچىدە خۇددى بىر - بىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاۋاتقاندەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ھېچكىم زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇشۇپ كەتتى.

ساۋۇت ئاخىرى ئۆزىنىڭ ھەممىدىن چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىمۇ قانداق، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشقان بەش جۈپ قارا كۆزگە بىر-

بىرلەپ قاراپ قويۇپ:

— ئاپامنى قىزىقكەن، بىر نەچچە كۆڭلۈكى قالغاندا ئۇ يەرگە بارىمەن، بۇ يەرگە بارىمەن دەپ نېمە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئەكىلىپ تۇرغۇزايمىكىن دېسەم، يەڭگەڭلەرنىڭ مىجەزىنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، ئادەم ئويلىسا خىيالىغا كەلمەيدىغان غەلىتە مىجەزى بار بىر خوتۇن. ناۋادا نېرى تۇر - بېرى تۇر بولۇپ قالسا بالىلار چوڭ بولۇپ قالغاندا ئەر - ئايال ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتەمدىكى دەپ ئەنسىرەيمەن، بولمىسىغۇ ئاپامنىڭ تۆت كۆڭلۈكى قالغاندا ئۆيگە ئەكىلىپ دۇئاسىنى ئېلىۋالسام ھەرەمگە ئاپارغاندىن چوڭ ساۋاب بولاتتى. ئامال يوق - تە، — دەپ قولىدىكى ئۆچۈپ قالاي دېگەن تاماكىسىنى ئاخىرقى قېتىم قاتتىق شوراپ بولۇپ كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈردى.

— ساۋۇتكام مۇنداق دېگەندىن كېيىن مەن ئاپىرىپ تۇرغۇزسام بولاتتى، — دېدى ئىككىنچى ئوغۇل ھاشىم خىجالەت بولغاندەك ئەلپازدا گەپ باشلاپ، — بىراق ھازىر ئىش تۇزۇمىمىز بەكلا چېچىلىپ كەتتى. ئاپام ساق بولغان بولسىغۇ دىلنۇرنىمۇ يەسلىگە بەرمىسەك، ئاپام بىلەن ئىككىسى ئۆيدە تۇرغان بولسا ياخشى بولاتتى. بىراق ئاپام ساقسىز بولۇپ قالدى، ئامال يوقتە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەر - ئايال ئىككىمىز ئىشلىگەندىن كېيىن داۋاملىق ئۆيدە تۇرالمايمىزكەن، ئاپامنى ئۆيگە ئەكىلىپ قويۇپ قارىمىساق تېخى بولمايدىغان گەپ، يېقىندىن بۇيان كاللامغا بىر ئوي كېلىپ قالدى. بىر بالا باققۇچى تېپىپ ئۆيدە تۇرغۇزسام، دىلنۇرنىمۇ يەسلىدىن توختىتىپ، ئاپامنى ئېلىپ كېلىپ بىر مەزگىل بولسىمۇ ئۆزۈم قارايمىكىن دەۋاتىمەن، ناۋادا بالا باققۇچى چىقىپلا قالسا، ئاپامنى چوقۇم ئەكىلىپ ئۆزۈم باقىمەن.

ئۆچىرەتنىڭ ئۆزىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بالىلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەمشىقەمەر سۆز بىلەن تەڭلا كۆزىگە ياش ئېلىپ:

— قىز بالا بولغاندىن كېيىن ئانا دېگەننى بىزنىڭ باقىدىغان ھەققىمىز بار ئىدى. بىراق ھەممىڭلارغا مەلۇم، بويىغا يېتىپ قالغان ئىككى بالام بار، ئىككىلىسىلا قىز بولۇپ قالغان بولسىمىغۇ بىر ئۆينى ئۇلارغا، بىر ئۆينى ئاپامغا تۇتۇپ بەرگەن بولاتتىم. ھازىر ئىككى بالىغا ئىككى ئۆي كېتىۋاتىدۇ. ئامالسىز قالدىم ۋاي خۇدا، بالا باقىمەن دەپ، تۆت كۆڭلۈكى قالغان ئانامنى ئۆيگە ئەكىلىپ ئىككى كۈن تۇرغۇزالمىسام، نەئات، نە نومۇس، — ئۇ ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن قىزلارنىڭ كىچىكى ھاجىنىساغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى. ھاجىنىسا بۇ ئەڭ مۇشكۇل ۋەزىيەتنىڭ ئۆز زىممىسىگە يۈكلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— ئاپامنى ئېلىپ كېتىپ شۇنداق تۇرغۇزغۇم بار، بىراق سىلەرگە ھازىر جاۋاب بېرەلمەيمەن، خېلىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز تازا ياخشى ئەمەس، تۇرۇپ ئوڭ بولسا، تۇرۇپلا تەتۈر بولۇپ قالىدىغان، قويۇندا قالغان ساراڭغا ئوخشاش بىر نېمە، مەن ئۆيگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەي، ناۋادا ماقۇل دەپ قالسا، ئاپامنى ئەكىتىپ بالامنى باققاندەك كۆتۈرۈپ يۈرۈپ باقىمەن، بۇنىڭغا ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن جاۋاب بېرەي، — دەپ گېپىنى تۈگەتتى. ئۆي ئىچىدە گۆرستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.

ئاكا - ھەدىلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەجەبلەنگەن ياسىن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— ھەر ھالدا ئاپىمىزنىڭ ئارزۇسىكەن. ئويلىنىپ كۆرەرسىلەر، ناۋادا ماقۇل كۆرۈپ مەسلىھەتىڭلار پىشىپ قالسا، خەۋەر قىلساڭلار بىر ماشىنا تېپىپ ئاپىرىپ قويارمەن، بولمىسا

بىر ئانا دېگەننى نەگە بارسام يۇدۇپ يۈرۈپ بېقىپ كەتكۈچىلىكىم بار، - دېدى ۋە دەس گورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

هاجىنىسا خىيال بىلەن مېڭىپ ئۆيگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا لەغمەن ئېتىشكە تۇتۇندى، بۇ يولدىشى ئامراق تاماق ئىدى. كەچتە ئىشتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن خېلىلنىڭ ئالدىغا خورۇچلىرى تەڭشىلىپ قورۇلغان سەينى سېلىپ بىر تەخسە لەغمەننى قويدى - دە، ئۆزىگە ئاشمۇ سالماستىن ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى، شۇ تاپتا خېلىلغا ئاكىسى ساۋۇتنىڭ ئۆيىدە بولغان گەپ- سۆزلەرنى دېسە قانداق بولار، ماقۇل دېسىغۇ تەلىيى، ئەكسىچە «ھە، ئەمدى سېنىڭ بېشىڭغا كەلدىمۇ، بۇرۇن تاغ ئايلانسا، هازىر باغ ئايلىنىدۇ، دېگەن گەپ بار. مېنىڭ ئانام ئاغرىپ ياتقاندا قىلمىغان ئەسكىلىكىڭ قالمىغانىدى. بىچارە ئانام قان يىغلاپ ئۆلۈپ كەتتى، ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدىمۇ؟! نەگە ئاپىرىپ باقساڭ باق» دەپ قالسىچۇ...

- نېمە بولدى، مۆڭلىنىپ قاپسەنغۇ؟ - خېلىلنىڭ سوئالى هاجىنىسانىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ:

- ھېچ نېمە بولمىدىم، ئۆزۈمچە خىيال سۈرۈپ قاپتىمەنغۇ تاڭ، - دېدى. ھەر قانداق بىر ئىشقا گۇمان بىلەن قارايدىغان خېلىلنىڭ سىنچى كۆزلىرى هاجىنىسانىڭ خىيالچان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

- ئاناڭنىڭ ئۆيىگە بارغان ئوخشايسەن ھە؟! ئاناڭ قانداقراق يېتىپتۇ؟ ئۇزۇن بولدى ئالدىراش بولۇپ كېتىپ يوقلاپ بارالمىدىم، بەلكىم مېنى كەلمىدى دەپ خاپا بولغاندۇر، - دېدى. گەپنىڭ تازا جايىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان هاجىنىسا يولدىشىنى چېكىپ بېقىش نىيىتىدە:

- خاپا بولۇپمۇ كەتمىدى، سىزنى ئالدىراشمۇ دەپ سورىدى. ھەر هالدا سىزمۇ ئۇزۇن يىللىق كۈيئوغۇل، ئۆزىنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش بولۇپ قالدىڭىز، ئەتىگىچە بىر سائەت ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ يوقلاپ قويغاچ بىر نەچچە كۈن بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ كەلسىلە دەپ تەكلىپ قىلىپ قويسىڭىز ياخشى بولاتتى، - دېدى يېلىنغان قىياپەتتە.

- ئەسلىدىغۇ شۇنداق قىلىدىغان يولىمىز بار ئىدى. بىراق بالىسى بولغان ئادەم سەن زۇۋان سۈرمەي يۈرسەڭ مەن ئاقساقاللىق قىلىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىشنى بىئەپ كۆردۈم. بولىدۇ، مەن ئەتە بېرىپ كېلەي، - دېدى. يولدىشىنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆزلەرنىڭ چىقىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان هاجىنىسا، هاياجانلانغانلىقىدىن ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. خېلىل خوتۇنىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى دەرهال كۆڭلىگە كەلتۈردى - يۇ، ھېچنەرسىنى بىلمىگەن هالەتتە:

- قويساڭچۇ، شۇملۇقنى تىلىگەندەك بىكاردىن يىغلىماي، يىغلىما، يامان بولىدۇ. مەن يامان گەپ قىلمىدىمغۇ، سېنىڭ ئاناڭ مېنىڭ ئانامغا ئوخشاش، ئۆيگە ئەكىلىپ بېقىش بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىمىز، - دېدى. هاجىنىسا بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ:

- ئۇغۇ شۇنداق ئىدى. بىراق ئەينى چاغلاردا ئانىڭىزغا قىلغان ئەسكىلىكلىرىمنى ئويلىسام سىزنىڭ يۈزىڭىزگە قاريالمايمەن، - دېدى يەرگە قاراپ. خېلىل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ مۇلايىملىق بىلەن ئايالىنى بەزلەشكە باشلىدى.

خېلىل دېگىنىدەك ئەتىسى بىر مۇنچە سوۋغاتلارنى ئېلىپ ھەمراخان ئانىنىڭ قېشىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

باردى ۋە ئۇنى چىرايلىق ياسالغان بىر كىرا خادىكىگە ياتقۇزۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئانىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، قىزىنىڭ ئۆيىدە ئۆزىنى خاتىرجەم ۋە ئازادە ھېس قىلىپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ قالدى. ھېلىلا ئۇ ھەمراخان ئانىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئانىسىنى كۈتكەندەك پۈتۈن ئېتىقادى بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. ئۇ ھەر قېتىم بازاردىن كەلگەندە قۇرۇق قول كەلمەيتتى. ئانىنىڭ ئالدىدىن مېۋە-چېۋىلەرنى كەم قىلماي، «نېمە يەيلا، نېمە ئالغاچ كېلىمەن» دەپ سوراپ ھالى قالمايتتى. كۈيئوغلىنىڭ بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا بۇنچىلا ئۆزگىرىپ ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ئوبدان ئادەم بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ھەمراخان ئانا ھەيران قالدى. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن قىزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ كۆڭلى بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولۇپ، ئارام تېپىپ قالدى. ئوغلىنىڭ ئۆيىدە ھەممىدىن بەك قىسىلىدىغان بىر ئىش — ھەر قېتىم تەرەت قىلغۇسى كەلگەندە ياسىنىنىڭ ئايالىنى چاقىرغىچە تارتقان تەڭقىسلىق، خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلدى. چۈنكى ھاجىنىسا ئۆزىنىڭ توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ، باغرىنى يېرىپ چۈشكەن بالىسى، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ھەر قانداق ئىشنى تارتىنماي دېيىشى، ھاجىنىسانىڭمۇ باش تارتماي قىلىشى تامامەن ئورۇنلۇق، ئانا ھاجىنىسانىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن ھەممە قالايمىقانچىلىق ئانا بىلەن بىرگە بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلدى. چۈنكى بۇرۇن بىرەر زۆرۈر ئىشى بولمىسا ياكى ھېيت - ئايەم كۈنلەردىن باشقا ۋاقىتلاردا ئالدىراپ كەلمەيدىغان تۇغقانلار ھەمراخان ئانىنى يوقلاپ كېلىپ تۇرۇشاتتى. ئەمدى ھاجىنىسانىڭ ئۆيى چوڭ ئۆي بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ خېلىل قاپاق تۇرمىگەن بولسىمۇ كۆڭلىدە ئاللىقانداق بىر چارە ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ ھاشىم بىلەن شەمشىقەمەرنى ساۋۇتنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ دەسلەپكى مەسلىھەتنى باشلىدى:

- مەن ھەر قايسىڭلارغا قارىغاندا كىچىك بولساممۇ ئاتىكاچىلىق قىلىپ قويىدىغان بولدۇم، نەق گەپكە كەلسەك، ئاپام ئاغرىپ يېتىپ قالغىلى بىر يىلغا يېقىن بولدى. بۇ جەرياندا ھەممىمىز قاراپ تۇرماي قولىمىزدىن كېلىشىچە داۋالىتىپ باللىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلدۇق. بىراق ئاپامنىڭ كېسىلى ياخشىلانماي بىر خىل تۇرۇۋالدى. بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىغىمۇ ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى. قولۇمدىن كېلىشىچە قاراۋاتىمەن، بۇ مېنىڭ سىلەرگە مىننەت قىلغىنىم ئەمەس. ئانا دېگەننى بېقىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قارايمەن دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئەمدى سىلەرگە بىر مەسلىھەتىم چوڭلاردىن ئاڭلىسام ئاپام ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي، بىزنىڭ دادىمىزدىن كېيىن تۇرمۇشلۇق بولغان سېلىماخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئۆيى ئىكەن، ناۋادا ئاپام كۆزىنى يۇمىدىغانلا بولسا ئويلىمىغان يەردىن ئۆينىڭ ئىگىسى چىقىپ، ھەممىمىز قۇرۇق قالامدۇقكىن، دەپ ئەنسىرەپ قالدىم. شۇڭلاشقا ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسەڭلار ئاپام ھايات ۋاقتىدا ئۆينى سېتىپ بىر تەرەپ قىلىۋەتسەك. كېيىن ئىگىسى چىقسا ئۆينى سېتىپ ئاپىمىزنى دەۋالاتتۇق، دېسەك بۇنى يۇرت - جامائەتمۇ بىلگەندىن كېيىن داۋا قىلغۇچى ھېچنەرسە قىلالمايدۇ. چۈنكى ئاپام سېلىماخۇنغا ئون يىل بولسىمۇ تەرىتىگە سۇ بېرىپ خىزمىتىنى قىلدى - دە، شۇنداق بولغاندىكىن ئاغرىپ قالغاندا ئۆينى سېتىپ داۋالىسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ - دېدى ئۆزىگە ھەيران بولۇپ قاراپ ئولتۇرغانلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ. ئولتۇرغانلار خېلىلىنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغىچە بۇ ئىشلارنى ئويلاپمۇ،

كۆڭلىگە كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان ئىدى. مانا ئەمدى خېلىلىدىن ئاڭلاپ، بۇ ئىشمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى.

- يا ئاللا خېلىل، كاللىڭىز بەك ئىشلەيدىكەن جۇمۇ، خەقلەرنىڭ «مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئادەمگە خېلىل يەتتە يىل بۇرۇن سالام قىلىشقا باشلايدۇ» دېگەن گېپى بىكار ئەمەسكەن، مەن مۇشۇ چاققىچە ئويلاپمۇ كۆرمەپتىمەن. كىچىكىمدە سىلىماخۇنكام «مېنىڭمۇ سەنچىلىك بىر قىزىم بار، بىراق كىچىكىدىن تىلسىز بولۇپ قالدى» دەپ يۈرىدىغان. ئەگەر ھايات بولسا، ئۇ ئاتا مىراسىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى بوپقالىدۇ، - دېدى ساۋۇت.

- باشقىلار قوشۇلسا، مەن ئۆينى سېتىشقا قوشۇلىمەن، - دېدى شەمشىقەمەر ئوشۇق گەپ-سۆز قىلمايلا. چۈنكى ئۇنىڭ ئەرگە يېتىپ قالغان ئوغلى بىلەن رەسىدە بولۇپ قالغان قىزىغا پۇل جاندىنمۇ مۇھىم ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ مەسلىھەت ئۇنىڭغا بەكمۇ ياققانىدى.

- بۇنداق قىلساق توغرا بولماسمىكىن، - دېدى ھاشىم ئۇلارنىڭ پىكرىگە قېتىلماي، - بىرىنچىدىن، بۇ ئىشقا ئاپاممۇ قېتىلماسلىقى مۇمكىن، ئىككىنچىدىن، ياسىنمۇ بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، بىزغۇ ھەرقايسىمىز ئىدارىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتىمىز. ئۆينى سېتىۋەتسەك ياسىن ئۆيسىز قالامدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يىلدىن بۇيان ئاپامنى داۋالىتىمەن دەپ ئاز چىقىم تارتمىدى. ھەر بىرىمىز ئېشىنىپ ئون تىيىن ياردەم قىلمىدۇق، ئەمدىلىككە كەلگەندە ئۆينى ساتىمىز دەپ چىقساق يۇرت ئالدىدىمۇ ئوياتقا قالارمىزمىكىن، ھەر ھالدا ئويلىشىپ ئىش قىلايلى.

- ئۇغۇ شۇنداق، بىراق ئىگىسى چىقىپ قالسا، ساڭىمۇ يوق، ماڭىمۇ يوق بولىدىغان گەپ، - دېدى خېلىل ھاشىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ساۋۇت بىلەن شەمشىقەمەرمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ خېلىلنىڭ سۆزىنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىشتى. ھاشىم ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي جىمىمىدىلا ئولتۇردى. خېلىل دەرھال سۆز ئېلىپ:

- بۇگۈن بۇ ئىشقا چوڭلار ئاساسەن قېتىلغان بولدى. چۈنكى ساۋۇتكام بىلەن شەمشىقەمەر ھەدەم دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئورنىدا بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ. ئەمدى بىزمۇ بىرلىككە كېلىپ قالدۇق، قالغانلارنىڭ پىكرىنى ئالمىساق بۇ گەپ - سۆز تالاغا چىقىپ كەتسىلا پىلانلىرىمىز تۇزغاقتەك تۇزۇپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا تېزراق تۇتۇش قىلىپ باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى، تۇغقانلارنى بىزنىڭ ئۆيگە چاقىراي دېسەم ئاپام بار، تازا مۇۋاپىق ئەمەس، شۇڭا ھاشىمكامنىڭ ئۆيىگە تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ مەسلىھەتنى ئوبدان قىلىۋېلىپ ئاندىن ئۆينى ساتايلى، شۇنىڭدىن كېيىن ئاپام بىزنىڭ ئۆيدە تۇرسىمۇ ياكى بىز بەش ئائىلە بولغاندىن كېيىن، ھەر بىرىمىزنىڭكىدە بىر ئايدىن، بولمىسا بىر ھەپتىدىن ئايلىنىپ تۇرسىمۇئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇنداق قىلساق ھېچكىمگىمۇ ئېغىر چۈشمەيدۇ. ئۆزىمۇ زېرىكىپ قالمايدۇ. تۆت كۈنلۈكى قالغاندا ئوبدان كۈتۈۋالمىساق بولمايدۇ. . . - خېلىل سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

- بولدى، شەنبە كۈنى سائەت تۆتلەردە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭلار، قالغان گەپ - سۆزلەرنى شۇ يەردە دېيىشەيلى، - دېدى ساۋۇت. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى.

شەنبە كۈنى سائەت ئۈچ بولا - بولمايلا خېلىل بىر پۇت گۆشنى كۆتۈرۈپ ئايالى ھاجىنىسا بىلەن ساۋۇتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. خېلىلنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ساۋۇتلارغا كۈيئوغۇل بولۇپ، تۇنجى قېتىم بىر پۈت گۆشنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ساۋۇتنىڭ ئايالى ئۇلارنى ئالاھىدە قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى.

- ئاپامنۇ ياش چېغىدا شوخ ئوخشايدۇ، بەش ئەرگە تەگكەن دەمدۇ نېمە؟ - دېدى ساۋۇتنىڭ ئايالى چاقچاق قىلغان تەلەپپۇزدا كۈلۈپ تۇرۇپ، بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاجىنىساننىڭ چىرايى ئۆڭۈپ بىر نېمە دېيىشكە تەمشەلدى، ئايالىنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى كۆرگەن خېلىل چاققانلىق بىلەن:

- ئاپام بەش ئەرگە تەگكەن بىلەن ئەقىللىق ئايالكەن، بەش ئەردىن ئۈچ قورۇ قالغاچقا نەچچە يىلدىن بۇيان پۇتىنى پالتا كەسمەي كېلىۋاتامدۇ، مانا ئاخىرقى بىر قورۇ بالىلارغا قالدى، دېگەن گەپ، - دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇلار شۇنداق پاراڭلار بىلەن خېلى ئۇزۇن ئولتۇرغاندىن كېيىن باشقىلارمۇ كېلىشكە باشلىدى.

ئولتۇرغانلاردىن ياسىن بىلەن ئايالىدىن باشقا ھەممەيلەن بۈگۈنكى يىغىلىشنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ بولغان ئىدى. كۆپ ئۆتمەيلا جوزىغا ھورى چىقىپ تۇرغان پولۇ كەلتۈرۈلدى. ئاش يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ساۋۇت سۆز باشلىدى:

- بۈگۈن تۇغقانلارنى بىزنىڭ ئۆيگە يىغىشىمىزدىكى مەقسەت بىرىنچىدىن، تۇغقانلار بىلەن بىر داستىخاندا يىغىلىپ ئولتۇرمىغىلى ئۇزۇن بوپتۇ، بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى دېدىم. ئىككىنچىسى، بىر مۇھىم ئىش، ھازىر ئاپام ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينى سېتىۋېتەيلىمىكىن دەۋاتىمەن، - بۇ گەپنى تۇيۇقسىز ئاڭلىغان ياسىننىڭ چىرايى سارغىيىپ، بەدىنىگە تىترەك ئولاشقاندەك جوغۇلداپ كەتتى، - ئۇنداق قىلمىساق چاتاق چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ. سېلىماخۇنكامنىڭ قىزىنى تېخى ھايات بارەپ ئاڭلىدىم. ناۋادا ئۇ كېلىپ ئەرز قىلىپ قالسا، ھەممىدىن قۇرۇق قالىمىز. «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دەپ، ئاپام ھايات ۋاقتىدا ئۆينى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىۋەتكىنىمىز تۈزۈك، ئاپامدىن كېيىن قالساق لېۋىمىزنى چىشلەپ قالىدىغان ئىش چىقىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ گەپلەرنى تالا - تۈزدە رىۋايەت قىلىپ يۈرمەيلا يەڭ ئىچىدە سېتىپ، ئاپامنى داۋالاتتۇق دېگەن نام بىلەن بىر تەرەپ قىلىۋەتسەك دەپ شەمشىقەمەر، ھاشىم، خېلىللار بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلدۇق. ئەمدى ھەر بىرىڭلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ئىشنى باشلىماقچىمىز. . . — ساۋۇتنىڭ سۆزى تۈگەپ خېلى ئۇزۇن جىمجىتلىقتىن كېيىن، ھاشىم ئولتۇرغان ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويۇپ:

- ئەگەر، سېلىماخۇنكامنىڭ قىزىغا قانۇندا بېرىش توغرا كەلسە، ھېلىغۇ ئاپامنى داۋالاتتۇق دەيدىكەنمىز، ئۇنىڭدىن چوڭراق بىرەر باھانە - سەۋەب كۆرسەتسەكمۇ، بەربىر بېرىدىغان گەپ، قانۇن دېگەن قانۇن، - دېيىشىگىلا ئايالى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

- چوڭلار قوشۇلغان ئىشقا سىز نېمە ئاتىكاچىلىق قىلىپ يۈرىسىز، ساۋۇتكامنىڭ دېگىنى توغرا! - دېدى ھاشىمغا ئالىيىپ. شۇنىڭ بىلەن ھاشىممۇ گەپ - سۆز قىلماي، نېمە قىلىشساڭ، قىلىشامسەن دېگەن ئەلپازدا تاماكىسىنى چېكىپ ئولتۇرغان جايىدا قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋەردى. ئەمما كۆڭلىدە ئۆينى سېتىشقا نارازى ئىدى. خېلىل دەرھال سۆز ئېلىپ:

- بۇ ئىش ئۇكام ياسىنغا نىسبەتەن ئېغىر كېلىۋاتقان بولسا كېرەك. ئەمما سەل يىراقنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ساۋۇتكامنىڭ دېگىنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز،

ياسىننىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەر - بىرىمىز بولغاندىن كېيىن بىر نېمە قىلارمىز، - دېدى كەسكىن ھالدا. ياسىن ئوتتۇرىدا بولىۋاتقان گەپ- سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بىر ھازا تېگىرقاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

- ھەر قايسىڭلارنىڭمۇ دېگىنى توغرىدۇر، بىراق بىز ئادەم بالىسى بولغاندىن كېيىن ھارامنى ئارىلاشتۇرماي، توغرا ئىش قىلايلى: ناۋادا سېلىماخۇنكامنىڭ قىزى كېلىپ قالسا، ئۆينى بىكارلاپ بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئۆيىنى سورىماستىن ساتىدىكەنمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشتا چوقۇم ئاپامنىڭ پىكرىنى ئېلىشىمىز كېرەك. ماڭا كەلسەك مەندىن ئەندىشە قىلماڭلار، ھازىر دېسەڭلار ھازىر، ئەتە دېسەڭلار ئەتە ئۆينى بىكارلاپ بېرىمەن، ھەر ھالدا ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر ئىش قىلغىنىڭلار ياخشى، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچىدە ئۆز ئارا غۇدۇراشلار، بىر - بىرىگە يېقىن كېلىپ پىچىرلاشلار باشلىنىپ كەتتى.

- ئۇكام ئۇنداق ئاچچىقلانما، بۇ بىزگە كەلگەن بىر پۇرسەت، - دېدى ساۋۇت ياسىننىڭ يېنىغا كېلىپ، - بۇندىن بەش يىل بۇرۇن سېلىماخۇنكامنىڭ بىر قانچە يېقىنلىرى ئاپامنىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئاڭلىساق ئۆينى ساتماقچى بولۇپلا، ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، قورۇ- جاينىڭ ئىگىسى بار» دەپ ئاپامغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ چىقىپ كەتكىنى ئېسىڭدە بولسا كېرەك، مانا ئەمدى ئاپام ئاغرىپ يېتىپ قالدى. مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆينى سېتىپ ئاپامنى داۋالىتتۇق دېسەك ھېچكىم، ھېچنەرسە دېيەلمەيدۇ. ئۇنچىلا تەرسالىق قىلماي ماقۇل دېگىن، ساڭا بىزمۇ قاراپ تۇرماي ياردەم قىلىپ بىر ئۆي ئېلىپ بېرىمىز، - دەپ يېلىنىشقا باشلىدى. ئاكىسىنىڭ سۆزىنى رەت قىلىشنى خالىمىغان ياسىن:

- ساتساڭلار سېتىڭلار، ئەمما ماڭا ئۆينىڭ بىر تېيىنى كېرەك ئەمەس، - دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن قوشۇلغان ھېسابتا ئۆينى ساتماقچى بولۇپ پۈتۈشتى، ساۋۇت بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ھەمراخان ئانىغا بالىلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مەسلىھەتنى يەتكۈزدى.

- ھوي نومۇس قىلمايدىغان ۋىجدانسىزلار، ئەمدى ئاشۇ ئۇكاڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيگە كۆزۈڭلار قىزىرىپ بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىشتىڭمۇ؟ ئۆيدە ھېچ قايسىڭلارنىڭ ھەققى يوق: ئانام دېسەڭ مانا مەن تۇرۇپتىمەن، دېيىشمىسەڭ كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولۇشما!- دەپ قايناپ كەتتى ئانا. بۇ گەپنى دېگىنىگە مىڭبىر پۇشايمان قىلغان ساۋۇت ئاستاغىنە ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ھەمراخان ئانا تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي خىيال سۈرۈپ چىقتى، ئەتىسى ھاجىنىسانى چاقىرتىپ، ياسىننى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرىدى. ھاجىنىسا دەرھال بېرىپ ياسىننى چاقىرىپ كەلدى.

- ھەي، بالام نېمىشقىمۇ سېنىڭ گېپىڭگە كىرىپ ئۆيۈڭدە جىم ئولتۇرمىغاندىمەن. كېتەي بالام. ئۆيۈڭگە ئەكەتكىن، تېزراق كەتمىسەم سەنمۇ، مەنمۇ ئۆيسىز قالىدىغان ئوخشايمىز، - دېدى ياسىننىڭ باش - كۆزلىرىنى سىيلاپ. ياسىننىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ كېتىپ ھايال بولمايلا خادىكىنى باشلاپ كىرىپ، ئانىسىنى ئاۋايلاپ ھارۋىغا سېلىپ ئۆيىگە ياندۇرۇپ ئەكىلىۋالدى. كەچتە ئىشتىن قايتىپ كەلگەن خېلىل ھەمراخان ئانىنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھاجىنىساغا ئاچچىقلانغان بولسىمۇ كۆڭلىدە پىلانىنىڭ ئازراق بولسىمۇ ئەمەلگە ئېشىپ ئۆي ئىچىدە ئازادە قالغانلىقىغا خۇش بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەمراخان ئانا ياسىننىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئەتىسى ياسىن بىلەن كېلىننى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

— مەن تېخى سىلىماخۇننىڭ قىزىنى رازى قىلىپ، ئۆيدە سىلەرنى ئولتۇرۇپ قالسا دەپ ئويلىغان ئىدىم، بىراق ھازىرقى ئەھۋالغا قارىغاندا بۇلار سىلەرنى ئارام تاپقۇزمايدىغان ئوخشايدۇ. مانا بۇ مېنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىم، بالام ياسىن، ئەتىلا بۇلارنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىپ، ھويلىنىڭ ئالدىدىكى ئاق يەرگە ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىڭلار، — دەپ ئۈچ تال ئۈزۈك بىلەن بىر جۈپ ھالقىنى ياسىننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بىراق ياسىن ئانىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئالتۇن جابدۇقلارنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. ياسىننىڭ خىجىل بولغانلىقىنى ھېس قىلغان ئانا ئوغلىغا ئاچچىقلانغان تەلەپپۇزدا:

— ئەگەر مەن دېگەندەك قىلمىساڭ، كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ بالام، سەن مېنىڭ جاپايىمنى كۆپ تارتتىڭ، مېنى رازى بولسۇن دېسەڭ ياق دېمەي بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ، مەن دېگەندەك بىر ئاي ئىچىدە ئۆينى تەييار قىل. قالغان ئىشلارنى شۇ چاغدا كۆرىمىز، — دېدى. ئانىنىڭ قاتتىق تۇرۇۋالغانلىقىدىن ئامالسىز قالغان ياسىن «رەھمەت» دەپ ئالتۇن جابدۇقلارنى قولىغا ئېلىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ ئاپىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشقا تۇتۇش قىلدى.

ياسىننىڭ قولى قىسقا بولسىمۇ ئەل - يۇرت بىلەن سېنىڭ - مېنىڭ دېمەي ياخشى ئۆتكەن ئىدى. ئۇ ئۆي سېلىشقا تۇتۇش قىلىۋېدى، ئۇنىڭ دوست-بۇرادەرلىرى قاراپ تۇرمىدى، شۇڭلاشقا بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۈچ ئېغىز ئۆينى پۈتتۈرۈپ كۆچۈپ كىرىۋالدى.

ئۆي كۆچۈپ ئۈچىنچى كۈنى ھەمراخان ئانا ياسىننىڭ يېڭى ئۆيىگە ئوغۇل - قىز، كۈيئوغۇل-كېلىنلىرىنى، يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، يۇرت ئاقساقاللىرىنى چاقىردى. مېھمانلار يىغىلىپ، تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىش ئالدىدا ھەمراخان ئانا:

— يۇرت - جامائەت، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئالدىدا دەپ قويىدىغان كىچىككىنە سۆزۈم بار، ھەرقايسىلىرىنىڭ دىققەت قىلىپ ئاڭلاپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن بولسام بىر نەچچە كۈنلىكىم قالغان ئادەممەن، باشقا ئارزۇ-ئارمانلىرىممۇ يوق، ھەممە باللىرىمنى تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرۈپ ئۆز لايىقىدا تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە قىلدىم، باللار مەندىن رازى بولدىمۇ، بولمىدىمۇ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ، يېقىندا باللار مەن ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينى ساتماقچى بولۇشقان ئىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلمىغان ئىدىم، بەلكىم باللار مەندىن رەنجىپ، خاپا بولغان بولسا كېرەك. مەن بۇ ئىشنى كۆپ ئويلاپ، ئاخىرىدا ياسىنغا بۇ ئۆينى سالغۇزۇپ كۆچۈپ چىقىۋالدىم. ئەمدى «كۆيۈملۈك» باللىرىمنىڭ ئارزۇسىنى كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ خاتىرجەم كېتەي دەپ قورۇنى سېتىش قارارىغا كەلدىم. ئاڭلىسام باللار مېنى مېھماننى كۈتكەندەك نۆۋەت بىلەن ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ، كۈتىدىغان بولۇپتۇ. بۇنىڭغىمۇ رازى بولدۇم. ئەمدى ھەر قايسىڭلارنىڭ ئالدىدا شۇنى دەپ قويايكى، بۇ قېتىم سالغان يېڭى ئۆيدە ياسىندىن باشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق، ئۆينى سېتىپ بىر تىيىن پۇلنى نېرى قىلماي ھەممىسىنى ماڭا ئېلىپ كېلىپ بەرسۇن، قانداق تەقسىم قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، — دېدى.

تۆتىنچى كۈنى قورۇ - جاي سەكسەن مىڭ يۈەنگە سېتىلدى، ئانا ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز، بىر كۈيئوغۇلنىڭ ئالدىدا ئىككى مىڭ يۈەن پۇلنى

ياسىنغا تەڭلەپ:

- بۇ پۇل سېنىڭ بۇ قورۇغا تۆككەن ئەجىر ھەققىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇڭ قىسقىراق، بۇنى ئال ئوغلۇم، - دەپ، ياسىنىنىڭ قولىغا پۇلنى تۇتقۇزدى. ئاندىن قولىدىكى پۇلدىن كۆزىنى ئۈزمەي تەلمۈرۈپ تۇرۇشقان باللارغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن:

- سىلەرمۇ قۇرۇق قالماڭلار، سىلەرگىمۇ كۆز ھەققى بېرىپ قوياي، - دەپ ھەر بىرىگە 500 يۈەندىن بەردى. ئاندىن ساۋۇت بىلەن خېلىلغا:- ئىككىڭلار پۇلنى ئېلىپ بېرىپ بانكىغا قويۇپ كېلىڭلار، قالغىنىنى ئالدىرىماي ئۆز ئۆۋىتىدە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىمەن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسىنىڭ ئۈمىد، ئارزۇلىرى توزغاقتەك توزۇپ، سالپىيىشىپ قالدى - دە، بىردىن، ئىككىدىن ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئانا پۇل چېكىنى قولىغا ئېلىپلا ياسىنىنىڭ ئايالىنى چاقىرىپ، چەكنى ئوڭ قولتۇقىغا تۇمارچە قىلىپ تىكتۈۋەتتى. ساۋۇت بىلەن خېلىل ئانىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ئەقلى يەتمىگەن ھالدا بىر پەس قاراپ تۇرۇشقاندىن كېيىن خوشلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. شۇنداق قىلىپ ھەمراخان ئانا ياسىنىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى.

باللار ئەمدى ئۈزۈلمەي كېلىپ يوقلاپ تۇرۇشاتتى. بۇرۇن ئىككى قىزى بىلەن كېلىنلەر ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتسە، ئەمدى ھەر قېتىم كەلگەندە ئانىنىڭ «يېڭىلا يەڭگۈشلىدىم، تېخى كىر بولغۇدەك بولمىدى» دېگىنىگە ئۇنىماي كۆڭلىكىنى سالدۇرۇپ، يۇيۇپ دەزماللاپ كىيدۈرۈپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. ئوغۇللار بولسا بۇرۇن «قانداقراق» دەپ قويۇپلا كېتىپ قالسا، ئەمدى قېشىدا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ كېتىندىغان، ئۆز ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇشتى.

بىر كۈنى خېلىل خادىكتىن بىرنى كىرا قىلىپ ھەمراخان ئانىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىۋالدى. بۇنى ئاڭلىغان ھاشىمنىڭ ئايالى، ھاشىمنى ئالدىغا سېلىپ بېرىپ، كىرا ماشىنىسى بىلەن ئانىنى ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى. ھاشىمنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە تۇرا-تۇرمايلا ساۋۇت ئايالى بىلەن كېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئانىنى ئېلىپ بارغان باللارنىڭ ھەممىسى، ئانىغا ئەڭ ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ بېرەتتى، كۆڭۈللۈك پاراڭلار بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى. شۇنداق قىلىپ ھەمراخان ئانا شاھمات ئۇرۇقىدەك بىر دەم ئۇ يەردە، بىردەم بۇ يەردە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

بىراق يىلنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن تەڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ ئېغىرلىششقا باشلىدى. ئانىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقانسېرى باللار تېخىمۇ «كۆيۈملۈك»، «مېھرىبان» بولۇپ كېتىشتى. ھەممىسى ئۆز ئۆيىگە يۆتكەپ كېتىشنى تالىشاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ياسىن:

- ئانامنى مۇنداق سازايى قىلىپ، سۆرەپ يۈرمەيلى. خۇددى «ھاياتلىقىمدا قىلمىدىڭ ياد، ئۆلگىنىمدە دادۇ پەرياد»، دېگەندەك، باشتا مەن چىرايلىق مەسلىھەت بەرسەم قولاق سالمىدىڭلار، ئەمدى ئەجەب قىلىپ كېتىۋاتسىلەرغۇ، بولدى، ئەمدى ھېچ يەرگە بارمىسۇن، مۇشۇ ئۆيدە خاتىرجەم ياتقىلى قويۇڭلار، - دېدى ئۇلارنى توسۇپ.

ھەمراخان ئانا سۆز - ھەرىكەتتىن پۈتۈنلەي قېلىپ قالدى. باللار نېمە قىلارىنى بىلمەي تېپىرلاپ تۇرغاندا ئۆيگە ئىبراھىم موللام كىرىپ كەلدى، ئۇ ئانىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن ئوغۇللارنى ئاستا سىرتقا چاقىرىپ چىقتى.

- باللىرىم، ئاناڭلارنىڭ كۈنى تۈگەپ سائىتى قاپتۇ، ئەمدى سىلەرگە ئۇنىڭ تاپىلىغان سۆزلىرىنى دەيدىغان پۇرسەت كەلدى. ئۇنىڭ ماڭا: «مېنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمغا قىلىنغان چىقىمىمنى باللارنىڭ قايسى بىرى قىلمىسۇن ئېنىق جەملەپ قويۇڭلار، ئىككىنچى، يەتتە نەزىرىمگىچە

www.uyghurkitap.com



قولتۇقۇمدىكى تۇمارچىنى ھېچكىم ئاچمىسۇن، يەتتە نەزىرىم تۈگىگەندىن كېيىن، باللارنى يىغىپ، يۇرت چوڭلىرىنى ئۇستىدە قويۇپ ئاندىن ئېچىڭلار. ئۇچىنچى، مېنىڭ ئۆلۈمىمنى ئاڭلاپ سىلىماخۇنىڭ قىزى كېلىپ قالسا، باللار قاپاق تۇرمەي ئالدىغا چىرايلىق چىقىپ، رازى قىلىپ يولغا سالسۇن» دېگەنىدى، قالغان ئىشلارنى ۋاقتى كەلگەندە بىلىسىلەر، - دېدى. خېلىل ئايالى ھاجىنىسانى بىر ياققا چاقىرىپ:

- خوتۇن، بۇ ئىشلارنى ساڭا بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرمىسەممۇ ئوبدان بىلىسەن، ئانىمىزنىڭ بىر - ئىككى كۈنلۈك ۋاقتى قالدى. قازايى قەدەر بىر نەرسە بولۇپ كەتسە، بۇ ئۆيدە ياسىن تېنەپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر دەرھال خەجلەيدىغان نەق پۇلمۇ يوق، ئاكىلىرىڭ تايىنلىق ھەممىسى خوتۇنلىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ، سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇ، ئۇنىڭغا، بۇ بۇنىڭغا قاراپ يۇرت - جامائەتنىڭ ئالدىدا ئادەمنى يەر قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى بىز ئېلىپ كېتەيلى، - دېدى ۋە بىر دەمدىن كېيىنلا خادىكتىن بىرنى باشلاپ كىرىپ باشقىلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ئانىنى ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇزۇن ماڭمايلا ئانىنىڭ نەپسى قىسىلىپ خىرىلداشقا باشلىدى. خېلىل ئۆزىنىڭ شېرىن خىياللىرىغا ئەسىر بولغان، ھاجىنىسا تۇرۇپ - تۇرۇپلا چەكچىيىپ قارىغان ئانىسىغا قورقۇمسىرىغان ھالدا قاراپ قويۇپ ئانىنىڭ يېنىدا خۇددى ئاغرىپ قالغان ئانىسىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان «ۋاپادار» باللاردەك مۆلدۈرلەپ ئانىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئولتۇراتتى، خادىك خېلىللارنىڭ ئۆيىگە يۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە ئانا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، قاتتىق بىر تۈگۈلدى - دە، لەسسىدىلا بوشاپ كەتتى. خېلىل ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ ھارۋىنى توختاتتى، ھارۋىكەش ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتقاچقا بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر ئىدى. ھارۋىكەشمۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورققىنىدىن دۇدۇقلاپ ئىچىدە ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى.

- ئېگىكىنى، پۇتىنى چېتىۋېتەيلى، بىر نەرسە بېرىڭلار! - دەپ ۋارقىرىدى ھارۋىكەش، قورققىنىدىن چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان بۇ بىر جۈپ ئەر - ئايالغا قاراپ: ئانىنىڭ روھى بىلەن تەڭلا ئۇلارنىڭمۇ روھى چىقىپ كەتكەندەك قېتىپ قىلىشقانىدى. ھاجىنىسا جىددىيچىلىكتەبىر نەرسە تاپالماي، بېشىدىكى ياغلىقىنى، خېلىل يانچۇقىدىكى قول ياغلىقىنى چىقىرىپ تەڭلا ھارۋىكەشكە تەڭلىدى. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا مەھەللىگە يۇركەتتى. ئەتراپقا كىشىلەر ئولاشتى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ياسىن ئىبراھىم موللامنى باشلاپ يېتىپ كەلدى ۋە مۇزلاپ كەتكەن ئانىنىڭ تېنىنى قۇچاقلاپ تولغىنىپ يىغلاپ كەتتى. ئىبراھىم موللام ياقىسىنى تۇتۇپ:

- يائاللا خۇدا، ئۆزۈڭگە ئامانەت، شۇنچە يىل جاھان تۇتۇپ شۇنچىلا باللارنى بېقىپ قاتارغا قوشۇپ، قېرىغىنىدا ئۆيدىن - ئۆيگە يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى ھارۋا ئۇستىدە جان ئۈزۈپتۇ رەھمەتلىك. باللىرىمىزنىڭ ئىنسابىنى بەرگەيسەن ئىگەم - دەپ ئاستا شىۋىرلىدى. ئىبراھىم موللامنىڭ ئالدىدا نېمە قىلارنى بىلمەي قالغان خېلىل غىڭ قىلماي ھارۋىنى بۇراپ ياسىننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. شەمشىقەمەر، ھاشىملار يېتىپ كېلىپ ھارۋىغا ئېسىلىپ يىغا - زارە قىلىشتى.

يەتتە نەزىرى بېرىلگەن كۈنى مېھمانلار ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن ئىبراھىم موللا ياسىننى يۈگۈرتۈپ يۈرۈپ بىر قانچە يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرتىپ كەلدى. ياسىن مېھمانلارنى داستىخانغا باشلاپ ئالدىغا چاي قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىبراھىم موللام ياسىنغا ئانىنىڭ كۆڭلىكىنى ئەكەلدۈردى ۋە قولتۇقىغا تىكىلگەن تۇمارچىنى

ئېلىپ ئېھتىيات بىلەن ئېچىشقا باشلىدى. ئەتراپتا بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغانلارمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ باشقا نەرسىلەرنىڭ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىپ چېكەتكىلەردەك پارقىراپ تۇرغانلارمۇ بار ئىدى. تۇمارچىنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە خەت بىلەن بىر پۇل چېكى چىقتى. ئىبراھىم موللام خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئولتۇرغانلار چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي خەتكە قۇلاق سالدى.

«مېنىڭ يۇرت - جامائەتكە ۋە باللىرىمغا قىلىدىغان ئاخىرقى ۋەسىيىتىم، ئالدى بىلەن باللىرىمغا شۇنى تاپىلايمەنكى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ ئىناق - ئىجىل ئۆتۈڭلار، دۇنيادا پۇلدىنمۇ ئۇلۇغ بولغان ئىنساپ، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. سىلەرگە مەندىن ھېچ نەرسە قالمايدىغان بولدى. بۇ توپەيلى مېنى ئەيىبلەپ تىللىساڭلارمۇ مەيلى، ماڭا باللارنىڭ دادىسىدىن ئىككى قورۇ - جاي قالغان ئىدى. ھەممىڭلارنىڭ ئېسىدە بار بولسا كېرەك، ئۇنى سېتىپ ئۆز ۋاقتىدىلا باللارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن، ياسىن كىچىك بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈلۈشىنى ئۆزۈم ساقلاپ كەلگەنتىم. بىراق ئۆزۈم ئىش - ئوقەتتىن قالغاندىن كېيىن ئۇنى خەجلەپ تۈگەتتىم، باشقا باللارنى ئوقۇتۇپ ھەممىسىنى خىزمەتكە چىقاردىم. بىرلا ياسىن مېنى باقىمەن، ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىمەن دەپ ئوقۇشسىز قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىماخۇن ھايات چېغىدا خىزمىتىنى ئوبدان قىلىپ باللىق بۇرچىنى ئادا قىلدى. شۇ توپەيلى سېلىماخۇننىڭ نامىدىكى بۇ ئۆيىنىڭ پۇلىدىن ئۆزۈمگە تېگىشلىك بولغان 5000 يۈەننى ياسىنغا بەردىم. ئۆتكەندە باشقا باللارغا 500 يۈەندىن بەرگەن ئىدىم. يەنە 500 يۈەندىن بۆلۈپ بەرسە بولىدۇ. قالغان پۇلدىن 20 مىڭ يۈەننى سېلىماخۇننىڭ دۇنيالىقتا يالغۇز بىر قىزى بار، شۇ قىزغا ئاتاپ قويدۇم. 2000 يۈەن پۇلنى باللارنىڭ قايسىسى ئۆلۈممگە پۇل خەجلىگەن بولسا شۇنىڭغا بەرسەڭلار بولىدۇ. قالغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى مەھەللىمىزدىكى كۆۋرۈكنى يېڭىلاپ ياساشقا ئىئانە قىلدىم. چۈنكى سېلىماخۇن ھايات چېغىدا بۇ كۆۋرۈكنى داۋاملىق رېمونت قىلىپ تۇراتتى. يول، كۆۋرۈك ياساش ساۋابلىق ئىش، دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. شۇ ئادەمنىڭ روھى خۇش بولۇپ قالسۇن دېگەن خىيال بىلەن شۇنداق قىلدىم». خەت ئوقۇلۇپ بولۇشىغا ئۆي ئىچىنى قايتىدىن يىغا - زارە قاپلىدى. ئىبراھىم موللام ئۇلارنى تەسلىكتە يىغىدىن توختاتتى.

- ئاپام مەندىن غەم قىلىپ 5000 يۈەن قالدۇرۇپتۇ، بۇنىڭغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، يۇرت-جامائەت مۇشۇ پۇلنى ئىككى ھەدەم بىلەن ئىككى ئاكامغا بۆلۈپ بەرسەڭلار، ماڭا پەقەت ئاپامنىڭ دۇئاسىلا كۇپايە، - دېدى ياسىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

- ئاپام ناھايىتى توغرا ئويلاپتۇ، ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس، ياسىن خاتىرجەم تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزسىلا مەن خۇشال، - دېدى ھاشىم ياسىننىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا. ھاشىمنىڭ ئارقىسىدىن ھاجىنىسا تۇرماقچى بولۇپ ئورنىدىن مىدىرلىۋېدى، خېلىل ھاجىنىسانىڭ پېشىنى تارتىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى. قالغانلار گەپ - سۆز قىلماي ئولتۇرۇۋالدى. ئىبراھىم موللا ئەتراپنى كۆزىتىپ ئازراق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

- ھاشىم توغرا ئېيتىدۇ. پۇلنى ياسىن چوقۇم ئېلىشى كېرەك. بولمىسا ھەمراخاننىڭ يېنى يەر باسمايدۇ. شۇنداقمۇ ساۋۇت ئاخۇن؟ — دەپ ساۋۇتقا قارىدى. ساۋۇت «شۇنداق موللام» دەپ باش لىڭشىتتى. خېلىل بولسا ئەتراپىدىكى ئۆزىگە يامان كۆزى بىلەن قاراۋاتقانلارغىمۇ قارىغۇچىلىكى يوق، بوزارغان ھالدا بىر چەتكە قارىۋالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

www.uyghurkitap.com

ئالتۇنگۈل رەجەپ

# يېنىڭىزدا مەن بار

(ھېكايە)

— قېنى، ئىنچىكە گۈلنىگار، نېمە خىيال قىلىپ كەتتىڭىز؟ — مەردان ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان قولىنى ئۇزىتىپ، قىزنىڭ خرۇستال قەدەھ تۇتقان ئىنچىكە بارماقلىرىنى ئاستا تۇتتى.

— كىچىك سىڭلىم ئىپارنىسا ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ تىلى شۇنداق چۈچۈك، ماڭىدىغان كۈنۈم بوينۇمغا گىرە سېلىۋېلىپ «يىغلاڭغۇ بالا» دېگەن ناخشىنى بار ئاۋازى بىلەن ئوقۇپ بەرگەنتى...

ساكسىن بىلەن ئورۇندالغان مۇڭلۇق مۇزىكا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، گۈلنىگارنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى، ئۇ قولىدىكى يېرىمداپ قالغان شارابنى بىر ئوتلاپ قويۇپ، ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان قىزغۇچ چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە قايرىپ قويدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاق پوسمىلاق يۈزى تامامەن ئېچىلدى. چاچلىرى قېتىدىن مارىلاپ تۇرغان كىچىككىنە قۇلاقلىرىدىكى يېشىل ياقۇتلۇق مونچاقلىرى زالنىڭ ھەشەمەتلىك تورۇسلىرىدا ئېسىلىپ تۇرغان قەدىمكى رىمنىڭ شامدانلىرى شەكلىدىكى ئېتون چىراغلار، گلوبۇس شەكلىدىكى ئايلانما نۇرچاچقۇنىڭ شولىسىدا ئاجايىپ نۇرانە جۇلالىنىپ كەتتى.

— ئوينايلىمۇ گۈلنىگار؟

قىز بۇلۇتتەك چاچلىرى دولقۇنلىنىپ تۇرغان نازۇك يەلكىسىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— دېمىدىممۇ سەيدى، مەردان بوش كەلمەپتۇ ئاخىرى! — بۇلۇڭدىكى كرىسلوغا چۆكۈۋالغان يەڭسىز كۆڭلەك كىيگەن يىگىت سەيدىنى جەينىكى بىلەن نوقۇپ تۇرۇپ، تانسا ئويناۋاتقان مەردان بىلەن گۈلنىگارنى شەرەت قىلدى.

— ئۇنىڭ دادىسى باشلىق، مېنىڭ دادام مۇزدۇز، بازاردا تەرپۇراپ تۇرىدىغان ئەسكى كەشە تىكىپ جان باقىدىغان ياماقچى! كىم مېنى نامرات بولسۇن دەپتۇ، بىلەمسەن ئاغىنە، — سەيدىنىڭ تۇتۇلغان چىرايى بىردىن چېقىن ئاپتاپتەك ئېچىلدى، — گۈلنىگار ئالىي مەكتەپتە مېنىڭ ئالدىمدىكى پارتىدا ئولتۇراتتى... مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم تانسا ئويناپ باققان، ئۇنىڭ بەللىرى شۇنداق ئەۋرىشىمكى، ئالىقانلىرىمۇ پاختىدەك يۇمشاقلا، مەن كالۋا شۇ چاغدا نېمىشقىمۇ بىرەر قېتىم سۆيۈۋالمىغان بولغىيتتىم دەيمەن.

— مەست بولۇپ قاپسەن ئاداش، ئەمدى ئىچمە!

— كىمنىڭ مەست بولۇپ قاپتۇ، يولۋاستەك ئوغۇل بالا تۇرسام مەن، — سەيدى كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ يەڭسىز كۆڭلەكلىككە ئالايدى-دە، قىرلىق ئىستاكاننى بىر كۆتۈرۈشتە قۇرۇقداپ قويدى. سەيدىنىڭ شىركەيپىدە قىزارغان كۆزلىرىدە غەلىتە سوغۇق ئۇچقۇن يېنىپ ئۆچتى. ئۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى غەزەپ بىلەن ئېچىپ، قىرلىق ئىستاكاننى يەنە لىقلىدى.

بۇزغىپ چىققان ئاپئاق كۆپۈكچىلەر ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان ئۈستەلنىڭ يۈزىنى بويلاپ پەسكە يامراپ ئاقتى.

مۇزىكا ساداسى يەنە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. رەڭگارەڭ نۇر دۇنياسىدىكى مەستخۇش قەلبلەر لەرزىگە كەلدى. جۈپ-جۈپ قىز-يىگىتلەر گۈللۈك نۇر ئىچىدە دەريا دولقۇنىدەك چايقىلىپ بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتتى.

- مەن. . . مەست بولۇپ قالدىمۇ قانداق؟ ۋييەي، ئاستىراق ئايلاندۇرۇڭە ئەسكى، يىقىلىپ چۈشمەمەن جۇمۇ، - گۈلنىگار مەرداننىڭ مۈرىسىگە بېشىنى سەل قىيساپتىپ، ئوتتەك لەۋلىرىنى يىگىتنىڭ قولىقىغا شۈنچىكىم تەگكۈزۈپ شىۋىرلىغاندا ئاجايىپ تاتلىق بىر سېزىم مەرداننىڭ قولاقلىرى ئارقىلىق تومۇر-تومۇرلىرىغا تاراپ كەتتى. ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياندى.

- مەن يۈلىۋالىمەن جېنىم! - مەردان قىزنىڭ زاڭىقىدىن ئاستاغىنە كۆتۈرۈپ خۇمار كۆزلىرىگە تىكىلدى، - يېنىڭىزدا مەن بار گۈلنىگار!

- سىز؟ - قىز ۋىلىقلاپ كۈلدى، - سىز بولسىڭىز مەيلى ئەمىسە. . .

دىلنىڭ نازۇك تارىنى چېكىۋاتقان يېقىملىق مۇزىكا، پاراغەت ئىچىدىكى ئوتتەك نەپەسلەر بىلەن قىزىغان گۈڭگا زال يېنىك تىترەيتتى. . . دەل شۇ چاغ مۇزىكىنىڭ ئۈنى بىردىنلا ئۈچتى، زال ئىچىنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى قاپلىدى. قىزلارنىڭ ئەنسىز چىرقىرىشىغا يىگىتلەرنىڭ ئىسقىرتقان ئاۋازى قوشۇلۇپ كەتتى. گۈلنىگار خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئەستە ئېچىپ مەرداننىڭ مۈرىسىدىن ئاستاغىنە باش كۆتۈردى.

- نېمىش مەردان؟ كۆزۈم. . . مېنىڭ كۆزۈم ھېچنېمىنى كۆرمەيۋاتىدۇ. مېنى ياتىقىمغا ئاپىرىپ قويسىڭىز جېنىم، ماقۇل دەڭا. . .

- تۈك كەتتى گۈلنىگار، نېمىدىن ئەنسىرەيتتىڭىز، يېنىڭىزدا مەن تۇرسام، تۈك ھېلى كېلىدۇ. -

مەردان گۈلنىگارنىڭ نازۇك بېلىدىن ئاستاغىنە تارتقاندا قىزنىڭ ئاپئاق بىلەكلىرى مەرداننىڭ بوينىغا يۆگەشتى. سىياھتەك قاراڭغۇلۇقتا ئىككى تەن چىرمىشىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي چاقماق چېقىلغاندەك يالت-يۇلت پەيدا بولغان ئوت ئۇچقۇنى بىلەن تەڭ زال ئىچىدە قولاقنى يارغۇدەك قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى، ئىس-تۈتەك، دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان قاڭسىق پۇراق زال ئىچىنى بىر ئالدى. ئارقىدىن تام بويلاپ تارتىلغان گۈللۈك پەردىلەرگە ئوت يالقۇنى يامىرىدى.

- ئوت كەتتى! - كىمدۇر بىرى ئەنسىز ۋارقىرىدى.

زال ئىچى پاتپاراق بولۇپ كەتتى، قىيا-چىيا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئىستاكان، بوتۇلكىلار، ئەينەك قاچىلار جاراڭلاپ سۇندى. ھەممەيلەن يوپۇرۇلۇپ ئىشىك تەرەپكە ئېتىلدى.

- ئىشىكنى ئاچ!

- ئاپا!

- مەردان!

ئوت يالقۇنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

- خۇدا ھەققى مەردان! مېنى تاشلىماڭ!

- ئۆلسۇن دەمسەن مېنى! - مەردان بىلىكىگە ئېسىلىۋالغان گۈلنىگارنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ تاشلاپ، ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى. گۈلنىگار ئاچچىق ئىس-تۈتەك، يالقۇن بولۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان دەھشەتلىك ئوت ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى.

* * *

شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ سۆرلۈك كارىدورى بۈگۈن ئادەتتىن تاشقىرى جىددىيلىشىپ كەتتى. داۋالاش ئەسۋابلىرى، ئوكۇل، دورا پەتنۇسلىرىنى

uyghurkitap.com

كۆتۈرۈشۈپ ئۇياقتىن بۇياققا ئالدىراش ئۆتۈۋاتقان سېستىرالار، ئىشىك ئالدىدىكى قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىللىرىنىڭ ۋەھىمىلىك سىگنالى قوشۇلۇپ سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى.

قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئالدىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ياغاچ ئورۇندۇقتا چىرايلىرى ئىسلىشىپ كەتكەن، يۈز-بويۇنلىرىغا يود سۈرتۈۋېلىشقان بىرنەچچە قىز-يىگىت جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى.

— مەردان! مەردان دېگەن قايسىڭلار؟

دوختۇر ئىككىنچى قېتىم چاقىرغاندا مەردان ھودۇققان، تىترىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ قەدەملىرى زادىلا قولاشمايتتى. ئۇ بويىنىدىن ئارغامچا بىلەن سۆرىگەندەك كېسەلخانا ئىچىگە كىردى. ئۇنىڭ بۇرنىغا گۇپ قىلىپ كۆيۈك ھىدى ئۇرۇلغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ، بۇرۇن پەررەكلىرى لېپىلداپ، جاۋغايلىرى تۆۋەن تارتىشىپ كەتتى.

— بۇ قىزنى تونۇمسىز؟

مەردان زور بىلەن كۆزىنى ئاچتى. كارىۋات ئۈستىدە قورقۇنچلۇق قارامتۇل بىر تەن سوزۇنايلىنىپ ياتاتتى. پىخىرلىشىپ كەتكەن تېرىسىز بەدەندىن قان ئارىلاش سېرىق سۇيۇقلۇق چىپىلداپ تېمىپ تۇراتتى. مەرداننىڭ مېڭىسى ۋىڭىلداپ كەتتى، قۇلاق تۈۋىدە دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزى قۇلاق كۆمۈرچەكلىرىگە پىتىپ قالغان كىچىككىنە پېشىل ياقۇتقا چۈشتى، ئاھ، قانداق دەھشەت؟! ئۇ بۇ مونچاقنى ئۆزى ئۈچۈن ھەممىدىن كەچكەن گۈلنىگارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۆز قولى بىلەن ئاشۇ چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىغا سېلىپ قويغان... مەرداننىڭ يۈرىكى قاتتىق موجۇلۇپ ئاغرىدى. تاڭلىيىغا شاكىراپ سۇ يىغىلدى.

... ھادىسە، كۈتۈلمىگەن ھادىسە، ئەگەر مەنمۇ سەللا بىخۇدلۇق قىلىپ قويغان بولسامچۇ... ئاھ، خۇدا!... ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مۆلدۈرەپ ياش تولدى. ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغۇچە كارىۋاتقا يەنە قاراپ سالدى... تېرىسى بولمىسا ئادەم دېگەن قانداق سەت؟! تېرىسىز ئادەمگۆشى قانداق بەدبەشىرە... مەرداننىڭ كاللىسى تومانلىشىپ كەتتى.

— مەن ... مەن ئۇنى تونۇمايمەن... — مەرداننىڭ كۆزلىرى توختىماي چىمچىقلىدى. نەپەسلىرى سىقىلىپ ھاسىراپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا چىقىپ كېتىڭ!

مەردان ئېغىر ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەپ كەينىگە ياندى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى... ئاندىن بېشىنى چايقاپ قويدى-دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى. لېكىن دەرۋازا ئالدىدا مەردانىنى كۈتۈپ تۇرغان سەيدى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

— نېمە قىلاي دەيسەن، سەيدى؟ — مەردان ئەندىكىپ سورىدى.

— سېنىڭ دوختۇرغا مۇشۇنداق جاۋاب بېرىدىغىنىڭنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى. يارايسەن بايۋەچچە! — سەيدى ئۆزىنى چىدام بىلەن تۇتۇپ سۆزلىدى، — ئۆز سۆيگىنىڭنى «تونۇمايمەن» دېگەندە يۈرىكىڭ ئاغرىمىدىمۇ؟ تىلىڭ كۆيمىدىمۇ؟... تۇفى! — سەيدى مەرداننىڭ يۈزىگە غەزەپ بىلەن تۈكۈرۈۋېتىپ، دوختۇرخانا ئىچىگە قاراپ ماڭدى...

گۈگۈم ۋاقتى. بېلىگە ئاق باغلىغان سەيدى گۈلنىگارنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يالغۇز يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ مەڭزىنى بويلاپ تاراملاپ ئېقىۋاتقان يېشىنى سۈرتكىنىچە ئاستا پىچىرلىدى:

— قورقماڭ گۈلنىگار، يېنىڭىزدا مەن بار...

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمائىل**

**مۇھەممەت كامال (خۇش خۇي)**

# مېنى تۇغقان جەننىتىم سەھرا


## قەلبداشلار

كەلگىنىدە نۇۋۇەتچىلىك ھىلالغا،
كەتتى قۇياش ھۇجرىسىغا ئارامغا.
تويى بولغان ئاھۇ كۆزلۈك قىزلاردەك،
ياساندى كۆك كېچىدىكى بايرامغا.

باشلىنۇەتتى چېكەتكىلەر مۇزىكا،
بولدى ھەممە ياستۇقىغا ھەمنەپەس.
ئايرىلىسمۇ يايلىقىدىن پادىلار
نارازى بوپ ئۇڭغۇل - دوڭغۇل مەرىمەس.

ئويغاق پەقەت ئىككى ئىنسان بۇ كېچە،
بىرى ۋەتەن چېگرىسىدا كۆزەتتە.
تەپەككۇرنى تۇلپار كەبى چاپتۇرۇپ،
داستان پۈتەر بىرى ۋەتەن ھەققىدە.

بولغاچ قەلبى بىر - بىرىگە رىتىمداش،
يۈرىكىدە ئوخشاش ئارزۇ - ئوخشاش ئوي.
كۆرسە مەقبۇل مېھنىتىنى ئەل - ۋەتەن،
بولار شۇ چاغ ئۇلار ئۈچۈن شادلىق - توي.




## ئىلھام

ئىشىك چېكىپ بەرمەيسەن ئارام،
تۇلپار چېپىپ چىقسام ئىزىڭ يوق.
تۈز قويغاندەك ئېچىنىشىپ يارام،
بولالمايدۇ كۆڭلۈم پۈتۈن - توق.

بولالمايدۇ كۆڭلۈم پۈتۈن - توق
سېنى بىر رەت قوبۇل ئەتمىسەم.
يورىمايدۇ كۆك ئۆزرە ئۈپۈق،
خەپ، كەينىڭدىن قوغلاپ يەتمىسەم.

## بۇ مېنىڭ سەھرالىرىم

بۇ مېنىڭ سەھرالىرىم، سەھرالىرىم،
زوق بېرەر ھەركىمگە مول ئەھيالىرىم.
بىر قېتىم مېھمان بولۇپ يانغىن قېنى،
قەنت، ناۋاتنىڭ تەمى بار قەھۋەلىرىم.

بۇ مېنىڭ سەھرالىرىم، سەھرالىرىم،
چۆلنى بوستان ئەيلىگەن ئەھيالىرىم.
كەل بۇياققا نېمىگە ھاجەت ئۆزۈڭ،
شەپقىتى ئالەمچە بار ھەمراھلىرىم.

بۇ مېنىڭ سەھرالىرىم، سەھرالىرىم،
ھۆسنىدىن زەر، نۇر ياغار ئەھيالىرىم.
ئۆچرىتارسەن ھەر قەدەمدە ئىزدىسەڭ،
بۇ ئەزىز سەھرا ئارا يەھيا① لىرىم.

① يەھيا - پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى.

## دىدار ئۈچۈن...

كېتەلمەيمەن مەھەللەڭدىن چۆرگىلەپ،
تۆت ئاي بولدى يوقاپ كەتتىمڭ ئاپئېقىم.
چانقىمغا تولدى يېشىم لەپمۆلەپ،
دوستلارغىمۇ ئېچىلمىدى قاپىقىم.
چۈشەي دېدى كۆزدىن ئېقىپ قارىقىم.

بەرگىن جاۋاب ئاتاڭ توراپ قويدىمۇ؟
ئاپاڭ ئىشقى قىينىغاننى ئۇنتۇپ.
مەندىن ئاپاڭ شۇنچە بالدۇر تويدىمۇ؟
ئۆزى كىيگەن «شىر» چورۇقنى قۇرۇتۇپ.
چىق ھۇجراڭدىن دىل خانەمنى يورۇتۇپ.

ئاتلاتمىسا سېنى ئەگەر بوسۇغا،
قىلسا مېنى ئىشقىڭ ئوتى ئاۋارە،
ئېچىۋەرمەي ھىجران كۆلىدىن مەن ئوغا،
تىلىنماستا يۈرەك باغرىم مىڭ پارە.
ئىزدەپ تاپتىم دىدار ئۈچۈن بىر چارە.

سېتىپ ئالدىم ۋىسال ئۈچۈن تىك ئۇچار،
ھەركۈنى كەچ دېرىزەڭگە قونىمەن.
ئەمدى بىزنى بەخت دېگەن راست قۇچار،
كۈتكىن مېنى يوقلاپ كېلىپ تۇرىمەن.
ھودۇقمىغىن، ئەسلى يارىڭ بولىمەن.

## مېنى تۇغقان جەننىتىم سەھرا

يالغان ئەمەس بۇ يۈرەك سۆزۈم،
مەن شەھەرگە قىلمايمەن ھەۋەس.
مېنى تۇغقان جەننىتىم سەھرا،
ئاڭا دىلدا مۇھەببەت پەۋەس.

بولمىغاندەك ئانىسىز بالا،
سەھرا بولماي نەمەۋجۇت شەھەر؟
مېھرى ئىسسىق، قوينى كەڭ سەھرا
سوزۇلغان ئۇ ئۇپۇققا قەدەر.

سەھرا خەلقى شۇنچە ئاق كۆڭۈل،
ئۇ ئاقلىقكى بەئەينى بىرقار.
كۆزەتسەڭمۇ مىكروسكوپ بىلەن
كىر تېپىلماس قەلبىمدىن زىنھار.

قىلغاچ ئۇنى كۆڭۈل ئاقلىقى
قولى ئوچۇق، داستىخىنى كەڭ؛
سېخىيلىقتا ھاتەممۇ ھەتتا
كېلەلمەيدۇ دېھقىنىمغا تەڭ...

**ياسىن زىلال**

# ئەسسالام، ھاياتقا گۈل چەككۈچىلەر

## سەھەر سالامى

ئەسسالام، كائىنات، ئەسسالام ئالەم،
ئەسسالام، ئەجدادىم قېنى سىڭگەن يەر.
ئەسسالام، قان رەڭداش قىزارغان ئۇپۇق،
ئەسسالام، يېڭى كۈن، ئەسسالام سەھەر.
ئەسسالام، چىن قۇتلۇق سىزگە ئەي ھايات،
ئەسسالام، جىسمىمغا جان بەرگەن ئانام.
ئەسسالام، بورانغا سوقتۇرماي مېنى
ئۆمرۈمگە سائادەت بەخش ئەتكەن ئاتام.
ئەسسالام، تۇغۇلغان يېرىم، مەكتىپىم،
دىلىمغا نۇر سەپكەن ئۇستاز - مېھرىبان.
ئەسسالام، بەختىمدىن كۈلگەن يارانلار،
ئەسسالام، قەلبىمنى ياشارتقان جانان،
ئەسسالام، بىر تۇغقان - قېرىنداشلىرىم،
ئەسسالام، ئاق كۆڭۈل بار قولۇم - قوشنام.

ئەسسالام، ھاياتقا گۈل چەككەن مەردلەر،
ئەسسالام، قىلىقى ئۈز ئوماق بالام.
قاراڭلار، ئاقىرىپ كەلمەكتە ئۇپۇق،
كائىنات يۈزىدە تويدۇر، توي بۇ دەم.
ھاياتلىق چېھرىدە چېچەك جىلۋىسى،
يېپيېڭى قۇرلارغا كۆچتى زەر قەلەم.
مەن بۈگۈن تاڭدىنمۇ بۇرۇنراق تۇرۇپ،
قۇياشنى چىللىدىم: كېلىڭ، مەرھابا!
كۆپ ئۆتمەي تاغلارغا ئالتۇن تون يېپىپ،
كۈن كۈلدى، شولىغا پۈركەندى دۇنيا.
ۋىچىرلاپ ئويغاندى ئۇيقۇدىن قۇشلار،
خورازلار قونداقتىن چۈشكىلى نىكەم.
كۆيلەردىن چىرايلىق گۈلدەستە تۈزۈپ،
ئۇزاتتى ئەرشتىن ئىلھام پەرىشتەم.

ناخشامنى توۋلىدىم ياڭرىتىپ شۇنداق،
ئۆي - ئۆيگە ھەرياققا تارقاتتى سابا.
سىلەرنى ئويغاتتىم شېرىن ئۇيقۇدىن،
تۇرۇڭلار،
بىر يېڭى كۈن پارلىماقتا!

## كۆسەي

گۈپپىدە قىلىپ،
بىر نان چۈشۈپ كەتتى قوقاسقا.
سەل ئۆزگىرىپ ناۋاينىڭ كەيپى،
دەپ تاشلىدى: ئەستاغپۇرۇللا.

ئېلىپ شۇئان كۆيۈك كۆسەينى
ئېگىشتى - دە، تونۇرغا،
دەرھال
پاھ، كۆيدى، دەپ قولىنى تارتتى،
نانغۇ كۆيدى،
كۆسەيگە ئۇۋال.
نەرسە بارمۇ ئاشۇ كۆسەيدەك
مەن ئۆزۈمنى راست ئوخشاتقىلى،
مەنمۇ كۆپ رەت كىردىم قوقاسقا،
ئۆزگىلەرگە چۈشۈك تارتقىلى.

ئۆرتەنۋالدىم باغرىمنى جىقلا
ئويلىماستىن ئىشنىڭ كەينىنى.
مېنىڭ تالاي ئاچچىق كەچمىشىم
ئوتتا قالغان كۆسەي بەئەينى.

مەن ئادەم مەن،
ياغاچ ئەمەسمەن.
چىقالايمەن قوقاستىن ئۆزۈم،
لاخشىگىرگە مۇھتاج ئەمەسمەن.

ھەقىقەتكىم شۇ بىر كەلىمە:
مېنى يەنە چۈشۈك تارت دېمە!
ئۆزگىلەرگە بولمايمەن كۆسەي
ئوتقا كىرسەك كىرەيلى بىللە...

## بۇ نېمە؟

قورقۇنچلۇق بەشرە،
بىر سۆڭەك ھەم بىر تېرە،
ئەجەب يوغان ئاۋازى،
يالماۋۇزدەك ئەلپازى.
ئۆزۈم بۇركۇتمەن، دەيدۇ،
مېكىيانچە پەرۋازى.
كېپەن تېرىپ مازاردىن،
ئۆتمەس تەنزە ئاچقىلى
سورۇن تاللار بازاردىن،
- قانداق نېمە شۇنچە سەت؟
- نېمە ئىدى، ئۇ ھەسەت!
«تەنزەم ئېسىل مال» دەيدۇ،
«يۇندام شېرىن - بال» دەيدۇ.
راۋاب ياساپ پاساردىن،

www.uyghurkitap.com



«بۇ ياخشى ساز، چال» دەيدۇ.
تېزەك تېزىپ تاۋاقا،
«بۇ گۆھەرنى ئال!» دەيدۇ.
ـ قانداق ئەقلى دەلدۈش ئۇ؟
ـ جۆيلۈش ئىچرە جۆيلۈش ئۇ!

تەڭگىسى يوق خەجلەشكە،
ئەقلى كەلمەس ئەيۋەشكە،
خەق ئېشىغا چاڭ سالغان،
چىدىماس دەپ داڭق ئالغان،
ئامەت كەلمەي خۇدادىن،
يول تاپالماي دۇنيادىن،
ـ چۇقان سالغان نېمە ئۇ؟
ئاچ ئەرۋاھ دەل ھەسەت بۇ!

لەنەتلەنگەن نەزەردىن،
پۈتكەن ـ تۈرقى زەھەردىن،
يوقتۇر زوقى ـ شادلىقى،
تۇتماس زىنهار تاتلىقى،
بىراۋ كۈلسە، كۆزى ياش،
كىم يىغلىسا كۆڭلى شاش،
ئۆتتۈرۈۋەتسەڭ كۈلىدۇ،
ئۆتساڭ نەچچە ئۆلىدۇ،
ـ قانداق كېسەل؟
ـ بۇ ھەسەت!
نىجاسەتتىن نىجاسەت!

ئۇ بارچىنى نۆل دەيدۇ،
مەنلا تۇراي «ئۆل» دەيدۇ،
ئانىسىنى چىشلەيدۇ،
دادىسىنى بىلمەيدۇ.
قىزىلگۈلنى «خەس» دەيدۇ،
«يىلتىزىدىن كەس» دەيدۇ.
ئاي، يۇلتۇزنى «پەس» دەيدۇ،
«مەنلا مۇقەددەس» دەيدۇ.
ـ قانداق گەپ ھە، قاراڭ بۇ؟
ـ ساراڭغا خاس پاراڭ بۇ!

پورۇچ چەگسە «پاگۇنۇم»،
قەغەز قاپنى «ۋاگۇنۇم»،
سۇ قاپىقى ئۇچرىسا،
دەيدۇ «ئالتۇن چۆگۈنۈم».
پاقىسىنى بۇلبۇل، دەر،
يا ئەلھەزەر،
ئەلھەزەر...
نېمە گەپ بۇ شۇ قەدەر؟
ھەسەت دېگەن بىنومۇس،
ئۇنى سۆككىن راۋۇرۇس!

**يالقۇنجان ئىسلام**

# ئىككى غەزەل

1

ئەجەب قىسمەتكە قالدۇردى پېقىرنى بىر سەنەم دەردى،
يۈزى تولغان قەمەر، چولپان كۆزى، قاشى قەلەم دەردى.
گويا غەلۋىرگە ئايلاندى سىنەم ئول يار پىراقىدا،
بېشىمغا تاغ بولۇپ چۈشتى مۇھەببەتنىڭ ئەلەم-دەردى.
قۇيۇندەك پىرقىراپ كەزدىم جۇنۇن سەھراسىنى بىھوش،

مېنى كەتكۈزدى ھالىمدىن نىگارنىڭ ئىشقى، غەم-دەردى.
نە كاللامدا ئەقىل قالدى، نە جىسمىمدە قۇۋۋەت ھەيھات،
نە قالدى بوتىدەك بوزلاپ كۆزۈمدە خۇنۇ نەم دەردى.
قەدەمدە بىر توساق، ئۆتكەل بۆسۈپ ئۆتمەك بەسى مۇشكۇل،
دەقىقە بولمىدىم خارىج ئازابتىن دەمبەدەم، دەردى.
ئۈمىدنى ئۈزمىگىن يالقۇن نىگاردىن، كەلگۈسىڭ پارلاق،
ۋىسالغا ئايلىنار بەرھەق بۇ سەۋدايى سىتەم دەردى.

2

چۈشكۈسى رەشك ئوتىغا چېھرىڭنى جانان كۈن كۆرۈپ،
قارىيار رەڭگى بەتەر چاچىڭنى قالسا تۈن كۆرۈپ.
جۈپ نىگاھىڭ ئالدىدا كېيىك كۆزى كۆز بولدىمۇ؟
كەزمەيتتى چۆللەر قويىنىنى قالسا ئەگەر مەھزۇن كۆرۈپ.
بەسلىشىشكە ھەددى نە بولسۇنكى قەددى سەرۋىنىڭ،
قامىتىڭنى بەلكى خان ئەتلەس لىباس گۈلگۈن كۆرۈپ.
ئېغىزىڭدىن ئەيمىنىپ لالە ئاچالمايدۇ چېچەك،
ئامىرىقىم قوقەنت گىلاسىدەك لېۋىڭدە خۇن كۆرۈپ.
بارمىدۇ ئالەمدە سەندەك بىر كېلىشكەن مەھلىقا،
تۈتىدۇ كۈندەشلىكىم چۆرەڭدە كۆپ مەجنۇن كۆرۈپ.
ئەي نىگارا رەھمى ئەيلە ئاشىقىڭنىڭ ھالىغا،
قالمىسۇن بىر بىۋاپانىڭ زۇلمىنى يالقۇن كۆرۈپ.

**تۇراپ دايىم**

# تىنىقلار ئەۋجىدە كۈلىدۇ ھايات

### ئارمان كۆيىدۇ

تاغ - دالا، چۆللەرنى كېزىدۇ شامال،
كېپىكلەر ئىزىنى قانماي سۆيىدۇ.
ئۈڭكۈردە ياتىدۇ بىر قېرى بۆرە،
كۆزىدە يېلىنجاپ ئارمان كۆيىدۇ.

قارىغاي غولىدا يورغىلاپ تىيىن،
توشقاننى قورقىتىپ ئوينايدۇ بىر پەس.
يۇلغۇننىڭ باغرىدا تورغاي بالىسى،
ئانىسى پەرۋازدا ئالىدۇ نەپەس.

بۈركۈتلەر ئۇچۇشار ئورمان ئۈستىدە،
بۇغىلار بېشىدا ئەگىيدۇ مامات.
ھەربىر جان قېنىغا سىڭگەن زىددىيەت،
رىقابەت ئىلكىدە گۈللىنەر ھايات. . .

### ئالماشمىدى ئۇستازدىكى پەزىلەت

ئۆتتى يىللار كارۋان ياساپ ئايلاردىن،
ئايلار ئۆتتى كۈننى دەسسەپ بىر تالاي.
بىرلا جاي بار گۈل يېزامنىڭ قوينىدا،

www.uyghurkitap.com

ئالماشمىدى يىللار بىلەن ياندىشماي.
تارغىنا ئۆي، بىر شىرە، بىر ئورۇندۇق،
بىر گەۋدە بار، كېچە بىلەن سىردىشار.
بىر تۇرۇلۇپ ھەم كۈلىدۇ چىرايى،
دائىم شۇنداق كىتاب بىلەن مۇڭدىشار.
غىچىلدايدۇ ۋايساپ كونا ئورۇندۇق،
(ئوتتۇز يىلنىڭ شاھىد ــ كونا ناخشىسى.)
شاگىرتلىرى ئالماشتى بەش يىلدا بىر،
مۇكچەيدى شۇ نەۋقىران ئەر گەۋدىسى.
ۋايساپ سەھرا جاپاسىدىن، غۇربەتتىن
ئالمىششتى كۆپلەر ئاۋات شەھەرگە.
ئالماشمىدى پەقەت مۇشۇ مۇئەللىم،
قالغىنىدەك كۆنۈپ مەڭگۈ بۇ يەرگە.
تار ئۆيگە زىننەت ھەرخىل كىتابلار،
ئۆگىنىدۇ، ئۆگىتىدۇ ھەر دائىم.
دەيدۇ بوۋاي، موماي، سەبىي باللار:
ـ ياخشىمۇ سىز، ئامانمۇسىز مۇئەللىم!

## قاپقان كەتسە چېقىلىپ

ئۇچقۇن چاچار سەندەلدە تۆمۈر،
بازغان تەگسە تاۋلىنىپ، چېكىپ.
قاپقان ياسار تۆمۈرچى بۇندا،
پۇلنى كۆزلەپ تەرلەپ ۋە ھېرىپ.

قاپقان پۈتەر مۇستەھكەم شۇ چاغ،
ئاڭلىنىدۇ ئۇۋچى كۈلكىسى.
ياڭراپ كېتەر ئەمدى جاڭگالدىن،
توشقان، تۈلكە، جەرەن نالىسى.

سەت كۆرۈندى تۆمۈرچى ماڭا،
ئۇۋچى گويا بى رەھىم جاللات.
شەخسىيەتلەر كۈلگەن دەقىقە،
نالە قىلار ئۇلۇغۋار ھايات...

## تار كۆۋرۈكتە قالدۇق ئۇچرىشىپ

سەلكىن ئۇچقان ئاشۇ بىر سەھەر
تار كۆۋرۈكتە قالدۇق ئۇچرىشىپ.
ئۆتمەسلىككە مۇشۇ كۆۋرۈكتىن
قەسەم قىلغان بىللە ئولتۇرۇپ.
ئۇچۇپ كەتمەي ئەگىپ يۈرۈپتۇ
تىنىقىمىز قالسىمۇ سوۋۇپ.
بىز يۈلەنگەن يېڭى رىشاتكا
قاپتۇ ئۆتمۈش شاھىدى بولۇپ.
ئاينى يۇيۇپ ئوينىغان سۇدا
چېكەتكىلەر باشلىغاندا كۈي.
تىمتاس تۇرۇپ تىڭشايتتى ئورمان،
بىز دېيىشكەن، سۆيسەڭ، مەڭگۈ سۆي!
گىرىپ ياغلىقىڭ قاچقان نەچچە رەت
كەچىنىڭ ئۇچقۇر شامىلى بىلەن.
ئۇنى تۇتۇپ مىڭبىر جاپادا،
سېلىپ قويغان باشلىرىڭغا مەن.
چولپان تۇغۇپ، تورغاي چىللىغان
بىز خوشلاشقان ئاخىرقى ئاخشام.
تالاي ۋەدە، تالاي ئارزۇلار
سۇغا چۆكۈپ تونجۇقتان تامام.
تار كۆۋرۈكتە قالدۇق ئۇچرىشىپ،
ياندى قايتا سۆيگۈم گۈلخاندەك.
سەن قىزاردىڭ پۇشايمان ۋە دەرد
يالقۇنىدا كۆيۈپ ياتقاندەك.
ئۆتتى شۇندا پەقەت دەقىقە
بىز قاراشقان ئاشۇ چاغدىلا.
مەيلى، سەنمۇ ئۆتكىن، مەنمۇ ھەم،
تار كۆۋرۈكتىن يەنە بوپتىلا...

**مۇختار سوپۇرگى**

# ئىككى شېئىر

## ئۇ هاتەممۇ، خىزىرمۇ ئەمەس

ئىشەنمەيمەن خىزىر بار دېسە،
قېنى بولسا ئۇنىڭ شەپقىتى؟
ئەلمىساقتىن كەتتى نېسىغا،
يوق خىزىرغا ئەلنىڭ رەھمىتى.

يىراق بىزنىڭ يۇقاقۇن كەنتتە
بىزگە ئوخشاش ئادەم سىياقتا؛
خىزىردىنمۇ ئۇلۇغراق بىر زات
پەيدا بولدى، ئەمەس يىراقتا.

ئاچچىق خىيال تۇگمەس سوئال
يۇلۇپ ئالدى ئۇنى غەپلەتتىن:
ئىلىم - ھېكمەت ئۆگەنمەي تۇرۇپ،
مۇمكىنمۇ گەپ ئېچىش نۇسرەتتىن؟!

ئويلاپ - ئويلاپ تاپتى ئۇ ئەقىل،
مەكتەپ سېلىش كېرەك، بىر مەكتەپ.
بىلىم بېغى قۇردى ئۇ دەسلەپ.
قان - تەرگە تەڭ تەڭگىنى خەجلەپ.

قەد كۆتۈردى مەكتەپ بىناسى،
بالىلارنىڭ ئۆچتى نىداسى.
بەرق ئۇردى ئۈمىدۋار كۆزدە
يېڭى ئەسىر، بەخت سىماسى.

شىپاخانا سالدى ئۇ يەنە،
پۇل ئالمىدى يېتىم - يېسىردىن.
ئۇنتۇمىدى سەپەردىشىنى
ئۆز ئېشىكى ئاشقاندا قىردىن.

كۆۋرۈك سالدى بورانچىغا① ھەم،
ئەل يۈرۈشكە ئاسان بولار دەپ.
ئويلىمىدى پۇلۇم تۈگىسە،
مېنىڭ ئۇچام يېلىڭ قالار دەپ.

ئەلمىساقتىن ئەل كۈتكەن خىزىر
يوقاقۇندا كۆرۈندى كۆزگە.
ئۇنى ماختاش قالدى ئايلىنىپ
ئەل ئاغزىدا دائىملىق سۆزگە.

ئۇ هاتەممۇ، خىزىرمۇ ئەمەس،
ئۇ بىر ئۇيغۇر نەزەردىن يىراق.
ساۋاب ئىزدەپ ھەرەم كۆرمىگەن،
نادان دىلدا نۇرلانغان چىراغ.

## سۆيگۈ ئىزدەش

بۇلاقلاردىن ئىزدەپ مۇھەببەت،
كەتتىممىكىن قەلبىڭگە چۆكۈپ.
سەزمىگەندەك سۆيگۈمنى سەنمۇ،
ماڭا كىملەر يۈردىكىن كۆيۈپ.

سۇدا ئېقىپ كەلگەن كۆلەڭگە،
ئۇخلايدىكەن قايسى كۆلبىدە.
ئۇمۇ، مەنمۇ، سەنمۇ بىلمەيمىز،
كىم مەڭگۈلۈك كىمنىڭ قەلبىدە.

---

① دەريانىڭ ئىسمى

مۇھەممەتجان سەيدۇللا

# يىراق شەھەردىكى كۈنلەر

## كېچە

سۈكۈنات شەھىرىدە سانسىز يۇلتۇزلار،
گۇگۇمغا تاشلىنىپ ئۇخلايدۇ كېچە.
بىر يۇلتۇز قىپقىزىل چىقىرار يالقۇن،
بىر يۇلتۇز چاقنايدۇ كۈمۈش رەڭگىدە.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىن يىراق شەھەر بۇ،
مەن كىچىك شەھەردەك كىچىك بۇ يەردە.
چوڭ شەھەر ھاياتى، ستۇدېنتلىق چاغ،
بولاتتى، ئاھ قايتىپ كەلسەڭ ئەگەردە!

كېلىمەن كۈلكە ھەم شوخلۇق سېغىنىپ،
مېھرىبان بىر قىزنى ئالسام ئېسىمگە.
بىلمەيمەن ئۇنىڭغا يېتىپ باردىمۇ،
تەنھالىق، كۆيۈكتە پۈتۈلگەن نامە.

كۆزنەكتىن كىرمەكتە باھار شامىلى،
ئەگىزلەر ئۇلغايغان قۇشلار پەسلى بۇ.
ئىشىكنى ئۇلۇغ قىپ ئېچىپ قويدۇمەن،
دېرىزەم تەلمۈرۈپ تۇرار كىمگىدۇ...

## مەن كەلگەندە كېلەلمىدىڭ ئەجەبمۇ

مەن كەلگەندە كېلەلمىدىڭ ئەجەبمۇ،
ئەي بوتا كۆز، جانغا جاپا قەلەمقاش.
زەپ چىرايلىق كەچكى دەريا ساھىلى،
مېنى تەنھا كۈتتۈۋالدى قىيا تاش.

ياندى يۇلتۇز زىننەتگىدەك جىلمىيىپ،
يەنە تېخى كۈلۈپ چىقار تولۇنئاي.
مەۋجۇتلۇقىنىڭ بۇندا بارى سەن تۇرساڭ،
قانداق كېتەي كەلمىدىڭ دەپ چىدىماي.

يالپۇز ھىدى ۋاھ، نەقەدەر خۇش پۇراق،
ئاڭا سېنىڭ ئەتىر بويۇڭ كۆچكەنمۇ؟
ئوماق تاشلار قاڭشىرىگىدەك بوپ قاپتۇ،
كۆردۈم بۇنى ئاي مۆكۈنگەن دەمدىمۇ.

قاراڭغۇ تۈن يىمىرىلىپ قېشىڭدەك،
تۆكتى ئاسمان يامغۇر بولۇپ يېشىڭنى.
مەن بىلمىدىم دولقۇن قاچان ئېپ قالغان،
ئويناپ تۇرغان پۇرۇم - پۇرۇم چېچىڭنى.

## خەير، دېدىم، دىدارلىشالماي

كۆز ياش دېگەن تۆكۈلمەيدۇ بىكاردىن،
ئارمان، ئۆلۈم، ۋىسال، ھىجران بولمىسا.
چاراقلىدى، ئۆچتى كېچە يۇلتۇزى،
سۈكۈت ياتار يولۇچى يوق يوللاردا.

نەچچە ئىدى بۈگۈن ھەپتە، چېسلاغا؟
سەن ئەمەسمۇ بۇنى ئېنىق بىلمىگەن.
كىم بولىدۇ ئاخىرقى رەت بۇ يەردىن
دىدارلاشماي كېتىپ قالغان تاڭ بىلەن؟!

ئۇزاتماقتا سېنى تۇمان جىلۋىسى،
ھەربىر گىياھ، يېشىل ياپراق، ئاق بويناق...
سىم - سىم يامغۇر كەچتىن بېرى ياغقاچقا،
بولۇپ قالغان يوللار پاتقاق، تېيىلغاق.

ياش تۆككەنسەن ئاتا - ئانا، قېرىنداش،
ئاقۇش ئېقىن، يۇندا قالغان ھەممىگە.

خەير ساڭا سادىدا، تەرسا، تەنتەك قىز،
تاغ كەينىدە قالدى تاشلىق مەھەللە.

## شىمالدا بىر كەچ

ئۇپۇقتا قارا تۈن ياپقاندا گۈگۈم،
پىنھانلار سۆيگۈگە باش قويدى بۇ دەم.
يەنىلا تەنھالىق مەن ئۇچۇن ئۇدۇم،
تۇرىمەن شۇندىمۇ تەمكىن، خاتىرجەم.

سوزۇلغان ئالدىمدا جەنۇب يوللىرى،
ۋە بەلكىم ئۇندىمۇ يېپىلدى شەپەق.
يۇلاڭلار بوشلۇقتا جانان قوللىرى،
ئامان بول دەر مېنى، ئامان بول ئەبەد.

بىلىمەن ئۇندىمۇ ئاي چىقتى نىكەم،
ئايانكى زېمىننى سۆيدى نۇرلىرى.
سۆيۈشتىن ئەندىكتى ئاي يۈزلۈك ئەركەم،
پارقىرىدى لەۋلىرى، چاقىردى مېنى.

## قار ياغقان كېچە

ئېھ شادلىق
بەك لەرزان چۈشمەكتە ئاق قار،
ئاق قۇشقاچ تىلىدا كۈيلىنەر دۇنيا.
ئەزىزىم، كەلمەيسەن، تويۇڭ بولدىمۇ؟
ئاپئاق بىر ئەتىرگۈل كۆكتە پەرۋازدا.

ئېتىزدىن، قىرلاردىن، يىراق دالىدىن
چاقىندى قىلىپ شوخ يۈلتۇز رەڭ جۇلا.
قار باسقان مەجنۇنتال تۈنجى كېچىسى
تۈشەكتە ئۇلتۇرغان كېلىنچەك گويا.

مەن ناخشا ئېيتماقچى بولدۇم بۇ پەيتتە،
بىر ئامال قىلىپ يەنە چۈشمەك ئۇسسۇلغا.
«نىھايەت ساقىدى كۆكتىن بىر يۈلتۇز»،
بىر ياپراق ئايلىنىپ كەتتى يۈلتۇزغا.

## ئەندىشە

مۇھەببەت قەلبىمگە تاشلايدۇ سايە،
بىر سېنى ھەقىقىي سۆيەلىدىم مەن.
ھەيرەتتە تىكىلەر ھەربىر ئۆتكۈنچى،
گويا مەن ئەڭ يىراق قىتئەدىن كەلگەن.

قىپقىزىل گۈللەرگە تولدى كەڭ جاھان،
سېزىسەن كۆزۈمدە كۆرسەڭ ئەگەردە.
قەدىمىم تاشلىنار يېنىك ۋە لەرزان،
ئۆلۈمگە ماڭغاندەك بەخت ئىچىدە.

بىلمىدىم قانداقچە بولۇر ئەتە تاڭ،
ناخۇشلۇق باغرىمغا ئۇرارمۇ خەنجەر.
سەن خۇشال كۆكسۈمگە باش قويغان بىلەن،
مەن كەلمىش كۈنلەردىن تېخى بىخەۋەر.

## سۆز بەرسەم،بىراق...

دىۋانە كۈتكەندەك بايلىق كۈننى،
كۈتىمەن، يۈز ئاچار مەنزىلىم يىراق.
ئەي لېۋەن بۇ يولغا سالدىڭ سەن مېنى،
سۆز بەرسەم بولاتتى، سۆز بەرسەم، بىراق...

ئۆمەنسىز ئالدىمدىن ئۆتسەن دەسسەپ،
ئېيتىمەن پىچىرلاپ بەخت بۇ، ياق، ياق.
شۇنچىلىك بىپەرۋا كۆز تىكتىم دەسلەپ،
سۆز بەرسەم بولاتتى، سۆز بەرسەم، بىراق...

تامچە ياش سىرغىدى مەڭزىمدىن ئاخىر،
ئۇ سۆيگۈ گۈلدۇر شېرىن، خۇش پۇراق.

www.uyghurkitap.com



كۆتمەن تەشۋىش، ھەم ئۈمىدمۇ بىرسىر،
سۆز بەرسەم بولاتتى، سۆز بەرسەم بىراق. . .

## ھىجران

ئەزىزىم، راستىنلا كېتەمسەن ئەمدى،
ئەنە، ئاھ، يۇلتۇزلار ئۆچتى بىر - بىرلەپ،
كەچۈر، مەن ئامالسىز سۇندۇم قولۇمنى،
(ئويلىدىم ھازىرلا كۆرۈشتۇق بىز دەپ.)

خەير - خوش،
نەقەدەر ئازابلىق سۆز بۇ،
ئۆتتۇنەي يەنە بىر باققىن قايرىلىپ.
چۈنكى بۇ خوشلىشىش بولار مەڭگۈلۈك،
بىز ئىككى ئالەمدىن قالدۇق ئايرىلىپ.

## كېچە سائەت بولغاندۇ نەچچە؟

كېچە سائەت بولغاندۇ نەچچە؟
كۆكتە يۇلتۇز يانار جىمىرلاپ.
ئىككى ئىنىم كەتتى ئۇيقۇغا،
پات - پات يېنىك جۆيلۈپ، پۇشۇلداپ.

بىر مەجنۇنمەن، ئۇيقۇدىن بىدار،
ئۆتكۈزىمەن ئۇزاق تۈنلەرنى
قانداق ئۆتتاي سېنى نىگارىم،
قانداق ئۆتتاي ئۆتكەن كۈنلەرنى؟

ئامانمۇ سەن گۈزەل ئۇرۇمچى،
ساۋاقداشلار - ئىللىق، خوش چىراي؟
ئەجەب شېئىر يازالمىدىم مەن،
شېئىر مېنى يازار تۇختىماي . . .

## سېنىڭ چاچلىرىڭ

دۇنيادىكى پۈتكۈل بەختىنى
مەنسۇپ دېگۈم كېلەر ئۆزۈمگە؟
توم ۋە ئۇزۇن بىر جۈپ چېچىڭنى
سۈرگىنىمدە يۈزۈم، كۆزۈمگە.

شۇڭلاشقىمۇ سۆيگەن مەن سېنى،
مەستلىكىم كېيپ پاكىز تۇرقۇڭغا.
كۆز تەگسە گەر ئۆلۈم، ئەزىزىم،
توم ۋە ئۇزۇن بىر جۈپ چېچىڭغا.

ئەجەب تاتلىق سۆزلەر شۇ چېچىڭ،
قوشماق ئېقىن ياساپ ئۇلۇڭ - سولغا.
ئاھ، ئاشىقىم مەنسۇپ مەن ساڭا،
ئالەم سېنىڭ دېگەندەك گويا. . .

## تېلېفون

ھەممە نەرسە ئۇنتۇلۇپ كەتكەن،
قاي بىرىنى ئەسلەي ئىزىمنىڭ.
بەلكىم بىراۋ چېكىنىۋاتقاندۇ
ئىشىكىنى سۆيگەن قىزىمنىڭ.

بىز ئايرىلىپ ئۆتتى كۆپ زامان،
يېزىشمىدۇق بىر رەت سالام خەت.
تېلېفون كەلدى دوستۇمغا ھېلى
سۆيگىنىدىن ئاخىرقى نۆۋەت.

تەقدىرداش بىز دېگۈم كەلدىيۇ،
ئېيتالمىدىم بىر سۆز دوستۇمغا.
ئۇ كۆزىگە لىق ياش ئالغانچە،
يېنىك ئۇرۇپ قويدى دولامغا. . .

رەخىم قاسىم

## شائىر ئەلقەم ئەختەمگە مەرسىيە

بۇ ئالەمدىن كەتتىڭىز، ماتەمدە ئەل-يۇرت تۆكتى ياش،
قىلدى نالە تولغىنىپ ھەسرەتتە دەريا، تاغۇ تاش.
بىر شېئىر چولپانى ئۆچتى، دېسە ئاي پەرياد ئۇرۇپ،
جەڭدە بىر سەرداردىن ئايرىلدى ئەل، دېدى قۇياش.
تۆكتىڭىز قان-تەر ۋەتەن بەختى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى،
خەلقىڭىزگە ھەر دەقىقە بولدىڭىز غەمخور قاياش.
خۇش پېئىل، پاك، ئاددىي-ساددا مىسلى گۆھەر ئىدىڭىز،
سىز ئۈچۈن بولغان مىزان ۋىجدان بىلەن ھالال ياشاش.
ھەق-ئادالەت تېگى يەڭدى قارا تۆھمەت تۈننى،
بولدى خۇددى بۇ ماقالدەك: ئۇسما كېتىپ قالدى قاش.
تۆھپىڭىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تۇرغۇسى نۇر ياغدۇرۇپ،
ساپ غۇبارسىز قەلبىڭىز ئەل قەلبىگە مەڭگۈ تۇتاش.
ئەجرىڭىزنى كۈيلىسەك سىغماس تالاي داستانغىمۇ،
بۇرچىمىز سىزگە شېئىردا ئابىدە-ھەيكەل ياساش.
ئېخ، ئىسسىت، سىز كەتتىڭىز بىزنى ئەلەمدە قالدۇرۇپ،
قەبرىڭىزدە تۆكتى ياش تەكبىر-دۇئادا قېرى-ياش!

1995- يىل 8- ئىيۇن

ئەخمەت ھامۇت

## ئەلقەم ئەختەم ۋاپاتىغا

«ئاتقاندا تاڭ» دەپ يازدىڭ قەسىدە،
بۇ ئۇلۇغ جۇڭخۇا بولغاندا ئازاد.
كۈيلەپ قانمىدىڭ يېڭى ھاياتنى،
خەلقىڭ بىلەن تەڭ بولدۇڭ شۇنچە شاد.

ۋەتەن، خەلققە بېرىپ مېھرىڭنى،
بولدۇڭ ھەقىقىي سەممىي ئوغلان.
تالاشماي ئەسلا ئاتاق-مەنپەئەت،
ھالال ئەجرىڭدىن قوچتۇڭ شەرەپ-شان.

ۋايىغا يەتكەن بىر شائىر ئىدىڭ،
تاۋلىنىپ پىشقان باتۇر يىللاردا.
بۈگۈن ماتەمدە بارچە شاگىرتلىرىڭ،
مەڭگۈلۈك نامىڭ قالدى دىللاردا.

ئەلۋىدا ئۇستاز-شېئىر چولپانى!
سەن بىزگە شۇنچە ئەزىز، قەدىردان.
ئۈگىنىپ ئېسىل پەزىلىتىڭدىن،
ئۈمىدلىرىڭنى ئاقلايمىز ھامان.

1995-يىل 8-ئىيۇن

ئەرشىدىن تاتلىق

# ئىبرەت ئەينىكى

(ھېكايە)



مەن ئۇنى ھەمىشە دىگۇدەك شىر كەيپ ھالەتتە كۆرەتتىم. بەزى - بەزىدە ئۇ كېتىپ بېرىپ قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىپمۇ قوياتتى. ئەمما بىرەر يەردە چاتاق چىقارغىنىنى زادىلا كۆرگىنىم يوق. ئۇ، ھەرقانداق چاغ ۋە ھەر خىل شارائىتتا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئىچىپلا يۈرەتتى. بۇنداق چاغلاردا يەرگە قاراپ بىر خىل سالماق قەدەم بىلەن ماڭاتتى.

قاچانلا قارىسا مەست، ئەمما سۈكۈت ئىچىدە كەيپ سۈرۈپ يۈرۈدىغان بۇ ئادەم ھەققىدە كۆرگەن- بىلگەنلەر ئارىسىدا گەپ- سۆزلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سىلىق- سىپايە مېڭىشىغا قاراپ بەزىلەر: - ئۇنى مەست دېگەن بىلەن ئايىغىدىن چۈمۈلىمۇ ئازار يېمەيدۇ! - دېيىشەتتى. بەزىلەر ئۇنى كۆرگەندە:

- بۇ ئادەم ھەمىشە ئىچىپلا يۈرىدۇ. ھاراققا پۇلنى نەدىن تاپىدىغاندۇ؟ - دېسە، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەردار كىشىلەر:

- پۇلنى نەدىن تاپاتتى؟ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان، پېشانىسى تەرلىمەي، قولى قاپارماي تاپقان تەييار پۇلى بار! - دېيىشەتتى.

- نەدىكىنى... - دەيتتى يەنە بىرى، -- ئۇ پۇل ئاللىقاچان تۈگىگەن. ئۇ ھازىر قان ساتىدۇ... قان!

ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ھەقىقەتەن قول - ئىلكىدە بار كىشىلەردىن ئىدى. ئەمما ئۇلار پۇل - مال، يەر - جاي، يۈز - ئابروي ۋە بالا تاپقان بىلەن ئۇنى ئۆز يولىدا ئىشلىتىشنى بالىسىغا ئۆگەتمىگەن. ئۇنىڭ دادىسى ساۋاتسىز - نادان ئادەم ئىدى. بالىسىنىڭ كىچىك تۇرۇپلا ھاراققا ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. بالىسىنى كەيپ ھالدا كۆرگەندە ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ھۇزۇرلىنىپ: «ياشا ئوغلۇم، سەن كىچىككىنە تۇرۇپلا ياشاشنىڭ يولىنى تاپقاندەك قىلىسەن. ئاتاڭنىڭ بارىدا قانغۇچە ئىچ... ياشا، بۇمۇ ئاتاڭنىڭ سەندىن كۈتكەن ئۈمىدى،... بېسىپ ئۆتكەن يولى.» دەيتتى.

كېيىنچە ئۇ، ئوغلىنى يېنىغا ئېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ بىللە ئىچىدىغانمۇ بولدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ هاراق ئىچمىسە كۆڭلى خۇشال ئۆتكۈزەلمەيدىغان هاراق خۇمارى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئاتا - ئانىسى ئۇنى ۋاقتى يەتتى دەپ ئۆيلەپ قويغاندا هۇجرىسىدا ئىككى كۈن خۇدنى بىلمەي مەست ياتقان بولسا، ئۇلار ۋاپات بولغاندا تۇپراق بېشىغا غەرق مەست، ئىككى بوتۇلكا هاراقنى ئىككى يانچۇقىغا سېلىپ چىقتى.

بايرام كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. كوچىلار تازىلىنىپ چىرايلىق بېزەلگەن. بىز ئۈچ كىشى كوچىغا چىقتۇق. مەقسىتىمىز، كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ بازاردىكى قىزىقارلىق ئىشلار، دۇكانلاردىكى رەڭمۇ رەڭ تاۋارلار، ئالارمەن - ساتارمەنلەرنى كۆرۈپ كۆڭلىمىزنى ئېچىپ، ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىپ كېلىش ئىدى.

بىز ئازراق مېڭىپ ئاۋات كوچىلاردىن بىرىنىڭ دوقمۇشىغا كەلدۇق. قارىساق ئۇ يەرگە بىر توپ ئادەم توپلىشىپ قاپتۇ. بىزمۇ قىستىلىپ يۈرۈپ توپ ئارىسىغا كىردۇق. قارىسام هالقىسىمان تۇرغان كىشىلەر توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىشى ئوڭدىسىچە يېتىپ قاپتۇ، مەيدىسى ئوچۇق، يۈزى ئوڭ تەرەپكە سەل قىيسايغان. ئۇنىڭ ئاغزىدىن يانغان كۆكۈش رەڭلىك زەرداپ سۇيۇقلۇق بىلەن كاۋاپنى نەدىندۇر كەلگەن ئېچىرقاپ كەتكەن بىر قانجۇق يالاۋېتىپتۇ. بىر چاغدا ئۇ ئىڭىرىغان پېتى يۈزىنى كۆچۈك تەرەپكە بۇراپ:

- كەل... يېقىنراق... كەل... جېنىم... ئاپئاق خوتۇنۇم... بۇ سەنمۇ... سەن مېنى... مېنى هاراقكەش بولۇپ كەتتىڭ... دەپ تاشلاپ كەتكەن ئىدىڭ... ئاخىر چىدىماي، يېنىپ كەپسەن... بوپتۇ، مەيلى، سەن يەنىلا ۋاپادار، قە... قەدىناس ياخشى خوتۇن... سەن مېنىڭ يۈزۈمنى سۆيۈۋاتامسەن، مەيلى سۆي! ... - دەپ هېلىقى قانجۇقنىڭ قولىقىنى تۇتقان ئىدى، ئۇ، قانجۇق غىڭشىپ يۈزىنى ئېلىپ قاچتى.

- ئۆزۈڭ سۆيۈپ... ئەمدى... مېنى سۆيگىلى قويمامسەن. مەن مەست ئەمەس، ناهايىتى... بىر پىيالە ئىچتىم، بىر پىيالە... بىر پىيالە بولغاندا تازا ئېسىلى ئىدى... - ئۇ ئاغزىنى تامشىپ لېۋىنى يالاپ شۇكلەپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇ گەپلەردىن ئەتراپتىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلىشىپ كۈلۈشتى. بەزىلىرى ياقىلىرىنى تۇتۇشتى.

بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا ئاياللارمۇ بار ئىكەن. شۇلاردىن ئۆزىنى توختاتقان بىرى:

- بېشىڭنى يەيدىغان پەس هاراقكەش!.. سارالڭ!... ئىت بىلەن ئادەمنى پەرق ئېتەلمەيدىغان نېمەڭگە هاراق ئىچىپ ئالا. تاغىل سۆزلەپ ئۆزۈڭنى كىشىلەر ئالدىدا رەسۋا قىلىشنى ساڭا كىم قويىدى؟!... شۇ هالىڭغا هاراق ئىچمەن دېگۈچە... هوي رەسۋا، - دېگىنىچە ئاغزىنى تۇتۇپ توپ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىپ قالدى.

ئەمدى كىشىلەر توپىدا ئۆكۈنۈش، ئېچىنىش، غۇدۇراش، چالۋاقاش پەيدا بولدى. كىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇ چاغدا توپ ئىچىدىن سالاپەتلىك بىر يىگىت ئوتتۇرىغا چىقتى.

- ئاكا - ئۇكىلار، هاراق دېگەن بۇ نوچى بوتۇلكىنىڭ ئىچىدە جىم تۇرغىنى بىلەن كانايدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كىشىنىڭ بېشىغا هەر خىل كويلارنى سالىدۇ. سىلەر بۇنىڭ هازىرقى

(ئاخىرى 101 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاھىرجان مۇھەممەت



# كۆكيانتاقلىق دالا

(ھېكايە)

ھەر يىلى قارلىغاچلار ئۇۋا ياساشنى باشلايدىغان مەزگىللەردە، سۇنتاغنىڭ يولىدا چىرايى ۋە كىيىنىشلىرى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان توپ - توپ ئىشلەمچىلەر ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرىدۇ. هارۋىسىغا يىراق جاڭگالدىن لىققىدە شور، تۇز بېسىپ كەلگەن تۇزچىنىڭ تاڭ سەھەردە سوزۇپ - سوزۇپ خېرىدار چاقىرىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن كىچىك باللار چالا - بۇلا كىيىنگىنىچە يولغا چىقىپ، ناھىيە بازىرى تەرەپكە كېتىۋاتقان بۇ ئادەملەرگە قىزىقسىنىپ قارىشىدۇ. ئۆيلىرىدە تۇز تۈگەپ كەتكەن ئايالالار بىرەر پارچە نان بىرىپلا يوغان - يوغان تۇزلارنى ئېلىۋالىدۇ. تونۇر سالماقچى بولغانلار تۇزچىغا ئازراقلا پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ بىر هارۋا شورنى ئىشىك ئالدىغا چۈشۈرۈۋالىدۇ. شۇنچىلىك ئەرزان بولۇشىغا قارىماي، بۇ شور، تۇزلارنىڭ شەھەر - شەھەردە داڭقى بار. بۇ شورنى ئىشلىتىپ سالغان تونۇرلار شۇنداق مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا ئۆلى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئۆيىنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي قالغان كىشىلەر ئاشۇ ئىشلەمچىلەرنى چاقىرىپ ئىشلىرىنى تۈگىتىۋالىدۇ.

يەرنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتقان ئەزان ئاۋازى ئۇنى تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتتى. ئۇ قوللىرىنى يوتقاندىن چىقىرىپ ھەرىكەتلەندۈردى. قاراڭغۇلۇق تارقاپ، يىراق ئۇپۇقتىن سەھەر نۇرلىرى تاراۋاتاتتى. ئۇ ئاغزىغا تولغان تەمسىز سۇيۇقلۇقنى تۈكۈرۈۋېتىپ پېشايۋانغا قارىدى؛ بۈگۈن قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، مىگدىن ئارتۇق قويمىسام بولمايدۇ. ھەر كۈنى مۇشۇ تەرىقىدە ئىشلىسەم، خۇدا بۇيرۇسا ئىككى - ئۈچ ھەپتىدە لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ قالىمەن.

پېشايۋان ۋاسا جۇپ يېپىلغان بولۇپ، ياغاچلىرى خىل، نەقىشلىك ئىدى. شۇلاردىنلا بۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئوبدانلا ئىقتىسادى بار ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يۇرتىدىكى ئۆلى زەيلىشىپ كەتكەن ئۆيلەر، شور تېتىيدىغان سۇ، تونۇردەك قىزىق ھاۋا كەلدى. خۇدا ئۇرغان يەردە ئۇ، تۇرغان - پۈتكىنى بىر چۆل... ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى بوش يەرگە قوغۇن تېرىيمەن دېسەڭ، سۇ كەم... بولسىغۇ، مۇشۇنداق سەھەردە بىرنى ئۈزۈپ يېسەڭ، ئاللامۇ رازى بولاتتى...

ئۇ كىيىملىرىنى كىيدى. ئورنىدىن تۇرۇپ، تازا بىر كېرىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئاخشام يۇيۇپ، پاكىز سۈرتۈپ قويغان كەتمەننى دولىسىغا تاشلاپ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئاخشام ئۆي ئىگىسى كۆرسىتىپ بەرگەن لاي ئېتىدىغان يەرگە كەلدى. باغنىڭ قېشىدىلا ئانچىمۇ چوڭ بولمىغان بىر ئېرىق بولۇپ سۇ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئېقىپ تۇراتتى.

باغدىكى چوڭ ئورەككە تۇنۇگۇن لىققىدە سۇ باشلاپ قويغان، سۇ شۇ تاپتا تىنىپ، سۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. قارىغاندا، ئۆينىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ھايالشمايلا ئىش باشلىشىغا ئوبدان تەييارلىق كۆرۈپ قويغاندەك قىلاتتى. ئۇ كۆرسىتىلگەن يەرنى كەتمەن بىلەن تەكشى، چوڭقۇر قىلىپ چاناشقا باشلىدى. يەر ئانچىمۇ قاتتىق ئەمەس، كەتمەن ھەر نۆۋەت كۈچ بىلەن چۈشكەندە، بىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كىرىپ كېتەتتى. خۇدايىم ئىشىمنى ئوڭ قىلىۋاتىدۇ. سۇمۇ يېقىنلا يەردە ئىكەن. تۇنۇگۇن بالدۇرراق كەلگەن بولسامىمۇ، بۇ ئىشلار ئاخشاملا تۈگەيتتى. . . بولدىلا، بىردەمدە پۈتىدۇ، - يەر چوڭ بىر چەمبەر دائىرىسىدە چوڭقۇر چانالدى. چالمىلارمۇ ئۇششاق ئۇۋۇلىپ، ئۈستى تەكشىلەندى. ئەمدى سۇ سېپىپ قويسىلا چاينى ئىچىپ بولغۇچە سۈيى سىڭىپ قالاتتى. ئۇ كۆلچەكتىكى سۇنى ئۆزى ئاغدۇرغان يەرگە چېلەك بىلەن سېپىشكە باشلىدى. سۇنىڭ بىر خىل رىتىم بىلەن چۈشۈشى ئۇنىڭغا ھۇزۇر بىلىندى. سۇنى يەتكۈدەك سەپكەندىن كېيىن، چېلەكنى قىرغاققا قويۇپ، قولىنى چايقىۋېتىپ كۆلچەكتىن چىقتى. تۇپا ئۈستىگە سېپىلگەن سۇلار كىچىك تۈشۈكچىلەردىن ئاستىغا سىڭىپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكلەر يېرىلىپ تۆشۈكتىن كىرىپ كېتىۋاتقان سۇغا قاراپ تۇردى. بىردىنلا قورسىقىنىڭ غەلىتە ئاۋازدا نالە قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ كۈن چىققىشقا قارىدى،- كۈنمۇ چىقىۋاتىدۇ، ئۇلارمۇ ئويغانغاندۇ. . . سەل تۇرۇپ چىقىپ قالار، ئاڭغىچە كەتمەن، قېلىپلارنى پاكىز يۇيۇپ تەق قىلىپ تۇراي. ئۇ ياغاچ قېلىپنى سۇغا تاشلىدى، سۇ يۈزى داۋالغۇپ ئەتراپقا مەرۋايىتتەك تامچىلار چاچرىدى. بىر پاقا ئۈزۈپ بېرىپ قىرغاققا ياماشتى ۋە پولتىيىپ چىققان يېشىل كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ سۇس كۈركىرىدى. ئۇ سۈيى سىڭىپ كەتكەن نەم توپىغا قاراپ يەنە ئازراق سۇ سېپىشنى ئويلىدى ۋە كۆلچەككە چۈشۈپ چېلەك بىلەن لايغا سۇ سېپىشكە باشلىدى. سۇ ئەجەب راھەتتۇ. . . قىزىق ئىش، يۇرتىمىزدىكى شورلۇقنىڭ ئۇ چېتىدە ھەر يوغان بۇلاقلار بار ئىدى. شۇ يەرلەرگە بارمىغىلىمۇ ئۇزۇن بوپتۇ. . . بۇ قېتىم بارغىنىمدا چوقۇم. . .- باغنىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ، كىچىك بىر بالا داستىخان ۋە چەينەك كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. بالا تارتىنچاق ھەم بەكلا چىرايلىق ئىدى. ئۇ ئېلىپ كىرگەن نەرسىلىرىنى يېقىنلا يەردىكى يوغان بىر تۈپ ئانارنىڭ تۈۋىگە قويۇپ «چاي ئىچىۋېلىڭ» دېدى ۋە ئۇنىڭ سۇ سېپىشكە قاراپ تۇردى. ئۇ ئىشنى توختىتىپ، قاشقا چىقتى ۋە قولىنى يۇيۇپ كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە سۈرتتى. بالا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ بالىنىڭ ئوماق چىرايىغا قاراپ، ئويلىنىپ قالدى. ئۇمۇ كىچىكىدە ئىنتايىن تارتىنچاق ئىدى. توۋا، ئادەم چوڭ بولغانسېرى ئەجەب ئۆزگىرىپ كېتىدىكىنە. بۇ يەردە مەدىكار بولۇپ قېلىشىم خىيالىمغا كىرىپمۇ چىقمىغان. . . - ئۇ تام تەرەپتىكى شاپتۇللارغا قارىدى، بىر چاغلاردا خەقنىڭ باغلىرىدىن شاپتۇل، ئۆرۈكلەرنى ئوغرىلاپ يەيتتى. ئوغرىلاپ يېگەچكىمىكىن، ئىنتايىن تاتلىق تېتىيتى، - بولدى چاي ئىچەي. ئۇ ئانار شاخلىرىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، داستىخاننى ئاچتى. ئىسسىق ناننىڭ ھىدى بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى، ناننىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئۈشتۈپ ئاغزىغا سالدى ۋە چايناپ يېگەچ، چىنىگە لىققىدە نان سېلىپ ئۈستىگە چاي قۇيدى. ئۇ چاي ئىچكەچ باغقا زەن سالدى. باغ چوڭ بولۇپ، تۆت ئەتراپىغا تەكشى مېۋىلىك دەرەخ تىكىلگەن، غەرب تەرەپتىكى بىر

يەرنى توپا بىلەن ئېگىزلەتكەنىدىن قارىغاندا باغ ئىگىسىنىڭ بۇ يەرگە ئۆي سالدىغان خىيالى بولسا كېرەك. مۇشۇنچىلىك بىر باغنى قاچانمۇ ئۆيۈمنىڭ ئارقىسىغا ئاپىرىدە قىلارمەن. . سۇ يوق. . . ئەمما لېكىن چوڭ باغ ئىكەن، ـ ئۇ چىنىدىكى چايدىن سۇمۇردى، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر راھەت يۈگۈرۈپ تېتىكلىشىپ قالغاندەك بولدى. باغدىكى دەرەخلەرنىڭ ئۇچى قىزىرىۋاتاتتى. ئۇ دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە پۇشقاقلىرىنى تىزىغىچە تۈرۈپ لاي ئەتكەن ئورەككە چۈشتى. كەتمەن بىلەن لاينى ئالدىغا تارتىپ تەكشى پېتىقلىدى، سىلىق لاي شىرت ـ شىرت قىلىپ كېسىلىپ چىقاتتى. بىرەر سائەتكە قالماي لاي ئېتىلىپ پۈتتى. ئۇ قاشقا چىقىپ، قۇياش نۇرىدا پارقىراپ، لىغىرلاپ تۇرغان لايغا قارىدى. ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ لاينىڭ نەمخۇش پۇرىقىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئايدا ـ يىلدا بىر يېغىپ قالىدىغان يامغۇردا پۈتۈن ئەتراپ مۇشۇنداق پۇراققا تولغاندا، ئۇنىڭ قەلبى ئاللىقانداق سىرلىق بىر سېزىمدە شادلىنىپ كېتەتتى. ئۇ قاشنىڭ كەڭرەك يېرىگە توپا ـ سامانني تەكشى، قېلىن قىلىپ چاچتى. ئارقىدىنلا كەتمىنىنى چېلەكتىكى سۇغا چىلىۋېتىپ، لاي ئورىكىگە چۈشۈپ لاينى قاشقا چىقىرىشقا باشلىدى. لاي يا شاتىراق ئەمەس، يا بەز ئەمەس ئىنتايىن ئوبدان تەڭشىلىپ قالغان ئىدى. ئۇ لاينى ئوبدان پىشۇراتتى. ئەگەر يۇرتىدىمۇ مۇشۇنداق ياخشى توپا بولىدىغان بولسا نى-نى ئىشلارنى قىلىۋېتەتتى.

شورلۇق، سۇسىزلىق دەستىدىن ئۇنىڭ نۇرغۇن يۇرتداشلىرى باشقا يەرلەرگە كۆچۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇ نېمىگىدۇر بىر نەرسىگە تارتىشقاندەك كەتكۈسى كەلمىدى. نامازشاملاردا پاشىلارنىڭ گىڭ ـ گىڭ قىلغان ئاۋازى ئۇنىڭ سەپراسىنى ئۆرلەتكەن، ئايالىنىڭ كوتۇلداشلىرى ئۇنى زېرىكتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا شور دالاسىنىڭ بىر تەرىپىدە چوقچىيىپ تۇرغان كەپىسىدىن، دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كۆكيانتاق يەلپۈنۈپ تۇرغان زېمىنىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى. ھەر يىلى ئەتىيازدا خوتۇنىنى، ئۆيىنى، شورلۇق دالانى خۇدايىمغا ئامانەت قالدۇرۇپ، قوشنا يۇرتلارغا ئىشلەپ پۇل تېپىشقاماڭاتتى.

لاي شىرت ـ شىرت قىلىپ رىتىملىق ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇ يۇرتىنى سېغىنغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئايالى بىچارە شۇ تاپتا نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ، بار ـ يوقى بىر موزايغا ئوت ئېلىپ كېلىپ، موزاينىڭ يۆگىمەچ، لويلا، سۇتلۇك چۆپلەرنى گىچىلدىتىپ چاينىشىغا قاراپ تۇرغاندۇ ياكى جاڭگالدىن هارۋىدا لىق كۆكيانتاق بېسىپ كېلىپ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا دۆۋىلەۋاتىدىغاندۇ. . . ئۇ نېمىگىدۇر بىر نەرسىگە ئەپسۇسلانغاندەك ئېغىر تىنىپ قويدى. دېمىسىمۇ بىچارە خوتۇنى شۇنچە يىلدىن بېرى ئۆيىنىڭ ئېغىرچىلىقىنى ئۈن چىقارماي كۆتۈرۈپ كەلدى. تىلىلىسىمۇ، ئۇرسىمۇ يەنىلا چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. . . ئۇ ئۆيدىن ئايرىلغىلى خېلى ئۇزاق بولغان ئىدى. ھەر يىلى بۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت ئۆيىنى كۆرمەيمۇ تۇيناپ، ئىشلەپ يۈرۈۋېرەتتى. نېمىشقىكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. يولغا چىقىشىدا، ھەتتا بۇغدايلارنى ئورۇپمۇ بەرمەي، چاپاننى دولىغا تاشلاپ بۇيان ماڭغان، بىچارە خوتۇن بىر ئۆزى ئورما ئورۇپ، خامانني ئالغۇچە قانچە قىينالغاندۇ. بۇ يەرلەردە خامانني تراكتور بىلەن ھەيدەپ، ھەتتا تراكتور بىلەن سورۇپ ئالىدۇ. ئۇ يەرلەردىچۇ، سەككىز ـ ئون ئۇلاغنى قېتىۋېلىپ ئىككى ـ ئۈچ كۈن لاي ـ لاي تۇۋلايدىغان گەپ. . .

ھاۋا ئىسسىپ دىمىقچىلىق باشلىنىۋاتاتتى. ئۆرۈك، شاپتۇللارنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ ئۆزلىرىنى پەسكە تاشلاپ، بوشىشىپلا كېتىشكەن ئىدى.

ئەتراپ ئىنتايىن تىنچ، ھەتتا قۇشقاچلارنىڭ قاياققا كەتكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ تەرەپلەردىمۇ ھاۋا شۇنداق تىنجىق ئىسسىق بولۇپ كېتەتتىكى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ، پايانسىز كەتكەن شورلۇقنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت لاۋۇلداپ يېنىۋاتقاندەك مانان قاپلايتتى، دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى پۈتۈنلەي سولىشىپ كېتەتتى. لېكىن، شورلۇق دالانىڭ زىنىنتى بولغان كۆكيانتاق ئۆز پېتى تۇراتتى. كۆكيانتاق ئاجايىپ خىسلەتلىك نەرسە، ئۇنى ئەتىيازدا قوغۇن، ئۈزۈملەرنىڭ تۈۋىگە كۆمسەڭمۇ، بازارغا ئاپىرىپ ساتساڭمۇ، ھەتتا قۇرۇتۇپ تونۇر قىزىتساڭمۇ بولۇۋېرىدۇ. تېرىيمەن دەپ ئاۋارىمۇ بولمايسەن. . .

كەتمەننىڭ بىسىغا لاي چاپلىشىۋېلىپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ كەتمەننىڭ جۇلدىسىنى قاشقا قاتتىق ئۇرۇپ، يېپىشىۋالغان لايلارنى چۈشۈرۈۋەتتى ۋە چېلەكتىكى سۇغا چىلىۋېتىپ لاي تارتىشقا باشلىدى. نېمىلا قىلىپ بولمىسۇن، ئاز - تولا بىرنېمە غەملىۋېلىپ ئاندىن كەتكەن تۈزۈك. ئالەمنىڭ پۇلىنى بەلباغقا تۈگۈپ بازارغا بارساڭ تۈزۈك بىر نېمە كەلمىسە. . . جاھان زادى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. . . ئورەكتىكى لاي قاشقا چىقىرىلىپ بولدى. كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن، يىراقتىن ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ كەتمەننى كۆلچەكتىكى سۇغا تاشلىدى ۋە قېلىپنى سۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىمۇ سۇغا كىردى. سۇ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى سەل - پەل راھەتلەندۈردى. تۇساتتىن مېڭىسىگە چىققان ئاغرىقتىن پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ كەتتى. ئالدىرىغىنىچە قاشقا چىقتى. كىچىكرەك بىر ئەينەك پارچىسى ئوڭ پۇتىنىڭ باشمالتىقىغا سانجىلىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئەينەك پارچىسىنى ئېلىۋېتىپ، دىڭگوسلاپ مېڭىپ نېرىغا تاشلاپ قويۇلغان ئەسكى كۆڭلەكنى يىرتىپ، قان تەپچىرەپ چىقىۋاتقان پۇتىنى مەھكەم تاڭدى. ئەتىگەندە نېمە پېشكەلچىلىك بۇ، ئەستا، ئىشىمنى ئاقساتمىسا بولاتتى. . . كېرەك يوق، خىشنى پۇتۇمدا قويامتىم، - ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە سۇدىكى قېلىپنى بىر ئامال قىلىپ ئالدى، لاينىڭ بىر تەرىپىنى ساق پۇتى بىلەن تۈزلەپ، چېلەكتىكى سۇدىن لاينىڭ ئۈستىگە ئازراق سەپتى ۋە ئالدىغا نېپىزرەك بىر قەۋەت سامان يېيىتتى، ئاندىن ئالقانلىرىنى قانات شەكلىدە قىلىپ لاينى شىرتىلدىتىپ كېسىپ قېلىپقا سالدى ۋە تۆپىسىنى سۇ بىلەن سىلىقلاپ نېرىدىكى بىر پارچە يەرگە قويۇشقا باشلىدى. ھۆل خىشنىڭ ئۈستىگە خۇددى زىننەت بەرگەندەك ئۇنىڭ تۆت بارمىقىنىڭ ئىزى ھەر بىر خىشنىڭ بۇرجىكىگە چۈشۈپ قالاتتى. خىشلار رەت - رەت قويۇلۇۋاتاتتى، قىسقا ئارىلىقتىكى بېرىپ - كېلىشتە، ئۇ ئوڭ پۇتىنى ئاۋايلاپ دەسسەپ، ئىشنى داۋاملاشتۇردى. بىر چاغدا پۇتىغا تېڭىلغان لاتىنىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى سېزىپ، لاتىنى يەشتى. يارا ئېغىزى ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇ لاتىنى يېڭىلاپ بارمىقىنى قايتىدىن چىڭ باغلىۋەتتى. كەچتە ياتار چاغدا پاكىز يۇيۇپ، داكىنى تۇزغا چىلاپ تېڭىۋەتسەم بىردەمدىلا ياخشى بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇنىڭ رەھمەتلىك دادىسى ھايات ۋاقتىدا، يىراق- يېقىنغا داڭقى بار ئۇستا تامچى ئىدى. ئاكىسىمۇ ئۇستا ھۈنەرۋەن، ياغاچچىلىقتا بۇ ئەتراپلاردا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ياغاچچى يوق ئىدى. ئۇلار ئۈچەيلەن يىل بويى سىرتلاردا يۈرۈپ، ئۆي سېلىش، يېپىش ئىشلىرىنى كۆتۈرە ئېلىۋېلىپ قىلاتتى. كېيىن دادىسى ئالەمدىن ئۆتتى. ئاكىسى يىراق بىر يەرگە ئۆي سېلىۋېلىپ كۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا نېمىشقىكىن دادا - بالا ئۈچەيلەن بىرگە ئىشلىگەن ۋاقىتتىكىدەك كۈچ - قۇۋۋەت قايتا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كەلمەيدىغاندەكلا بىلىنەتتى. بولمىسا ھازىر تازا ئىشلەيدىغان ۋاقتى ئىدى. ئۇ كۆڭلىكىنى سېلىپ ئانار شېخى ئۈستىگە ئارتىپ قويدى. ئېمىشقىكىن، بۈگۈن ئۇ ئۆزىنى ئىشقا تازا كىرىشەلمەيۋاتقاندەك ھېس قىلدى. بۇ تەرەپكە ماڭىدىغان چاغدا، يۇرتتا كېسەل تاراپ، ھەپتىدە دېگۈدەك ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرى يۈز بېرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ھەي، بۇ يىلچە ئۆيدىن چىقماي تۇرىدىغان ئىشكەن، تۆز، يانتاق توشۇپ ساتسامۇ . . . - ئۇ دۈمبىسىنىڭ قىزىقۋاتقانلىقىنى سېزىپ كۈنگە قارىدى. ئاپئاق لېگەندەك كۈننىڭ نۇرى كۆزنى چېقىپ تۇراتتى. بىر يەردىن قاپاق ھەرىسىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. لاي ئۇنىڭ قوللىرى ئارىسىدا شىرتىلداپ كېسىلدى. چېلەكتىكى سۇمۇ ئىسسىپ كەتتى. «ھەر قانچە بولسىمۇ ساڭا ھاجىتىم چۈشىدىغان كۈنگە قالماسەن» - ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر قىزنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ لاينى كېسىش ئۈچۈن ئۇزاتقان قولىنى ئىختىيارسىز توختىتىپ، ئەتراپقا قارىدى. باغدا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا ھېلىقى ئاۋاز قايتا ئەكس سادا ياڭراتقاندەك بولدى. ھەر قېتىم، ھەرقانداق بىر يەردە بولمىسۇن مۇشۇ ئاۋاز ئاڭلانسىلا ئۇنىڭ خىيالىغا ئىنتايىن يىراقتا قالغان بىر كۈن، بىر كۈلكە كېلەتتى. ئۇ شۇنداق بىر كۈلكە ئىدى. بەلكىم كۈلكىنىڭ ئۇنداق شەكلى، ئۇنداق يامىنى بۇ دۇنيادىن تېپىلمايدىغاندۇ. شۇ چاغدىمۇ ھاۋا بۈگۈنكىدەك ئىسسىق، دىمىق ئىدى. كۈلۈۋاتقان ئادەم خۇددى ياسىن چىغىنىڭ ئەڭ نوچى نەشىسىدىن چېكىۋالغاندەك ئىچ - ئىچىدىن چىقىرىپ، ئۈچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈۋاتاتتى.

دەرۋازىنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلغان ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئەر كىشىنىڭ بوم ئاۋازىدىن ئۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ چۈشلۈك تاماققا كەلگىنىنى پەملىدى. چىقىرىلغان لاينىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قالغان، ئۇنىڭ قورسىقىمۇ خېلى ئۇبدانلا ئاچقان ئىدى. چۈشتىن كېيىن سەللا غەيرەت قىلسا لاي تۈگەيتتى. يۇتىنىڭ ئاغرىقىمۇ قارىغاندا ئۇنىڭ ئىشىغا تەسىر قىلالمىغاندەك ئىدى.

باغنىڭ ئىشكى غىچ قىلىپ ئېچىلىپ، ھېلىقى كىچىك بالا كۆرۈندى. بالا قوڭۇر بۇدۇر چاچلىرىنى سىيلاپ، تارتىنغان ھالدا ئۇنىڭغا «ئېشىنى يەۋالسۇن دەيدۇ» دەپ قويۇپلا، يېڭىلا قويۇلغان خىشلارنىڭ ئۈستىگە كىچىك تاياق بىلەن بىر نېمىلەرنى جىجىشقا باشلىدى.

ئۇ قېلىپنى يۇيۇپ، سۇ كۆلچىكىگە تاشلاپ قويدى ۋە لاينىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت سۇ سېپىپ، پۈتى بىلەن تەكشىلەپ قويدى. كەچكىچە تۈگەيدۇ . . . بولدى، تاماقنى يەۋېلىپ قوياي، - ھېلىقى بالا كىچىككىنە گەۋدىسىنى مۈكچەيتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بالىغا قاراپ تۇيۇقسىزلا مۇشۇنچىلىك بىر ئوغلىنىڭ يوقلۇقىنى ئەسلەپ قالدى. ئۆزىنىڭ كىچىك بالا بىلەن ئەزەلدىن خوشى يوقلۇقى، يەنە شۇنداق تۇرۇپ توساتتىنلا بۇنداق خىيالدا بولۇپ قېلىشى ئۇنى سەل ھەيران قالدۇردى.

ئۇ پۇت - قوللىرىنى يۇيۇپ باغدىن چىقتى ۋە پېشايۋانغا كېلىپ ئولتۇردى. تاماق يېگەچ ئۆي ئىگىسى بىلەن مال باھاسى، ئۈزۈم، خىش . . . دېگەندەكلەر توغرىسىدا پاراڭلاشتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ بىلىدىغىنى كۆپ ئىدى. دۇئادىن كېيىن باغقا چىقىپ چۈنەكنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ، بىر تال جىگدە خوخىسى بىلەن چىشىنى كولىغاچ، تاماق سىڭدۈردى. ئۇ ئەزەلدىن تاماقتىن كېيىنلا ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. قىزىق ئاپتاپتا سۇيى قۇرۇشقا باشلىغان خىشلار 500 چىقمايتتى. يۇتىنىڭ كاشىلىسى بولمىغان بولسىمۇ، بەلكىم ئۇنىڭدىن جىقراق قويۇپ كېتەلەيتتى. بوپتۇلا، مىڭدىن ئاشۇرۇپ قويۇش پەرھىز ئەمەسقۇ،

ناھايىتى ھەر - ئىككى يۈزنى كەم قۇيىدۇ شۇ...

تۇيۇقسىزلا ئەتىگەندىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان دىمىق ئىسسىق يېنىپ، ھاۋا بىردىنلا سالقىنلىشىشقا باشلىدى. كۈنپېتىش تەرەپتىن ئاپئاق بۇلۇتلار چىرايلىق ئاق قولاردەك ئۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قېلىپنى سۇدىن ئالدى ۋە تېزلا خىش قۇيۇشقا كىرىشىپ كەتتى. لايىنىڭمۇ سۇيى ئەتىگەنكىدىن خېلىلا يېنىشىپ قالغان، كېسەكلىمۇ سەل كۆچ كېتىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. سالقىن شامال ئۇنىڭ يالىڭاچ دۈمبىسىنى سىپاپ ئۆتتى، بىردىنلا ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، مانا كۆرۈك، بۇ يەردىكىلەرمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغاندۇ - ھە... مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇ تەرەپلەردە ھەممىياق تونۇردەكلا لاۋۇلدايدۇ؛ توپىغا دەسسىگىلى بولمايدۇ، يەنە قارىساڭ، ھەممىسى يالىڭاياغ يۈرگەن... چىدايدۇ، ئادەم نېمىگە چىدىمايدۇ، سەن شەقىقىنىڭ توي كۈنىسى ئۆلۈپ كېتىدىغاندەكلا ئەلپازىڭ بار ئىدى... ئۆلمىدىم، مانا خىش قۇيۇۋاتىمەن، - ئۇنىڭ كەڭ پەنجىلىك قوللىرى كېسىلگەن لايىنى قامالاپ ئالدى، - ئىشقىلىپ، بىزنىڭ يۇرتمۇ ئۇنداق كېتىۋەرمەس، خۇدايىمنىڭ ئوڭ كۆزىدە كۆرىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ كېلىپ قالار... ھەي، كېسەل تاراپ كەتتى، ھەممىنى قىلغان شۇ نامراتچىلىق... يازغۇ مەيلى... قىش كەلدىمۇ بولدى، ھەممىسى كۆلۈڭگە پۈكلىنىپ ئولتۇرغان... قاپىقىم تارتىدۇ - يا... بىرەر ئىش بولمىغاندۇ - ھە، خۇدايىمغا ئامانەت... بۇدا بىرىۋالسام ھېچ يەرگە قىممىشايمەن، نېمە كۆرسەم شۇ يەردە كۆرەي، - ئۇنىڭ خىيالىغا توساتتىن بىر ئادەم كىرىپ، لايىنى كۆتۈرگىنىچە تۇرۇپ قالدى. قولاقلىرىدا، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋېتىدىغان مۇڭلۇق دۇتار ساداسى ياڭرىغاندەك بولدى. «پۇل تاپالىساڭ، شەھەرگە كىرىپ دۇتاردىن بىرنى ئېلىشنى ئۇنتۇما!» ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىقتا شۇ بىرلا ئاغىنىسى بار ئىدى. «بىر كۆزلۈك سىدىق» دەپ شە - شەلىدە داڭقى چىققان، مۇڭلۇق ئاۋازىدىن تاش - تۇپراقلار لەرزىگە كېلىدىغان ئۇ جانجىگەر ئاغىنىسى ئۇ بۇ تەرەپكە ماڭغاندا شۇنداق دېگەن ئىدى. دېمىسىمۇ بىچارىنىڭ دۇتارى ئارانلا قالغان، چالسا پەدە چېقىپ خاپا قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. خەقلەرنىڭ ئاغزىدا «بىر كۆزلۈك سىدىق دۇتارنى چالسا، ئۆيدىكى قارلىغاچلارمۇ ئۇخلاپ كېتەرمىش» دېگەندەك پاراڭلارمۇ تارقالغان ئىدى. دېمىسىمۇ، نېمىچى بار ئۇنىڭدىن باشقا زېرىكتۈرمەيدىغان، بىر كۆزلۈككىلۈككە قارىماي ئۇنىڭغا كۆيگەن قىزلار ئازمۇ...

ئۇ لايىنى قېلىپقا سېلىپ ئۈستىدىن بېسىپ تەكشىلىدى ۋە قېلىپنى تارتىپ يېڭىلا قۇيغان خىشنىڭ قېشىغا قويدى. ئۇ ھېچقاچان يۇرتىنى بۈگۈنكىدەك سېغىنمىغان، ھازىرقىدەك ئىچ - ئىچىدىن چىقىرىپ سېغىنمىغان ئىدى. ئاپئاق شور ئۆرلەپ تۇرغان زېمىن باغرىدىكى لەرزان ئىرغاڭلاۋاتقان كۆكيانتاقلار، كۆكۈچ، قىزغۇچ يانتاق گۈللىرى، سىيكەچ، ئادىراسمانلار ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنگەندەك بولدى... غۇر قىلىپ سىپاپ ئۆتكەن سوغۇق شامالدىن ئۇنىڭ بەدىنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئاسمانغا قارىدى. خۇددى جىن - پەرىلەر ئەپسۇن ئوقۇغاندەك، بىردەمدىلا ئاپئاق بۇلۇتلار قاياقلارغىدۇر يوقالغان، ئاسماننى قويۇن قاپلاپ، قاپقارا بۇلۇتلار تېزلىك بىلەن سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. قارلىغاچلار پەس ئۇچۇپ يۈرەتتى. سوغۇق شامال كۈچىيىپ، دەرەخلەر رەتسىز ئىرغاڭلاشقا باشلىدى. ئۇ قوللىرىنى يۇيۇپ كۆڭلىكىنى كىيىۋالدى. نېمە كارامەت بۇ... ئىشىمنى كور قىلمىسىلا بولاتتىغۇ، - شامالنىڭ كۈچىدىن قارىغاندا يامغۇر ياغمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ بۇنداق قاتتىق شامالدا ياmغۇر ياغقىنىنى كۆرمىگەن ئىدى. ياmغۇرنىڭمۇ چۈشكۈسى يوقتەك، بۇلۇتلار شەرققە سۈرۈلۈۋاتاتتى. ياmغۇر ياغسا شۇ يەرلەردە يېغىپ قالار، شەرقتىكى يىراق بىر زېمىندا ئۇنىڭ ئۆيى ۋە ئائىلىسى بار. ئۇ قېلىپىنى ئالدى. قۇيغانلىرى تېخىچە پىلانغا يەتمىگەن، دادىسى رەھمىتىمۇ لايىنى ئاشۇرۇپ قويغاننى يامان كۆرىدىغان، راۋرۇس بىر كىرىشىپ كەتسە لايمۇ كەچكىچە توگەيدۇ. ئۇ لايىنىڭ ئۈستىگە ئازراق سۇ سېپىۋەتتى ۋە لايىنى تېز - تېز كېسىپ، قۇيۇشقا باشلىدى.

ئەتراپ ئىنتايىن تىنچلىنىپ كەتكەن، قارلىغاچلارمۇ، پاشا، كۆمۈتلارمۇ قەيەرگىدۇ يوقالغان ئىدى.

ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يوغان بىر تامچە ياmغۇر چۈشتى، بەلكىم ئۇزىگە شۇنداق بىلىنگەندۇر. ئۇ لايىنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ قېلىپقا سالدى. لايىنىڭ ئۈستىنى سىلىقلاپ، قېلىپىنى تارتىۋالدى. ھۆل خىشقا تۆت بارمىقىنىڭ ئىزى بىلىنەرلىك چۈشتى. دەل مۇشۇ چاغدا، بۇ يەردىن ئىنتايىن يىراق بىر جايدا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى. بەلكىم دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىدۇ. ئۇ ئاسمانغا قارىدى. چاقماق چېقىلدى. كەينىدىنلا يوغان - يوغان ياmغۇر تامچىلىرى چۈشۈشكە باشلىدى. ياmغۇر ئۇنىڭ سەل - پەل مۈكچىيىپ قالغان بەدىنىگە، كۆلچەكتىكى سۇغا، قېتىشىۋالغان لايىنىڭ ئۈستىگە تاراسلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. گۈلدۈرماما بارغانسېرى قاتتىق گۈلدۈرلەپ، چاقماق باغنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاسماندىن بىر ئۇچى ئۇيۇققا قەدەر سوزۇلۇپ قاتتىق چېقىلدى. بىر يەرلەردىن قويلارنىڭ مەرەشلىرى، كىچىك بالىلارنىڭ چۇقانلىرى ئاڭلاندى. ياmغۇر يېغىپ قالسا كىچىك بالىلار قىن - قىنىغا سىغمايدۇ. ئۇمۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا ياmغۇر سۇلىرىنى شالاپشىتىپ ئىككى تەرەپكە چېچىپ، يۇگۇرۇپ ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. ياmغۇر ئەمدى چېلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىشقا باشلىدى. ئۇ چېلەك بىلەن قېلىپىنى كۆلچەككە تاشلاپ قويۇپ، باغ ئىشىكىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ساتمىغا كىرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ خىيالىغا ھېچنېمە كەلمەي، كۆزلىرىنى لايغا، قۇيۇلغان خىشلارغا تىككىنىچە ئولتۇرۇپلا قالدى. ياmغۇر سۈيى لايىنىڭ ئۈستىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى. ھەر يوغان، ھەر بىرى قىزىل قوناقچىلىك كېلىدىغان تامچىلار خىشلارنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. خىشلارنىڭ ئۈستىدە كىچىك ئويمانلار قالدى، ئويمان يەرلەر بارا - بارا چوڭقۇرلايتتى...

ساتمىنىڭ ئۆگزىسىدىن سىرغىپ ئۇنىڭ بويىنىغا چۈشكەن سوغۇق ياmغۇر سۈيى ئۇنى ئويغاتتى. ئۇ ئۇيان - بۇيان قاراپ بىر نەرسىنى ئىزدىدى. ئىزدىگەن نەرسىسىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ ئۇقالمىدى. لايغا قارىدى. ياmغۇر... دەل ۋاقتىدا ياغدى... دېمىسىمۇ ئۇزۇن بولغان... ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپ كۆپرەك قۇيۇۋەتمىگەنىگە شۈكرى قىلدى. ئەمدى بەزلەشكەن لايىنى ئىشلەتكىلى بولمايتتى. ئۆيىنىڭ ئىگىسىدىن ئىش ھەققىنى سورىغىلىمۇ يۈز چىدىمايتتى. ئۇنىڭغا بۈگۈنكى نەسچىلىكلەر ھەم بۇ ياmغۇر بىر نېمىنىڭ بىشارىتىدەك، يۇرتىدا بىرەر ئىش بولغاندەك بىلىندى. ياmغۇر بۇ يېغىشىدا بىر نەچچە كۈنسىز توختىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەگەر ئۇ تەرەپلەردە ياmغۇر ياغقان بولسا، چوقۇم ئۆيىدىن تامچە ئۆتۈپ كەتتى. ئائىلى بىچارە شۇنچە يالۋۇرۇپمۇ ئۇنى ئۆگزىگە لاي سالدۇرالمىغان ئىدى. خۇدايىمنىڭ شۇ مۆمىن بەندىسى ھەقىچان تامچە ئۆتكەن يەرلەرگە چېلەك، داسلارنى قاتار تىزىۋەتتى...

باغنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بېشىغا كونا بىر چېپتىنى ئارتىۋالغان بىرى كىردى. بۇ ھېلىقى بالا ئىدى. بالا ئۇنىڭغا بىر قىسىملا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۇچقۇن بالىنىڭ كىچىككىنە كۆزلىرىگە كىرىپ كەتتى. «سىزنى ئۈيگە كىرىۋالسۇن دەيدۇ». بالىنىڭ ئۇستىبېشىدىن يامغۇر سۇلىرى سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى.

-سىز كىرىۋېرىڭ، ھازىرلا كىرىمەن.

بالا ئۇنىڭغا بىر پەس قارىۋېتىپ، باغدىن چىقىپ كەتتى.

ھەممە يەر لۆمشۈپلا كەتتى. ئۇنىڭ يۈرتىدىكى شورلۇقتا دەسسىگەن ئادەم مۇشۇنداق ۋاقىتتا شورغا تىزىغىچە كىرىپ كېتەتتى. جىگدە يېلىملىرى پۈررىدە ئۆرلەپ، جىگدە غولىدا لىغىرلاپ قالاتتى.

ئۇ بىر خىل ھەيرانلىق بىلەن ئەتراپىغا قارىدى. گويا، بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىپ قالدىم، مەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمەن، دېگەندەك كۆزلىرىدىن بىر خىل سوئال ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىراش ئورنىدىن تۇردى-دە، قېلىپىنى كەتمەن سېپىغا ئۆتكۈزۈپ مۈرىسىگە ئالدى ۋە باغنىڭ ئىشىكىدىن ھويلىغا چىقتى. ھويلىمۇ ئوخشاشلا پاتقاق، سىلىق ئىدى. ئۇ پېشايۋانغا قارىدى. پېشايۋان ئاستىدا ھېلىقى كىچىك بالا يامغۇر تامچىلىرى يەردە قالدۇرغان ئىزلارغا قاراپ تۇراتتى. بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە ئەمدىلا ئاغزىنى ئۆمەللىشىگە، ئۇ تېزلىك بىلەن دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. كۈن چىقىش تەرەپنىڭ ئاسمىنىنى قاپقارا بۇلۇتلار قاپلىغان ئىدى. ئۇ لاتىسى بوشاپ قالغان پۇتىدا ھەر قېتىم يەرنى دەسسىگەن چاغدا، پاتقاق، سۇلار ھەر تەرەپكە چاچرايتتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قارىدى. بېشىغا چېپتا ئارتىۋالغان ھېلىقى كىچىك بالا جايىدا تۇراتتى. ئۇ بالىغا بىر پەس قاراپ تۇردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كۈن چىقىشقا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ بالىسى بولمىسىمۇ ئايالى، پېشايۋىنى بولمىسىمۇ ئۆگزىسىدىن تامچە ئۆتىدىغان ئۆيى بار ئىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىكىدەك يولنىڭ سۇ يىغىلىپ قالغان يەرلىرى بىلەن ماڭدى. سۇلار داۋالغۇدى. پۇتىدىكى لاتىمۇ چۈشۈپ قالدى. بىر خىلدا چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئۇنى خۇددى بىر كۆزلۈك ئاغىنىسى سىدىقنىڭ دۇتارىدىن چىققان مۇڭلۇق ئاھاڭنى تىڭشاپ ئولتۇرغاندەك بىر تۇيغۇغا ئېلىپ كەلدى. ئۆيدىكى قارلىغاچلار مۆگدەۋاتاتتى... يىراقتىكى پايانسىز دالىدا شور تۇپراق يامغۇر سۈيىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ بېرىۋاتاتتى. كەڭ كەتكەن زېمىن سىرلىق بىر تىنىشقا تولدى. كۆكيانتاقلار قىزغۇچ گۈللىرىنى نامايىش قىلىپ، قەددىنى كېرىپ تۇرۇشاتتى. يامغۇر توختاپ، يەنە بىرەر - ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن، بۇ يەرلەر شورلار ئاپئاق، تۇزلىرى سىڭىشقان ھالدا قۇرۇيتتى. يوغان- يوغان تۇزلار قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچ نۇرى ئاستىدا تاۋلىناتتى. يىراقتىكى كۆك يانتاقلىق دالىدا يانتاق گۈللىرى كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. ئۇلاردىن تارىغان پۇراقلار نەم تۇپا ھىدى بىلەن قوشۇلۇپ يانتاق چېپىۋاتقانلارنى مەست قىلاتتى. كۆكيانتاق شۇنداق سېھىرگە ئىگىكى، ئۇنىڭ خىسلەتلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. ئەتىيازدا قوغۇن، ئۈزۈملەرنىڭ تۈۋىگە كۆمسەڭمۇ، بازارغا ئاپىرىپ ساتساڭمۇ، ھەتتا قۇرۇتۇپ تونۇر قىزىتساڭمۇ بولۇۋېرەتتى..

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

**ماخمۇت مۇھەممەت**

# چېكىيالار

## تەتۈر باشلىق

پـاكىز قىرىنىپ ئەتىر سەپكەن قىر بۇرۇن، يـاداڭغـۇ ئـادەم شەپكىسىنى، گاھ قولىغا ئېلىپ مـجـىقلاپ، مـۇئـاۋىن شۇجى ئىشخانىسىنىڭ بوسۇغۇسىدا ئىككى سائەتتەك تۇردى. ئاردا قىيا ئېـچـىلـغـان ئىشىكتىن ئۆزىگە كۆزى چۈشكەن هارغىن چىراي شۇجىغا سالام بېرىپمۇ ئۈلگۈردى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ «كىرمەمسىز» دېگەندەك ئىشارەت بەرگەن كۆزلىرىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ، «سـەل تـۇرۇپ» دېـگەن ئىپادىنىمۇ بىلدۈرۈپ ئۈلگۈردى. سائەت ئونغا چارەك قالغاندا، نىهايەت شۇجىنىڭ ئىشخانىسى هەر خىل هاجەتمەنلەردىن بوشاپ، باشلىق ئۆزىلا قېپقالدى، پەقەت شۇ چاغدىلا ياداڭغۇ كىشى ئېهتىيات بىلەن دەسسەپ ئىچكىرىگە كىردى-دە، رەسمىي سالام بەجا كەلتۈردى.

– ساقلاپ قالدىڭىز هە؟ خوش. . . – شۇجى ئـەمدىـلـەتـىن تـۈتاشتۇرغان تاماكىسىنى ئاستا پۈۋلەپ، مېهماننى ياندىكى يالغۇز كىشىلىك سافاغا تـەكلىـپ قىـلدى ۋە تـامـاكا قۇتىسىنى ئۇنىڭ ئـالدىـغـراق سـۈرۈپ قـويدى. بـۇ ئـۇنـىڭ «چېكەمسىز؟» دېگىنى ئىدى.

ياداڭغۇ ئادەم ئىشىكتىن كىرىۋاتقىنىدا قولىدا مـجـىقلاقلىـق شـەپكىسـىنـى بېشىغا ئەپلەپ كـىيدى-دە، گـەپنـى نېـمىدىن باشلىسام بولار دېگـەندەك ئەلپازدا بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قـالدى. ئـەمـا كـۆپ تېڭىرقاشقا بولمايتتى. ئىشخانىغا هېلىدىن - هېلى بىرەر ئادەم كىرىپ قېلىش ئېهتىمالى بار ئىدى.

– ئـۆزۈم . . . مۇنداق سىزگە سالام بېرىپ ئۆتەي دەپ . . .

– ياخشى بوپتۇ، هە، ئەهۋاللار ياخشىدۇ؟

– ياخشى، رەهمەت. ئاندىن كېيىن، ئاندىن كېيىن بىر ئىشقا ئىچىم پۇشۇپ. . .

– نېـمـە ئىشقا؟ – شۇجى كۆزلىرىنى يوغان ئېـچـىـپ، ياداڭغۇ چىرايغا تىكىلدى. ئۆزايىدىن سەل سەۋرسىزلىنىۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

– شـۇ . . . بىـزنىڭ كى جۇيجاڭنىڭ ئىشى بولمامدۇ، تونۇگۇن سىز مۇهىم بىر ئىش توغرىلىق تېلېفون بەرگەنىمىدىڭىزكىن، ئاخىرىغىراق كىرىپ قاپتىمەن، تېلېفوننى قويۇپلا بىر مۇنچە ۋايساپلا كـەتتـى دېـسـە، تـوۋا خۇدايىم، رەهبەرلىكنى هۆرمەتلەشنى قاچانمۇ ئۆگىنىمىزكىنتاڭ!

– هە، نېمە دەيدۇ ئۇ؟ – شۇجى سەل ئالدىغا ئېـڭـىشكـىـنـچە قىزىقىپ سورىدى. كۆزلىرى مېهمانغا ئېخىمۇ ئىنچىكىلەپ قادالدى.

– شـۇ. . . «ئـۇ نېـمىنى بىلىدۇ، تۆۋەنگە چۈشمەيلا بۇيرۇقنى سوقۇۋېرىدىكەن، بىزدە بىر

مۇنچە قىيىنچىلىقلار تۇرسا» دەپ . . .

— ھە، دېسە دېگەندۇر، سىزگە نېمە ئەمدى؟ راست، گاھىدا بىزمۇ ئالدىراپ قالىمىز.

. يادىڭىزغۇ مېھماننىڭ كېكىردىكىنى بىرى تۇيۇقسىز بوغقاندەك ئۆزىمۇ سەزمەستىن غىق قىلغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ قورۇنۇپ ئولتۇرغان جىسمى توك تاياق تەگكەندەك جىغ قىلدى-دە، ئەزايىغا بىر جىغىلداش، تىترەك، سوغۇق سېزىم يۈگۈردى. بىر پەس شۇنداق ئولتۇرۇپ قالدى

— خوش، باشقا ئىشلار بارمۇ؟ بولمىسا مەن ۋالىي مەھكىمىسىگە يىغىنغا بارماقچىدىم، — شۇجى ئورنىدىن قوزغالغاچ ئۈستەل ئۈستىنى يىغىشتۇرغىلى تۇردى. بۇ ئەلۋەتتە ئۈنسىز بۇيرۇق ئىدى. يادىڭىزغۇ. مېھمان ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتتى.

— يا، ئەمدى مەن ياخشى كۆڭلۈم بىلەن. . . زادىلا چىدىيالمايدىكەنمەن. سىزگە ھۆرمەت. .

— ھۆرمىتىڭىزگە رەھمەت، كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم. خوش ئەمىسە، يەنە كۆرۈشەرمىز-ھە!

بىر مىنۇتتىن كېيىن يادىڭىزغۇ ئادەم زالدا، سەل ئۆتۈپ بولسا پارتكوم قورۇسىنىڭ ۋېلىسىپىتلەر سانجاق تۇرۇپ كەتكەن لاپاسىنىڭ ئاستىداخېلىغىچە ۋېلىسىپىتنى تاپالماي تۇردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ساقاللىرى بىر كېچىدىلا ئۆسۈپ كەتكەن، ئۆزىگە ئەتىرمۇ سەپمىگەن يادىڭىزغۇ ئادەم مۇئاۋىن شۇجى ئىشخانىسىنىڭ بوسۇغىسىدا تامغا يۆلىنىپ ئالاھەزەل تۆت سائەت تۇردى. ئەتىگەندىن بېرى ئىشىكى ئېچىلمىغان ئىشخانىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ كېتىشتى، پەقەت ئۇلا جايىدىن قىمىرلىمىدى.

## قىزىل رەقەم

سەھەرلىك چېنىقىشتىن قايتىپ كېلىپ، بىنانىڭ يېنىدىكى ناۋايخانىدىن نان ئېلىپ كىرىپ كېتەي دەپ تۇرۇشۇمغا پېنسىيىگە چىققان بوغالتىر قوشنام شىلەپىسىنى يانتۇ كىيىپ، ئۆردەكتەك دەسسەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەلدى.

— نانغا كەلدىڭىز؟ — سالىمىمنىڭ جاۋابى ئورنىدا قوشنام شۇ مۇراجىئەت بىلەن جىلمايغىنىچە تونۇر بېشىغا يېقىنلاشتى، — نان دېگەن سۇدەك كېتىۋاتىدۇ-ھە مۇشۇ كۈندە؟

— ئۇششاق باللار ناننىڭ قېپىنى يارىدىكەنغۇ تاڭ، ھېلىلا تاماق يەپ. . .

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، ناننىڭ باھاسى تىك سىزىق بويىچە ئۆرلەپ كېتىۋاتقىنىنى دېمەمسىز. خۇددى ھۆكۈمەت باھانى ئۆستۈرۈش توغرىلىق ئالدى بىلەن ناۋايلارغا ئۇقتۇرۇش تارقاتقاندەك، بۇنداق كېتىۋەرسە قانداق ياشايمىز كىنتاڭ!

— ئۇنىڭ باھاسىمىغۇ ئۆرلەپ كەتتى، — ئۈنچىقماي تۇرغىچە دەپ قوشۇمچە قىلدىم.

— ھوي. . . گەپنىڭ تۈگۈنى مەشەدە ئەمەسمۇ، — قوشنام سىڭايان شىلەپىسىنى تېخىمۇ قىيسايتىپ بېشىنى گىلدىڭشىتىپ كەتتى، — ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭ باھاسىنى بىر ھەسسە قاتلىۋالمىدىمۇ. زادى ياشايمىزمۇ - ياشىمايمىزمۇ؟

ئۇنىڭ گېپى شاخلاپ بېرىپ مايغىمۇ چېتىلدى. قوشنام سان - سىفىرلار ۋە ئۆزى پىششىق بىلىدىغان مالىيە ئىبارىلىرى ئارقىلىق يەنە بىر ھازاغىچە سۆزلىدى. ئاڭغىچە تونۇر بېشىغا بىر مۇنچە ئادەم ئولاشقانىدى. سائىتىمگە قاراپ، ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

ئەتىسى يەنە تونۇر بېشىدا قوشنام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بۇ چاغدا ئۇ ناننى ئەمدىلا قىزىق تونۇرغا چاپلاپ بولۇپ، پەشتامىسى بىلەن تەرىنى

سۇرتۇۋاتقان كۇلۇمچان ناۋايغا سۆزلەۋاتاتتى.

— مانا ئۆزىڭىز دەۋاتىسىز، كۆمۈرنىڭ باھاسىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە بىر قاتلىنىپ، ھەتتا بىر يېرىم ھەسسىگە باردى. ئۇنداق بولغاندىكىن ناننىڭ تەننەرخىمۇ ئۆسىدىغان گەپتە. ئامال قانچە؟ كېلىنىڭ ھەكىمجان، مانا بۈگۈن ساۋۇتاخۇن ئۇستام ناننى يەنە بىر موچەن چاپلايمەن دەيدۇ. كۆمۈر ئۆرلىگەنمىش. بايقىدىڭىزمىكىن، ئالدىنقى ھەپتە ھەممىلا خەق خاڭلارغا قولۇپ سېلىنىپ كېتىدىغاندەك كۆمۈر توشۇش بىلەنلا بوپكەتكەنىدى، بىر نېمە بىلىشىپتىكەندە، ھەي ... بىزلا شۇ كورۇك توخۇدەك ئۆيدە يېتىپتىمىز. قانداق ياشايمىز كىنتاڭ! بىر قىشقا ئوتۇندەك ئىككى ماشىنا كۆمۈر كېتىدۇ دەڭا بىزگە.

ئۇنىڭ بۈگۈن مانچىستىر دوپپا ئالماشقان پارلىشاڭغۇ بېشى توكۇلاڭدەك تىترەپ كەتتى.

— ياپىرىم، مانا سەككىز موچەنلىك نان چىقتى، — ئاغىنىچە ساۋۇتاخۇن ناۋاي تونۇگۈنكى يەتتە موچەنلىك ناندىن سانتا پەرقلەنمەيدىغان ناننى ئېلىمەك بىلەن تونۇردىن چىقىرىپلا تونۇر بېشىدىكى پەشخۇنغا تاشلىدى.

ئىككى كۈنگىچە بوغالتىر قوشنام كۆرۈنمىدى. بىر كۈنى تونۇر بېشىدا ئۇنى ئاغزى-بۇرنى شارپىدا ئوراقلىق ھالەتتە ئۇچراتتىم.

— كۆزمۇ كەلدى، بىزنىڭ چىگويەن بوزەك قىلىمەن دەپ قوپىدۇ، — قوشنام يۆتۈپ كەتكەن ئاۋازىنى دەز كەتكەن ساپالدەك جىغىلدىتىپ سالام-سورىقىمغا جاۋاب قايتۇردى، — ئىسسىق زۇكام دېگەن شۇ دەڭا ھەكىمجان ئۇكا، تونۇگۈن دوختۇرغا بېرىۋېدىم، كىنىشكىدىكى پۇل تۈگىگىنى نەۋاق، نەق پۇلغا دورا يەۋاتىمىز ئەمەسمۇ، يائاللا، بىز تونۇر بېشىدا ساۋۇتاخۇن ئۇستامنىڭ نېنىدىنلا رەنجىپ يۈرۈۋېرىپتىمىز، باھا ئۆسۈش دېگەن دوختۇرخاندىكەن ئەمەسمۇ، دائىم ئېلىپ ئىچىپ يۈرگەن قىيام دورا، يۆتەلنىڭچۇ، ئىككى سوم ئون تىيىندىن بەش سوم يەتتە تىيىنغا چىقىپ كېتىپتۇ، ئوكۇللىرىنى دېمەيسىز تېخى. ئىككى خىل دورا بىلەن ئۈچ كۈنلۈك ئوكۇلغا قىرىق بىر سوم سەكسەن سەككىز تىيىننى چىرقىرىتىپ تۇرۇپ ئېلىۋېدى، تەرلەپ كېتىپتىمەن. نېمە گەپلەر-ۋوي بۇ، زادى ياشىسۇن دەمدۇ بىزنى، ياشىمىسۇنمۇ؟

بولۇۋاتقان باھا ئۆسۈشلەردىن ئۇدۇللۇق خەۋىرىم بولغاچقىمۇ ياكى قوشنامنىڭ ۋايساشلىرىنى كۈندە ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەچكىمۇ، ئۇنىڭ شىكايەتلىرىگە ھە-ھە بىلەنلا ئىنكاس قايتۇرۇپ تۇرۇۋەردىم. ئىچىمدە بولسا، سەن ھەرقانچە ۋايىسساڭمۇ ئۆسىدىغان باھا ساقالدەك ئۆسۈۋېرىدىكەن تاغا، كوتۇلداپ نېمە قىلاتتىڭ! دەپ ئويلاپمۇ ئۈلگۈردۈم.

بەش مىنۇتتىن كېيىن بوغالتىر قوشنامنىڭ جۇدۇنلۇق ئاۋازى تونۇر بېشىدا ياڭراپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چاقماق شارپىسى قولىدا ئىدى.

— ھەي ساۋۇتاخۇن، ھەر ئىش بولسا ئىنساب بىلەن بولامدۇ؟ سىلە بۇ مەھەللىنىڭ دۇكىنىنى ئىجارىگە ئېلىپ، باھا ئۆستۈرىدىغانغا كەلگەنمۇ؟ لەگلەكمۇ ئۇنداق تېتىقسىز ئۆرلەۋەرمەيدۇ. بىر سوم دېگەنگىچۇ، ئۆز ۋاقتىدا بىر كىلو قوي گۆشى كېلىدىغان. بىر ناننى بىر سوم دەۋاتقىنىنى.

— ئۇ دېگەن بۇرۇنقى گەپلەر موللىكا، بىزمۇ پەيزاۋاتتا. . .

— ئاھ. قويۇڭلار ئاقمايدىغان گەپنى. «ئىنساب بىلەن ئوغرىكا، ئىنساب بىلەن» دەپتىكەن بىرى. يا نېنىڭىز سەل سەمرىگەن بولسىدى. . . ھوي ھەكىمجان، ھەجىيىپلا تۇرىسىزغۇ ئۇكا، يانچۇقتا پۇلىڭىز تېشىپ كېتىۋاتامدۇ يا؟ ئەستاغپۇرۇللا، ھوي، نان يېمىسە زادى ياشىغىلى بولامدۇ بۇ جاھاندا؟

— نان يېمىسىلە ئۆيدە قاسقانغا موما سالدۇرۇپ يېسىلە، ھە، يۇمشاق . . . — ناۋاي ئۇستاممۇ ئەمدى زەھەرلىكىنى باشلىغانىدى. دەررۇ ئوتتۇرىغا چۈشتۇم-دە، ئىككىلا تەرەپكە ھاي بەردىم.

شۇ كۈنى كەچكە يېقىن بازاردىن بوغۇلۇپ، چېچىلىپ قايتىپ كەلدىم. ۋېلىسىپىتنىڭ قۇلۇپىنى ئالدىنقى كۈنى تاش بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋېتىشكە مەجبۇر بولغاچقا، يېڭى قۇلۇپ ئالاي دەپ بەش خىل مېتال ماگىزىنىغا كىرگەن ئىدىم. تېخى تۆت ئاينىڭ ئالدىدا ئالغان ئىلگىرىكى قۇلۇپ بىلەن ئوخشاش ماركىدىكى قۇلۇپنىڭ باھاسى ھازىر نەقمۇنەق ئىككى ھەسسە ئۆرلەپ كېتىپتۇ، نېمىشقىدۇر تۇرۇپلا غۇژژىدە ئاچچىقىم كېلىپ قالدى.

— يېگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ باھاسىغۇ ئۆرلىسۇن ماقۇل، ئەمدى بۇ ئۈچ-تۆت يىلدا بىر ئالىدىغان تۆمۈر-تەسەكنىمۇ شۇنچە ئۆرلىتىۋەتكەن بارمۇ؟ — ئالدىمدىكى سېرىق چاچلىق، قىر بۇرۇن چوكانغا زەردە بىلەن ئىچىمدىكىنى تۆكتۇم.

—ۋېيىش، خەق ئۆرلىتىدىكەن بولىدىكەن، بىز ئۆرلەتسەك بولمامدىكەن؟ — پىرىكازچىك چوكان ئاۋازىدىن زەھەر تامدۇرۇپ بېشىنى گىلدىڭشىتتى،— قانداق ئادەم ماۋۇ، چىقىش قىلىسىڭىز ئېلىڭ، بولمىسا ئىشىڭ ئۇچۇق ئەنە!

قۇلۇپنىغۇ ئالدىم، بىراق زەھەر تىللىق چوكان بىلەن خېلى بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كېتىپتىمەن. گوياكى باھانى ئۆستۈرگەن خوجايىن شۇدەك. ئادەممۇ ئۇلاشتى، گەپمۇ كۆپەيدى. بىر چاغدا شەيتىنىمغا ھاي بېرىپ ماگىزىنىدىن چىقىپ كەتتىم. كېچىچە ئاچچىق يۇتۇپ ياتالامىدىغان.

شۇ ئاچچىقتىن ئەتىسى سەھەرلىك چېنىقىشمۇ خۇش ياقمىدى. كوچىدا نېرى-بېرى لەلەڭشىپ مېڭىپ، بىر چاغدا ناۋايخانىغا كەلدىم.

قىزىق ناندىن ئىككىنى ئېلىپ، پۇل تۆلەيدىغان چاغدا بىردىنلا يەنە جۇدۇنۇم تۇتتى.

— سىلەرمۇ تازا. . . ئۇستام، كۈندىلا ئۆرلىتىۋېرەمدۇق بۇ ناننىڭ باھاسىنى؟ لەگلەكمۇ قانداق ئۆرلىمەيدۇ. . .

— ئەپەندىم ، نېمە بولدىلا؟ — مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزىرىپ، تەرلىگەن ناۋاي كۆزۈمگە گۆلىيىپ قارىدى، — ئۆزلىرى تونۇگۈن غىڭ قىلماي كويچەن سانىغان باھا شۇ، بۈگۈن ئۆرلەتمىدۇق.

— ھەرقانچە بولسىمۇ، — خاتا قىلغىنىمنى سەزگەن بولسامۇ، سىر بەرگۈم كەلمىدى، — مۇشۇ كۈندە بارغۇ، كاسىپلارمۇ بوپلىۋالدى. كۆزۈمچىلىك تارشا ناننى بىر سومدىن يېسەك، زادىلا ياشامدۇق-ياشىمامدۇق بۇ دۇنيادا؟

— قانداق قوشنام، ئاخىرى مەن دېگەن يەرگە كەپسىز ھە؟ — تاپىنىمنىڭ تېگىدىن چىققاندەك جاراڭلىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئەتراپىمغا نەزەر سالسام، بوغالتىر قوشنام تاق پۇتۇمنىڭ تۈۋىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ھەدەپ بېشىنى چايقاپ كۈلۈۋېتىپتۇ، — مالىيەدە قىزىل رەقەم كۆرۈنگەن ئوخشىمامدۇ؟ . . .

## بىكارلانغان ئۆي

ئىدارىدىكى ئۈچ باشلىقنىڭ كۆزلىرى بىرلا ۋاقىتتا ئەمدىلا بىكار بولغان بىر يۈرۈش ئۆيگە تىكىلىپ قالدى.

A باشلىقنىڭ شىركەت مالىيە بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان قېرى بويتاق تۇغقىنى يېڭىلا «بېشىنى باش، پاقالچىكىنى تاش» قىلغان بولۇپ، ئۆي خىجالىتىدە رەھبەر تۇغقىنىنى سىجىل ئىزدەپ تۇرۇۋاتاتتى. B باشلىقنىڭ كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېنىدىن ئاجرالمايدىغان شوپۇرى چوڭراق ئۆيگە كۆچۈش غەلۋىسىنى خېلىدىن بېرى قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئولتۇرۇۋاتقان سوقما تام ئۆيمۇ يوچۇنىڭ بېشىدىكى شىلەپىدەك بىر يانغا قىڭغىيىپ قالغىلى نەۋاق ئىدى. C باشلىقنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا يوللۇق تەرىپى بار، يەنى ئۇمۇ شىركەتتىكى قىيىنچىلىقى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بىر خادىمغا مۇۋاپىق پەيتتە كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋەدە قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ شىركەتتە مەزكۇر ئۆيگە چىشىنى بىلەپ تۇرغانلار خېلى بار ئىدى.

ئۆي بىكارلانماي تۇرۇپلا ھاجەتمەنلەر توشمۇ تۇشتىن يۇقىرى - تۆۋەن ھەرىكەتلىنىشكە، ئىشەنگەن «تاغ»لىرىنىڭ سوڭىدىن چىقماي يۈرۈشكە باشلىدى. جىمىكى شۇىر-شۇىر پاراڭلار، مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلەر ھېلىقى كونا-يېڭىلىقىمۇ، چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئوتتۇراھال ئۆيگە مەركەزلىشىپ قالدى.

بۇ كۈنلەردە ئۈچ باشلىقنىڭ كاللىسىغا خىزمەت غېمىدىن باشقا بىكارلانغان ئۆينى كىمگە بېرىش، يەنى بۇ باش ئاغرىقنى قانداق پەسەيتىش غېمى ئۈستىلەپ قاچىلاندى. ئۆيغۇ ئاددىيلا بىر ئۆي، مۇھىمى بۇ ئۆينىڭ كىمگە بېرىلىشى، ئاخىرقى ھېسابتا شىركەتنىڭ قايسى باشلىقنىڭ گېپى ئۆتىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان سىناق تېشى بولىدىغاندەك كەيپىيات شەكىللىنىپ قالغان ئىدى.

ئۆي غەۋغاسى كۈنسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئۈچ باشلىقنىڭ ئىشخانىلىرىمۇ دەۋاگەرلەر بىلەن تولۇپ، ئالمىشىپ، يېڭىلىنىپ تۇرۇۋەردى. بۇ ئارىدا A باشلىق ھوقۇقىغا تايىنىپ ئىشخانا مۇدىرىيەدىن بىكار بولغان ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئالدى-دە، ئاستىرتىن مالىيە بۆلۈمىدىكى تۇغقىنىغا سۇڭگۇتتۇۋەتتى. ئۇنىڭدىن سەل ئاۋۋالراق B باشلىق ئۆينىڭ ئىگىدارلىق كىنىشكىسىنى ئۆي كۆچكەن خادىمدىن ئېلىۋېلىپ، شوپۇر ئۇستامنى خوشال قىلىۋەتكەنىدى. C باشلىقمۇ قاراپ تۇرمىدى، دەل شۇ ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان پەيتلەردە ئۇ «كۈتۈلمىگەن ئىشلار»نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زاپخوزغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بىكارلانغان ئۆيگە دەرھال بىخەتەرلىك ئىشىكى ئورناتقۇزدى-دە، ئۇنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزى ۋەدە قىلغان «قىيىنچىلىقى بار خادىم»نىڭ قولىغا پوككىدە تۇتقۇزۇپ قويدى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن خىزمەت شىركەت بىناسىدا جەملىنىپ، ئائىلىلىكلەر بىناسىغا كۆچتى، ئۆي ئالغۇچى ئۈچەيلەن بىرلا ۋاقىتتا بىكارلانغان ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ بىرىدە ياغاچ ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى بار، بىرىدە تۆمۈر ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى بار، يەنە بىرىدە بولسا... سول قولىدا كىنىشكا، ئوڭ قولىدا سالماقلىق پالتا بار. ئۇنىڭ پالتىنى زادى ئىككى ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىشقا ئىشلىتىدىغىنىنى ياكى باشقا بىرەر ئىشقا پەملەۋاتقىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ھېلىقى ئۈچەيلەننى ھېلىمۇ ئاشۇ بىكارلانغان ئۆينىڭ ئىشىكى تۈۋىدە بىر-بىرىگە دۈەيلىشىپ تۇرىدۇ دەپ ئاڭلىدىم. ئىدارىنىڭ ئۈچ باشلىقى بولسا يەنىلا ھېچنېمە بولمىغاندەك بىر-بىرىگە كۈلۈمسىرەپ سالام قىلىشىپ، ئىشلارنى ئىلگىرىكىدەكلا تەڭ باشقۇرۇپ يۈرۈشكەندەك-مىش.

## دوكلات

سۆسۈن رەڭلىك كۆزەينەكنىڭ ئاستىدىنمۇ كۆزلىرىدىكى قەتئىيلىك ۋە ھاياجاننىڭ نۇرلىرى

ئەكس ئېتىپ تۇرغان، ئوتتۇرا ياشلىق، سۇرلۇك چىراي رەھبەرنىڭ ئاۋازى ھەر بىر يىغىن قاتناشقۇچىسىنىڭ يۈرىكىگە ئىز ئويۇپ جاراڭلايتتى:

- يولداشلار، يەرلىك ئورنىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىق ۋە جاپالىق شارائىتى بىزنى خەلق ئالدىدا ئەڭ زور دەرىجىدە جاۋابكار بولۇش، ئىسراپخورلۇق، ھەشەمەتچىلىك، شەكىلۋازلىقتىن قەتئىي ساقلىنىپ، ئىسلاھاتچىلارغا خاس سەگەكلىك بىلەن، ئەقىل-پاراستىمىزنى جۇغلاپ خىزمەت قىلىشقا، مەڭگۈ خەلقنىڭ ئاددىي چاكىرى، قەلبىدىشى بولۇپ خەلق بىلەن، كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىلەن جاپادا بىللە بولۇش، ئىگىلىك يارىتىش داۋامىدا خوجايىنلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇ يىل بىزنىڭ ئەڭ جاپالىق شارائىتتا، قىيىنچىلىقلارنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن يېڭىدىغان، خىزمەتتە، تۇرمۇشتا ئىقتىسادچانلىق ئەنئەنىسىنى ھەرقانداق يىللاردىكىدىن ئارتۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىر تونىنا سۇ، بىر جىڭ ئاشلىق، بىر كىلوۋات توك، بىر تىيىن پۇلنىمۇ جەزمەن ئىقتىساد قىلىدىغان يىلىمىز، يولداشلار!...

گۈلدۈراس ئالقىش چاۋاكلىرى تاكى رەھبەر سۆزسۆن كۆزەينىكىنى سول قولىغا ئېلىپ، ئوڭ قولىدىكى رەتلىك قاتلانغان پاكىز قول ياغلىقىدا بەتەپسىل سۈرتۈپ، ئاندىن ئۇيان-بۇيېنىنى ئۆرۈپ قاراشتۇرۇپ، ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىگە قايتا تاقىۋالغۇچىلىك داۋاملاشتى. ھەممە قەلبلەر يېڭى بىر يىلنى ئەڭ زور پىداكارلىق بىلەن غورىگىل ۋە شىجائەتلىك ئۆتكۈزۈشكە بولغان قەتئىي ئىرادىنىڭ تۇغيانىدا بىر مەھەلگىچە داۋالغۇپ تۇردى.

يىغىن ئۆز كۈنتەرتىپى بويىچە يېڭى بىر سۆزلىگۈچىنى سەھنىگە چاقىردى. بۇ كۈنلەردە تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ئىناۋەتلىك رەھبەر كۆپچىلىك بىلەن مېھرىبان ئاتىلارچە خوشلاشتى-دە، كاتىپىنىڭ ھەمراھلىقىدا سىرتقا چىقىپ، تېخى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدىلا ئەسلىدىكى ئۈچيۈز يىگىرمە مىڭ يۈەنلىك مەخسۇس ماشىنىسىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ ئەكەلدۈرگەن تۆتيۈز سەكسەن مىڭ يۈەنلىك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، يەنە بىر يىغىن سورۇنىغا تېزلىكتە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەردە ئۇنى «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ دەسلەپكى جەڭ نەتىجىسى»نى نامايان قىلىدىغان مۇھىم يىغىنىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

---

(بېشى 87 - بەتتە)

ھالىتىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقىنىڭلاردا، ئۆزۈڭلارنىڭ، ھېچ بولمىغاندا ئاغىنە ۋە يار - بۇرادىرىڭلارنىڭ ئىچىملىك ئىچىپ مەست ھالدا چىقارغان چاتاقلىرىنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈپ باقتىڭلارمۇ؟! بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالايلى! ھەي تۇغقانلار، قېنى كىم ماڭا ھەمكارلىشىپ بۇ كىشىنى بۇ يەردىن باشقا خالىيراق جايغا يۆتكىشىپ بېرىدۇ. بەلكىم ئۇ شۇ يەردە سەگىپ ئويغىنىپ قالار!- دەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى.

- ئۇنىڭغا ھاراقكەشلىك زاكىسىدىن يۇققان، ئۆگىنىپ قالغان ئادىتىنى ھەرگىز تاشلىمايدۇ!- دېدى چەتتىن بىرى چالۋاقاپ.

شۇ ئارىدا ياشقىنا بىر يىگىت، قول ھارۋىسىنى سۆرەپ كېلىپ ئۇنى يۆلەۋاتقان يىگىتكە يانداشتى. ئەتراپىدىكىلەر تارقاشتى. بىز ئۇ يەردىن قوزغىلىشقا تەمشەلگەن ئىدۇق، ھېلىقى مەست:

-مېنى قوزغىماڭلار! مەن مەست... مەست ئەمەس، بىر دەم ئۇخلىۋالاي... ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى... - دەپ غۇدۇڭشىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەنۋەر ئابلەت (شەيدائى)

# كۆڭۈل چەشمىلىرى

## بارمۇ

يېلىنجار قارىچۇقىڭ چوغدەك ۋىسالىنىڭ ئەختىرى بارمۇ،
نىگاھىڭ ئەۋجىدە ئىشقى-مۇھەببەت زەنجىرى بارمۇ؟
بېقىپ بىر دىلغا ئوت سالدىڭ قويۇپ ئەقلىمنى ھەيرەتتە،
قاقار پەرھېسلىرىڭ ۋەسلى، باھارنىڭ كەپتىرى بارمۇ؟
بۇلاقتەك ئوخچىغان كۆلكەڭ سامانى لەرزىگە سالغاي،
شۇ كۆلكەڭ تەكتىدە سۆيگۈ-ۋاپانىڭ پەنجىرى بارمۇ؟
تۆكەر نۇر گۈل يۈزۈڭ چوغلۇق مىسالى دىل بېغىم ئىچرە،
ساداقەت ئوتىدا كۆيگەن كۆڭۈلنىڭ كەۋسىرى بارمۇ؟
ھايات ئادەملىكىم بۇ دەم كېتىپتۇ ئايلىنىپ چۇشكە،
كى ۋەسلىڭ سېھرىدە پىنھان پىراقىنىڭ خەنجىرى بارمۇ؟

## سەن ئۈچۈن

ئى پەرى مەن قانچە رەت كەچتىم جاھاندىن سەن ئۈچۈن،
نە جاھاندۇركى، ماڭا ئەزىز بۇ جاندىن سەن ئۈچۈن.
ئەيلىگەچ باغرىمنى خۇن ئىشقى-پىراقىڭ ھەر نەپەس،
سارغىيىپ بولدى بەتەر رەڭگىم ساماندىن سەن ئۈچۈن.
تەلمۈرۈپ شامۇ-سەھەر ۋەسلىڭ ئۈچۈن قان-ياش تۆكۈپ،
بولمىدىم ئەسلا جۇدا ھەسرەت-پىغاندىن سەن ئۈچۈن.
ئاھ، نىتەي دىل باغلىرىم بولدى خازان ئىزدەپ ۋىسال،
يەتمىدىم ۋەسلىڭگە ھېچ، ئاشتىم داۋاندىن سەن ئۈچۈن.
كۆيدۈرۈپ سۆيدۈرمىسەڭ بۇ جان بولار تەندىن جۇدا،
رەھمى قىل، شەيدائى دىل بەردى ئىماندىن سەن ئۈچۈن.

## دىلبەر

مېنىڭ دەردىمنى كىم ئاڭلار سېنىڭدىن باشقا، ئى دىلبەر،
كى ئىشقىڭ تۇرسا شاھىد بوپ تۆكۈلگەن ياشقا، ئى دىلبەر.
كۆڭۈل خانەمگە نۇر تۆكتۈڭ قاچانكى بىر نىگاھ تاشلاپ،
بىھوشمەن، تەنلىرىم سەزگۈ-مادارىدىن باشقا، ئى دىلبەر.
بېقىپ ۋەسلىڭگە ئارماندا تالاي يىل ئۆتتى قان يىغلاپ،
ئۈمىدلەر سېھرىدە سۆيگۈم كۆنۈپ ئالداشقا، ئى دىلبەر.
ئەجەبمۇ كەلمىدى رەھمىڭ، ئوتۇڭدا بولدى كۆل باغرىم،
ۋە يا ئايلاندىمۇ ئاتەش يۈرەكىڭ تاشقا، ئى دىلبەر.
يۈتۈپ خۇن ئۆشبۇ دۇنيادىن.ۋىسالسىز كەتمىسۇن ئەنۋەر،
ۋىسالىڭ شامىنى ياندۇر ئەبەد دىلداشقا، ئى دىلبەر.

## كەچۈر مېنى ھەمدە ئۆزۈڭنى

نىچۈن ئەمدى سۆيمەكچى بولدۇڭ،
لەۋدە سەزگۈ يوقالغان چېغى.
ھەسرەت ئىچىدە خازان بولغاندا،
سەن كۆكلەتكەن سۆيگۈنىڭ بېغى.

نىچۈن ئەمدى سۆيمەكچى بولدۇڭ،
قاپلىغاندا دىلنى جاراھەت.
سۆيگۈم بۇندا چۈشكە ئايلىنىپ،
ئورنىغاندا ئازابلىق راھەت.

نىچۈن ئەمدى سۆيمەكچى بولدۇڭ،
كۆزلىرىڭگە ئېلىپ ئىسسىق ياش.
تۇز تېمىتىپ زىدە يۈرەككە،
كۆكرىكىمگە قويۇپ قايتا باش.

نىچۈن ئەمدى سۆيمەكچى بولدۇڭ،
ئەسكە سېلىپ تېرەكلىك يولنى.
كۈز كەلگەندە ئاشۇ بېغىڭدىن،
سۇرگۈن بولغان غېرىب بۇلبۇلنى.

نىچۈن ئەمدى سۆيمەكچى بولدۇڭ؟
كەچۈر مېنى، ئۆزۈڭنى ھەمدە.
ئۇنتالمايمەن، سۆيەلمەيمەن ھېچ
ياشاپ ئۆتەي تاتلىق ئالەمدە. . .

## ئاھ، يانۋارنىڭ ئايسىز كېچىسى

ئاھ، يانۋارنىڭ ئايسىز كېچىسى،
توزىماقتا كۆكتىن ئاق توزان.
دەريا ئۇخلار تاقاپ كۆزەينەك،
پىچىرلاشماس قەدىمكى ئورمان.

كەڭ دالانىڭ بۇزۇپ چۈشىنى،
سەن كېلىسەن چىغىر يول بويلاپ.
تولغىنىمەن چۆچۈپ خىيالدىن،
ئېھ، گۈزەلىم شۇلارنى ئويلاپ.

uyghurkitap.com


بىز تونۇشقان شۇ ئاي، شۇ كۈندە،
قار كېچىشىپ، سەيلە قىلىشىپ.
بىھوشقىنە سۆيۈشكەندۇق،
قالغان كەبى مەيگە چىلىشىپ.

ئاھ، يانۋارنىڭ ئايسىز كېچىسى،
بولۇپ قالدىڭ تەنها ئەسلىمەم.
سەنلا گۇۋاھ كەچمىشلىرىمگە،
قىسمەتلىرىم، سىرلىرىمغا ھەم.

توزىماقتا ئۇيقۇم قار بولۇپ،
ئازاب، ھىجران كۆكىدە بىر-بىر.
كۆڭلۈم قاناس تاتلىق يىغىغا،
بولغاچ تۇنجى سۆيگۈگە ئەسىر.

**ئەركىن مۇساق**

## شادلىقتىن يۇلتۇزمۇ قىسار كۆزىنى

قارىغا، كۆك ئۈزرە قىلىشار پەرۋاز
شوخ قۇشلار ئويغىنىپ باغلار بىلەن تەڭ.
ئېتىزدا ياڭرايتتى دېھقانمۇ ناخشا،
قىزىتىپ ئەمگەكنى، تۇرۇپ پۇشقاق-يەڭ.

بېزەلدى يايلاقلار چىمەنلەر بىلەن،
خوش پۇراق چاچماقتا كاككۇك گۈللىرى.
تىترىتىپ يۈرەكنى باغۇ-بوستاندىن،
ئاڭلىنار بۇلبۇلنىڭ خوشال كۈيلىرى.

دېھقاننى قۇتلۇقلاپ كۈلكىسى بىلەن
ئاسمان دېڭىزىدا ئۈزەر تولۇنئاي.
شادلىقتىن يۇلتۇزمۇ قىسار كۆزىنى
ئانا يۇرت نېمانچە گۈزەل خوش چىراي؟

**ئۆمەر مەتنۇرى**

## بوۋاي سۈرىتى

ھاسىسىدا ئوخلايدۇ قوياش،
ھارغىنلىقتىن تاتارغان يۈزى.
چانىقىدا ئويۇپ قالغان ياش،
زەئىپلىكتىن قىسىلغان كۆزى.

تىللىرىدا چاينىلار ئاھاڭ،
گەپ قىلىشى قىيىن بىر ئىشتەك.
قۇلىقىدا تۇرمايدۇ پاراڭ،
ئۆتتۈپ كەتكەن گويا بىر چۈشتەك.

يوللىرىدا يايىسىمان سايە،
كونا مەستتەك يورۇيدۇ لەيلەپ.
پۇتلىرىغا سالغاندەك چۇشەك،
يۈرۈشلىرى شۇنچىلىك بىئەپ.

ھەرىكەتلىرى بولسىمۇ بەك سۇس،
قىلىقلىرى سەبىي، ئۈز، ئوماق.
قاراپ باقساڭ زەن سېلىپ ئاڭا،
ئۇ تۇغۇلغان يېڭى بىر بوۋاق.

ئابلەت تۇرسۇن

# ئۈچ غەزەل

1

كۆزۈڭ چولپان ئەمەس ئەسلى قۇياشنىڭ جىسمىدىن پارچە،
يۈزۈڭ شەلپەرسىمان ھەرۋاق، گويا گۈل چېھرىدىن پارچە.
قەلب بەھرىڭ ئارا غەۋۋاس سۈزۈپ يۈرگەي جاۋاھىر-دۇر،
ئاڭا دولقۇنلىرىڭ سۆيگۈ ئىلاھى مېھرىدىن پارچە.
نازاكەت بالقىتار بۇدەم ئۇياتچان نۇر سىمايىڭدىن،
بۇدۇر ئۆمرۈڭ تومىنىڭ چىن مۇھەببەت قىسمىدىن پارچە.
لېۋىڭ گۈلقەندىگە مەپتۇن قىزىل گۈل شاخىدا بىر قۇش،
سېنى ئىزدەيدۇ دىلبەرلەر قاتارى ئىسمىدىن پارچە.
مۇھەببەت ھەم قەدىر سۇندى ھايات رەناسى ياشلىققا،
گۈزەللىك ھەم، ئۇلۇغلۇق ھەم بۇ ئالەم نىسبىدىن پارچە.

2

ئۆزىدى يىللار ئەجەب ھۆسنىڭگە دىلبەر تەلپۈنۈپ،
ھەم روكۇدا تۇردى ئاسمان، تۇردى ھەم يەر تەلپۈنۈپ.
بۇلبۇلۇم قىلدى خىيال كۆڭۈل شېخىڭغا قونغىلى،
دەر بەدەرلىكتە بۇدەم تېز قاقتى ھەم پەر تەلپۈنۈپ.
تەلپۈنۈش گىردابى غىلىڭ ساي چەشمە ئىزدەپ ئايلىنىپ،
چۈش كۆرەر گۈلباغ بولۇپ، باھار كېلۇر، دەر تەلپۈنۈپ.
ئىزدىسە چىققاي نىشانىم قەدرى خەسلەر يېنىدىن،
ئاھ، ئىشىق سەۋداسى چۈشكەچ، قوينۇمدا گۆھەر، تەلپۈنۈپ.
تەلپۈنۈپ ئۆتكەن ئۆمۈر تاتلىق، ئازاب تىرەن ئەجەب،
يا يېتەلمەي، يا كېچەلمەي ھەم بىقارار تەلپۈنۈپ.
شۇڭا، ئابلەت ئۆزىگە ئىزدەشنى قىلدى ئىختىيار،
بولمىسا ئۆمرى بىمەنە، شامۇ سەھەر تەلپۈنۈپ.

3

سېنى ھىجران تۈنى ئارا كۆرەرمەن گاھى-گاھ دىلبەر،
بۇ تۈنلەر بى رەھىم، زۇلمەت كۆرۈنسىمۇ سىياھ دىلبەر.
خازان بولغان يۈرەك ئىزدەر بويۇڭنى دەر-بەدەرلىكتە،
ھايات پاتقاقلىرى ئىچرە تۇرارسەن، بەندە چاھ، دىلبەر.
مەگەر بىر لەھزە باققاندا نىگاھ يەتمەس ۋىسالىڭغا،
باياۋان مەنزىلى ئايان كۆرۈنمەس سۇ، گىياھ، دىلبەر.

www.uyghurkitap.com

لېكىن پىنھانە بولدۇمۇ سىنىڭدەك، خەيرىخاھ، دىلبەر.
ئىزىڭ قالغانكى تاش، تۇپراق تاۋاپگاھىم-نىشانەمدۇر،
بولۇپ ئۆچساڭ ئەگەر كەپتەر قونارىڭ سەجدىگاھ، دىلبەر.
ئەجەب دەھشەتمۇ نەرەڭ يوق (سالالماس چاقمىقىڭ دەھشەت)
سۈكۈت سىزساڭ ئازاب بولغاي، ئاڭا يەتمەس نىگاھ دىلبەر.
مېنىڭ روھى-تېنىم تۇندىن سوراق قىلماس بۆلەك ئەمدى،
مۇنەۋۋەر ئەيلىدى كۆڭلۈڭ ماڭا خاس بىرلا ماھ دىلبەر.

**مۇختار ئابدۇراخمان**

# ئىككى شېئىر

## تۆتىنچى كوچا

گۈگۈم ئىچىدە پارلايدۇ قۇياش،
تاغ كەينىدىن مارىلاپ ئۇزاق.
كۆز قىسىدۇ ماڭا ناگىھان،
خىيال ئىچىدە نۇرلىنىپ ئىراق.

بىر كوچا بار قۇياش كەينىدە
ھېچكىم ئاڭا باسمىغان قەدەم.

تىنىقلاردىن تارالغان سۆيگۈ
ھەم ئۇ يەردىن ئاشمىغان داۋان.

بۇ كوچىدۇر غەيرىي بىر كوچا
ئەمەس ھىجران، ۋىساللىق قەسىر.
مەن ماڭىمەن شۇ كوچا بىلەن
ھەتتا ئۇندا قانچىلاپ ئەسىر...

## چوپان بالا

گۈگۈم ئىچىدە يوقالغان ئۆتمۈش
جاراھەتتىن گۈل تۇتتى ماڭا.
خىيال بىلەن قاپلانغان ئاۋۇل
ئۈنسىز باقار تەلمۈرۈپ مانا.

نەي چالغانچە كېلىدۇ چوپان
ئاپئاق يۇلتۇز توپىنى ھەيدەپ.
زېمىن ئۈزرە چاقنىغان تۇمان
گۈل ئۈستىدە قالىدۇ لەيلەپ.

شۇ سىياقتا ماڭار ئۇزاققا
ھىجرانلارنىڭ بولۇپ ئەسىرى.
نۇر ئىچىدە چۇلغانغان بەدەن
قۇرار نۇرلۇق سۆيگۈ قەسىرى.

تەنھا چوپان ماڭار ئەسىرلەر
ئۇيۇقتىكى ئايغا تەلمۈرۈپ.
خىيال ئارا باھار چەشمىسى
بېھىش ئىچرە ئاققانىنى كۆرۈپ...

مەھەممەتتۇرسۇن ئېلى

# يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان «تارىم» دا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئوبزورلارنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى

ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ 1951 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان 30 نەچچە يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسى ھەققىدە ئوبزورچىلىرىمىزدىن ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ۋە ئابدۇللا مەتقۇربانلار «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەرەققىياتى» ناملىق ماقالىسىدە ئەتراپلىق توختىلىپ، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئىلمىي ئاساستا باھالاپ ئۆتكەنىدى. مەن بۇ ماقالەمدە 1985 ـ يىلدىن 1994ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئوبزورلارنى ئاساس قىلىپ، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ يېقىنقى ئون يىلدىكى ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**بىرىنچى، كونكرېت ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئوبزورلار چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىككە قاراپ يۈزلەندى.**

پروزا ئەسەرلىرى ھەققىدىكى ئوبزورچىلىقتا بايان خاراكتېرلىك ئوبزورلارنىڭ ئورنىنى مۇھاكىمە ـ مۇلاھىزە خاراكتېرلىك ئوبزورلار ئېلىشقا، ئوبراز ۋە تىپ، باھالاش، خاراكتېر تەھلىلى ۋە پسىخىكا تەھلىلىگە ئورۇن بېرىشكە باشلىدى.

بۇ ئون يىلدىن بۇيان ئوبزورچىلىرىمىز ئىلگىرىكىدەك ئاساسىي كۈچىنى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىدىيىنى تېپىپ چىقىشقا سەرپ قىلىش ياكى ئەسەر ۋەقەلىكىنى قايتا بايان قىلىش، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ياكى قىسقىچە تەرجىمىھالىنى يېزىپ قويۇش ياكى بولمىسا ئەسەردىكى ئوبرازلارنى ئىجابىي، سەلبىي دەپ ئىككىگە ئايرىپ، ئىجابىيلىرىنى ماختاپ، سەلبىيلىرىنى تىللاپ قويۇش، ئەسەردىكى قايسى پېرسوناژنىڭ تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ خاسلىقىنىڭ قايسى، ئورتاقلىقىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان خاھىشلارنى بارا ـ بارا ئازايتىپ، بۇنداق قىلىشنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشنىڭ بىردىنبىر يولى ئەمەسلىكىنى، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ بەدىئىي زوق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ھېچقانچە پايدىسى يوقلۇقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن بىر تۈركۈم ئوبزورچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ دىققەت نەزەرىنى ئەسەرلەرنى ئىدىيىۋىلىك ياكى بەدىئىيلىك نۇقتىسىدىن چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلىشقا، ئەسەر پېرسوناژلىرىنى خاراكتېر ۋە پسىخىكا جەھەتتىن ئىچكىرىلەپ، چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىشقا قارىتىشقا باشلىدى. مۇھەممەت پولاتنىڭ «سەنئەت كۈچى بىلەن جانلاندۇرۇلغان خاراكتېرلار چىنلىقى»، «يېڭى دەۋر ھاياتىنىڭ

40 يىللىقتا سوۋغا 1955 1995

يېڭى بەدىئىي سۈرىتى»؛ سىدىقھاجى روزىنىڭ «نۆۋەتتىكى پوۋېست ئىجادىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»؛ ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟»، «ھەۋزىخان خاراكتېرى ھەقىقىي رېئالىزملىق روھنىڭ مەھسۇلى»، ئازاد سۇلتاننىڭ «ئۇيغۇر پروزىسىدىكى تراگېدىيە ئېڭى توغرىسىدا»، «يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ پروزا ئىجادىيىتى ھەققىدە»؛ ئابدۇللا مەنقۇرباننىڭ «‹قۇم باسقان دېڭىز› پوۋېستى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «نىجات تراگېدىيىسىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا»؛ خېلىچەم رېشىتنىڭ «ئوربىتادىكى سەييارىلەر پاجىئەسى ۋە مەنىۋى نامراتلىق»، «قۇملۇقنىڭ چۈشى ۋە ئىنسان تەبىئىتى»؛ يالقۇن روزىنىڭ «‹بۆرۈت ماجىراسى› نىڭ قىممىتى»؛ كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ «كۈلكىلىك تراگېدىيە»؛ قاسىم سىدىقنىڭ «ئاچچىق - چۈچۈك پاراڭلار»؛ مامبەت تۇردۇنىڭ «روزا بۇزۇلمايدۇ»؛ ئەكبەر قادىرنىڭ «‹ئاقساق بۇغا› ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «قەدىرلىنىدىغىنى خاسلىقتا ئىگە خاراكتېرلار»؛ ئابدۇقادىر سادىرنىڭ «‹تۆت قولاق› ھەققىدە تۆت ئېغىز پاراڭ»؛ ئىبراھىم ئىزاقىنىڭ «ئارماننىڭ ئارمىنى ئىزگۇ ئارمان» قاتارلىق ئوبزور، ماقالىلىرى يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. بۇ ماقالىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئەسەر مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن بولسا، بەزىلىرىدە ئەسەردىكى ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى، روھىي دۇنياسى، پسىخىكىسى ھەققىدە ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، يازغۇچىنىڭ خاراكتېر يارىتىش جەھەتتىكى ئىزلىنىشلىرىگە، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى، قەلب چوڭقۇرلۇقىنى قېزىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىغا ۋە بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىغا يۇقىرى باھا بېرىلگەن، يەنە بەزىلىرىدە بولسا، ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ پاجىئەسى ۋە تراگېدىيىسىگە سەۋەب بولغان ئىجتىمائىي مەنبە مىللىي ئاڭ، مىللىي پسىخىكا نوقتىسىدىن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. يەنە بىر قىسمىلىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە خاھىش سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنغان.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوبزورچىلىرىمىز پروزا ئىجادىيىتى خاراكتېر يارىتىش سەنئىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىلگىرىلەپ تونۇپ يېتىپ، پروزا ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەسەردىكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىككە، كۆپ ياقلىمىلىققا ئىگە قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىنى، پسىخىكىسى چوڭقۇرلۇق ھەم كەڭلىككە ئىگە قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ باھالايدىغان بىر تۈركۈم ئوبزورلارنى يازدى. رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىچكى دۇنياسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئىكەن پروزا ئەسەرلىرىدە مانا شۇ مۇرەككەپلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز ياراتقان جامال («زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە»)، ئابلەت («بىسى يانغان شەمشەر») قاتارلىق پېرسوناژلار ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار ئىدى. بۇنداق پېرسوناژلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىشنىڭ ئىلگىرىكى ئۆلچەملىك قېلىپلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ ھال بەزى ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرىنى چۆچۈتۈپ قويدى. نەتىجىدە بۇ نەزەرىيىچىلىرىمىز ئۇلارنى سەلبىي ھەم ئىجابىي نۇقتىدىن باھالاپ، «ئىجابىي نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ سەلبىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەھرىمانلار» دەپ، ئۇلارنى ياراتقان يازغۇچىلارنىمۇ قوشۇپ ئەيىبلەپ، ئوبراز يارىتىشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن قېلىپلىرىنى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزگە تېڭىشقا ئۇرۇندى. دەل مۇشۇنداق شارائىتتا ئوبزورچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟» ناملىق ماقالىسىنى ۋە كېيىنرەك «ھەۋزىخان خاراكتېرى ھەقىقىي رېئالىزملىق روھنىڭ مەھسۇلى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئادەملەرنىڭ

خاراكتېرى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ، خاراكتېرلارنى بىر خىللاشتۇرۇش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. خاراكتېرلارنى مۇئەييەن قېلىپقا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇش، ئەمەلىيەتتە، ئىنساننىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ۋە تاللاش خاراكتېرىنى ئىنكار قىلغانلىق، شۇئلاشقا تۇرمۇش چىنلىقىغا، سەنئەت قانۇنىيىتىگە، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنى ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ نەزەرىدىكى قاتمال قېلىپقا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە تەسۋىرلىمەيدۇ. ئۇلارغا تىرىك، جانلىق، ھېسسىياتچان ئادەملەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز خاراكتېرى، روھىي مەنتىقىسى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش مۇمكىنلىكىگە ئىگە قىلىدۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ خاراكتېرى قوش ئېھتىماللىقتىن، تاسادىپىيلىقتىن، مۇرەككەپلىكتىن، خاسلىقتىن، زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلاردىن خالىي بولالمايدۇ دەپ يېزىپ، ئىنسان خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىك ۋە زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى ئېچىپ بېرىشنىڭ رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە جامال، ئابلەت ۋە ھەۋزىخان قاتارلىق ئوبرازلارنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىغا، جۈملىدىن ئادەملەرنىڭ خاراكتېر چىنلىقىغا سادىق ھالدا يارىتىلغان ئوبرازلار ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئازاد سۇلتانمۇ ئۆزىنىڭ تۆمۈر خەلىپە خاراكتېرى ھەققىدىكى تەھلىلىدە ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى دۈشمەنگە نەپرەت بىلەن كەڭ قورساقلىق، رەھىمسىزلىك بىلەن ئەپۇچانلىق، جەڭگىۋارلىق بىلەن پاسسىپلىق، كۆرەشچانلىق بىلەن ئىلاھىي تەقدىرچىلىكتىن ئىبارەت قوش قاتلاملىق ۋە مۇرەككەپلىكنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، «شەك - شۈبھىسىزكى، خاراكتېر مۇرەككەپلىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئەدەبىياتتىكى بىر چوڭ يۈكسىلىش» دەپ يازدى. مامبەت تۇردۇ بولسا، «روزا بۇزۇلمايدۇ» ناملىق ماقالىسىدە «مېنىڭچە، ئەمدى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىجابىي، سەلبىي ئوبرازلارنىڭ بالدۇرقى قۇرۇلمىسى، فورمۇلىسى بۇزۇۋېتىلدى، بۇنى بۇزۇۋەتكەن نەزەرىيىچىلەر ئەمەس، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى بولدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى جانسىز مودېللار جانلىق، مۇرەككەپ ئادەملەرگە ئورۇن بوشاتتى. بۇ، بىلگەن ئادەم ئۈچۈن بىر مىللەت ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي بۇرۇلۇش»، «ئەختەم ئۆمەرنىڭ پېرسوناژلىرى شىنجاڭدا ئادەتتە ئايلانغان پېرسوناژلار كاتېگورىيىسى ۋە قاتلىمىغا بىر يېڭىلىق ئېلىپ كىردى» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئابدۇللا مەنقۇربانمۇ «〈قۇم باسقان دېڭىز〉 پوۋېستى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» ناملىق ماقالىسىدە ئەلى ئوبرازىنىڭ كۆپ مەنىلىك، كۆپ تەرەپلىمىلىك ۋە كۆپ قاتلاملىق خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا ئەلى ھەم گۈلجەننەتنىڭ روھىي دۇنياسى، خاراكتېرى ھەققىدە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزدى. ئەكبەر قادىر «〈ئاقساق بۆغا〉 ئۈستىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە پوۋېستتا يازغۇچىنىڭ ئىشقىيار ۋۇجۇدىدىكى زامانىۋى ئاڭ بىلەن مىللىي ئەنئەنىۋى پسىخىكا ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى يېزىپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى مىللىي ئەنئەنىۋى پسىخىكا چوڭقۇرلۇقى ۋە زامانىۋى ئاڭ يۈكسەكلىكىگە ئىگە قىلغانلىقىنى يۇقىرى باھالىدى. يالقۇن روزىمۇ «گۈلئايىم ھەققىدە ئېيتىلغان قوپال ناخشا» ناملىق ئوبزورىدا «ئىنسان خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە تۇراقسىزلىقىنى ئىپادىلەش يازغۇچىغا قويۇلىدىغان ئەڭ قاتتىق تەلەپ» دەپ يېزىپ، يازغۇچىنىڭ گۈلئايىم خاراكتېرىدىكى ۋە مەنىۋى دۇنياسىدىكى مۇرەككەپلىكنى ھەم توقۇنۇشلارنى يازمىغانلىقى رومانىنىڭ ئۇتۇقسىز چىقىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى، دەپ قارىدى.

شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقىدا شېئىرلارنىڭ بەدىئىي قىممىتىگە باھا بېرىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


چوڭقۇر مۇھاكىمە ۋە تەھلىل يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس چوڭقۇرلۇق ھەم كەڭلىك ياراتقان ماقالىلەردىن مۇختەر مەخسۇتنىڭ «ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا»، «يېڭىچە شېئىرلار ھەققىدە ئىككى ئېغىز پاراڭ»؛ مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى باھارى»؛ ئەخمەتجان قۇربانىنىڭ «شېئىرىي مۆھىت، شېئىرىي كەڭلىك ۋە شېئىرىي تىل ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»؛ سىدىقھاجى روزىنىڭ «شېئىرىي ئىجادىيىتىمىز ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ ماقالىلەردە ئىككى ئورتاقلىق بار. بىرى، ئۇلار شېئىرىي مەزمۇننى نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىش خاھىشىغا يول قويمىغان. يەنە بىرى، ئۆز ئوبيېكتلىرىنى شېئىرىيەت ئېستېتىكى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ كۆزىتەلىگەن. مەسىلەن، مۇختەر مەخسۇت «يېڭىچە شېئىرلار ھەققىدە ئىككى ئېغىز پاراڭ» ناملىق ماقالىسىدە يېڭىچە شېئىرلاردىكى شېئىرىي كەيپىياتنى گۈڭگا بېرىش، كىتابخانلارغا شېئىرىي بوشلۇق قالدۇرۇش، شېئىرىي مۇنتاز ئۇسۇلىنى قوللىنىش قاتارلىق ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، «ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرىدىكى بوشلۇق قالدۇرۇش ئۇسۇلى، ھېسسىي ئوبرازلار بىرىكمىسى ۋە سەكرەتمەچانلىق، لىرو - ئېپىكلىك ۋە ھەرىكەتچانلىق، شەكىل ئۆزگىرىشى قاتارلىق تۆت چوڭ ئالاھىدىلىكنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئېستېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى (مەزمۇن، شەكىل ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتلەردىكى) ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. مۇھەممەتجان سادىق «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى باھارى» ناملىق ماقالىسىدە يېڭى شېئىرلارنىڭ شېئىرنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزلىرىدە تولۇق گەۋدىلەندۇرگەندىن سىرت يەنە، تۇرمۇشنى پارچىلاپ ئۈزۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش، تەسۋىرلىنىدىغان ئوبيېكتىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى قورقماي ئۆزگەرتىش، لىروس بوشلۇقى ئۇسۇلى، شېئىرىي كەيپىياتتىكى گۈڭگالىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ئەخمەتجان قۇربانمۇ شېئىرىي مۆھىت، شېئىرىي كەڭلىك قاتارلىق ئېستېتىك كاتېگورىيىلەرنى شېئىرلارنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى باھالاشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى قىلىپ تۇرۇپ، مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە بىر قىسىم شېئىرلار ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن. سىدىقھاجى روزى «شېئىرىي ئىجادىيىتىمىز ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم» ناملىق ماقالىسىدە شېئىرلاردا ھېس - تۇيغۇنى شېئىرىي ئوبرازغا ئايلاندۇرالماسلىق، تاشقى دۇنيانى پەقەت سۈرەتلەش ئوبيېكتى قىلىۋېلىش، ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى كونكرېت ئادەمنى شېئىرلاردا ئابستراكت ئۇقۇم ئىچىدە غايىب قىلىۋېتىش، ناتۇرالىزم بىلەن رېئالىزمنىڭ پەرقىنى ئايرىيالماي، ماددىي ئوبيېكتنى ئەينەن كۆچۈرۈپ قويۇش قاتارلىق خاھىشلار ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان.

**ئىككىنچى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ خىللاشتى**

بىز يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئوبزورچىلىرىمىزنىڭ ئەسەر باھالاشنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىدىيىۋىلىكتىن ئىبارەت تار رامكىسىدىن قۇتۇلۇپ، تەنقىد ئۇسۇلىنى كېڭەيتىپ، ئەسەرلەرنى ھەر خىل نۇقتىلاردىن تەھلىل قىلىپ، كۆپ خىل ئۇسۇل بويىچە باھالاشقا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇنىڭ ئاساسلىقلىرى:

**(1) ئېستېتىكىلىق تەنقىد ئۇسۇلى**

بۇ ئۇسۇلدا ئەدەبىي ئەسەرلەر سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئومۇمىي ئېستېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرى ۋە ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيىلەر نۇقتىسىدىن كۆزىتىلىپ ۋە تەھلىل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئېستېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ، ئېستېتىك قىممىتى باھالىنىدۇ. ئازاد سۇلتاننىڭ «ئۇيغۇر پروزىسىدىكى تراگېدىيە ئېڭى توغرىسىدا»، «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە»؛ ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟»، «ھەۋزىخان خاراكتېرى ھەققىي رېئاللىزملىق روھنىڭ مەھسۇلى»؛ مۇختەر مەخسۇتنىڭ «ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا»؛ ئەخمەتجان قۇرباننىڭ «شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي كەڭلىك ۋە شېئىرىي تىل توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم» قاتارلىق ماقالىلىرى دەل ئېستېتىكىلىق تەنقىد ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغان. ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرى ھەققىدە ئىلگىرى كۆپلىگەن ماقالىلەر يېزىلغان. بىراق ئۇلار ئەسەر باھالاشنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغاچقا، ھەممىسى بىر قېلىپتىن چىققاندەكلا ئىدى. ئەمما ئازاد سۇلتان، ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىنى رىتىم گۈزەللىكى، يۈكسەكلىك گۈزەللىكى نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتى تەتقىقاتىدا يېڭىلىق ياراتتى. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر پروزىسىدىكى تراگېدىيە ئېڭى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىن «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىغىچە بولغان بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى تراگېدىيىدىن ئىبارەت ئېستېتىك كاتېگورىيە نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، تراگېدىيىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تراگېدىيىلىك باش قەھرىمان قاتارلىق جەھەتلەردىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ تراگېدىيىلىك ئېستېتىك قىممىتىگە باھا بەردى. مۇختەر مەخسۇت، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەخمەتجان قۇربانلار ئۆز ئوبيېكتلىرىنى گوڭگا گۈزەللىك، شەكىل ئۆزگىرىشى، شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي كەڭلىك، خاراكتېر مۇرەككەپلىكى قاتارلىق خاس ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيىلەر نۇقتىسىدىن باھالىدى.

(2) پىسخولوگىيىلىك تەھلىل ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇلدا يېزىلغان ئوبزورلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ھېسسىيات ئىپادىلەش، ھېسسىياتقا تويۇنۇش دەرىجىسى، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قېزىش دەرىجىسى ئارقىلىق باھالايدۇ. بۇ جەھەتتە گەۋدىلىك بولغىنى ئابدۇللا مەتقۇرباننىڭ «‹قۇم باستان دېگىز› پوۋېستى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»؛ ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ «ھېكايىدىكى ھېسسىيات»؛ ئابدۇقادىر سادىرنىڭ «‹تۆت قولاق› ھېكايىسى ھەققىدە تۆت ئېغىز پاراڭ» قاتارلىق ماقالىلىرىدىن ئىبارەت. ئابدۇللا مەتقۇربان «قۇم باستان دېگىز» پوۋېستىنى «مېنىڭچە، بۇ ئەسەر ھازىرقى جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ياكى كىتابخانلارنى ئالاھىدە كەسكىن، قىزىقارلىق ۋەقەلەر ئارقىلىق جەلپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، مۇھىمى، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ئېچىش، خاراكتېرلارنى بېيىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقى ۋە ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقى بىر قەدەر تولۇق قېزىلغانلىقى بىلەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ يازىدۇ، ئەسەر پېرسوناژلىرىنى پسىخىكا، خاراكتېر، ھېسسىيات جەھەتلەردىن تەھلىل قىلىدۇ. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم «ھېكايىدىكى ھېسسىيات» ناملىق ماقالىسىدە «بەش تۈپ سەگۈ تېرەك» ھېكايىسىدە يازغۇچىنىڭ ھېكايىگە سىڭدۈرگەن قايناق ھېسسىياتى بىلەن ئەسەر پېرسوناژىنىڭ چىگىش، زىددىيەتلىك روھىي دۇنياسى، چوڭقۇر ھېسسىيات ئۆزگىرىشلىرى قوشۇلۇپ ھېكايىنى ھېسسىيات چىنلىقى ۋە ھېسسىيات تېپىكلىكىگە ئىگە قىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئابدۇقادىر سادىرمۇ «تۆت قولاق» ھېكايىسىدە يازغۇچىنىڭ پۈتۈن زېھنىي

www.uyghurkitap.com

كۆچىنى ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى ئەڭ نازۇك تەرەپلەرنى چوڭقۇر قېزىش ۋە ئەتراپلىق، ئەينەن يورۇتۇپ بېرىشكە قارىتىپ، كىتابخانلارنى پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا باشلاپ كىرەلىگەنلىكىنى، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ (بولۇپمۇ جۇۋاننىڭ) ھېسسىيات ئۆزگىرىشلىرىنى، پسىخىك كەچۈرمىشلىرىنى ئىنچىكە، تەپسىلىي سۈرەتلەپ بەرگەنلىكىنى ھېكايىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەپ قارىغان ھەمدە جۇۋاننىڭ ھېسسىياتى ۋە پسىخىكىسى ھەققىدە مەخسۇس تەھلىل يۈرگۈزگەن.

### (3) ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەھلىلى

بۇ يەردە دېيىلگەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئىستېتىكىلىق - ئەخلاقىي قاراشلىرى، قانۇن-بەلگىلىملىرى، دىنىي ئېتىقادى، تىل ۋە سەنئىتى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر ئادەم مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشايدۇ. ئۇنىڭ پسىخىكىسى، مىجەز - خاراكتېرى، ھەرىكىتى، تەپەككۇرى، ئادەتلىرى قاتارلىقلار ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ يوشۇرۇن تەسىرىگە، تەربىيىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەھلىلى ئەسەردە ئىپادىلەنگەن، پېرسوناژلار خاراكتېرىدە چۆكمە ھاسىل قىلغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرى، مەدەنىيەت پسىخىك قاتلاملىرى ئۈستىدە تەھلىل - تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. خېلىچەم رېشىتنىڭ «ئوربېتا، دىكى سەييارىلەر پاجىئەسى ۋە مەنىۋى نامراتلىق»؛ ئابدۇللا مەتقۇربانىنىڭ «نىجات تىراگېدىيىسىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا»؛ ئەكبەر قادىرنىڭ «‹ئاقساق بۇغا› ئۈستىدە مۇلاھىزە» قاتارلىق ماقالىلىرىنى مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا يېزىلغان دېيىشكە بولىدۇ. خېلىچەم رېشىت «ئوربېتا، دىكى سەييارىلەر پاجىئەسى ۋە مەنىۋى نامراتلىق» ناملىق ماقالىسىدە ئاسىيە، سائادەت، پەرىزە ۋە ئىبادەتلەرنىڭ پاجىئەسىنى ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يېتىلدۈرگەن يوشۇرۇن مەدەنىيەت پسىخىكىسى پەيدا قىلغان دەپ قارىغان ھەم بۇ ھەقتە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. خېلىچەم رېشىت ئۆز ماقالىسىدە ئاسىيە ۋە باشقا ئاياللار ۋۇجۇدىدىكى ئەرلەرگە بېقىنىش، چوقۇنۇش پسىخىكىسى، ئەرلەرنىڭ خورلاشلىرى، زورلۇقلىرىغا سەۋرى - تاقەت قىلىش پسىخىكىسى، ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىش پسىخىكىسى، تاشلاندۇق ئاياللىقتىن، تۇل خوتۇنلۇقتىن قورقۇش پسىخىكىسى، چەكتىن ئاشقان ۋاپادارلىق، كەڭ قورساقلىق پسىخىكىسى قاتارلىقلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئەرلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقتا خۇدا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئاياللارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى، شەرقچە ئەخلاق قارىشى، تىپىك شەرقچە ئائىلىق تىلەك ۋە ئائىلىق مۇھەببەت ۋە ئەرلەر ھاكىممۇتلەقلىقى قاتارلىقلاردىن ئىزلىگەن. شۇڭلاشقا بۇ ماقالە ئۆزگىچە چوڭقۇرلۇق، كەڭلىك ۋە ئىجادىيلىققا ئىگە قىلىنغان. ئەدەبىي ئوبزورلارنىڭ ئىجادىيلىققا ئىگە قىلىنىشى جەھەتتە بۇ ماقالىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئابدۇللا مەتقۇربانمۇ «نىجات تىراگېدىيىسىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە ئەمەنجاندىكى قۇلچىلىق، بېقىندىلىق پسىخىكىسى، شۈكرى - قانائەت پسىخىكىسى، شەرتسىز بويسۇنۇش پسىخىكىسى ۋە ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبلەر، نىجاتنىڭ ئانىسى ۋۇجۇدىدىكى ئەرنىڭ سىزىقىدىن چىقماسلىق، ئەرگە مۇتلەق بېقىنىش پسىخىكىسى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى، پەرزەنتلەردىكى ئاتا سۆزىدىن چىقماسلىق، ئاتىغا بېقىنىش پسىخىكىسى ھەققىدە ئەتراپلىق توختىلىپ، نىجات تىراگېدىيىسىنىڭ

مەنبەسىنى شۇلاردىن ئىزلىگەن. ئەكبەر فادىرمۇ «‹ئاقساق بۆغا› ئۈستىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە ئىشقىيار ۋۇجۇدىدىكى تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش، تەبىئەتنى سۆيۈش، بۆرىگە تىۋىنىش پسىخىكىسى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن زامانىۋى ئاڭ ھەققىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن.

**ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئوبزورلارنىڭ تېما دائىرىسى كېڭەيدى، شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقىدا ئالاھىدە جانلىنىش بولدى**

بۇ ئون يىلدا كونكرېت ئەسەرلەر ئۈستىدە كونكرېت تەھلىل - مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن ئوبزورلاردىن باشقا يەنە يازغۇچى - شائىرلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىگە باھا بېرىلگەن ئوبزورلارمۇ كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. يېقىنقى تۆت - بەش يىل مابەينىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ل. مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، مۇھەممەتجان سادىق قاتارلىق يازغۇچى - شائىرلار ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى، ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ئوبزورلار يېزىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 1990 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ 30 يىلى»؛ ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئابدۇللا مەتقۇربانلارنىڭ «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەرەققىياتى»؛ مەخمۇت زەيدىنىڭ «‹تارىم› ۋە شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى» قاتارلىق ماقالىلىرى مەيدانغا كېلىپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئوخشاش بولمىغان باھا بېرىلدى. تۇرسۇن قۇرباننىڭ «ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر» ناملىق ماقالىسىدە ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئون يىللىق تەرەققىيات ئەھۋالىغا باھا بېرىلدى.

ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ بۇ ھەقتىمۇ بىر قىسىم ماقالە - ئوبزورلار يېزىلدى. تۇيۇق ۋە يۇمۇرلار ھەققىدىمۇ ئوبزورلار مەيدانغا كەلدى. ئەدەبىيات قاراشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنغان نەزەرىيىۋى ماقالىلەر يېزىلىپ، نۇرغۇن يېڭى مەسىلە، كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقى ئون يىللىق ئوبزورچىلىقتىكى ئەڭ قىزىق نۇقتا بولدى. يېڭى شېئىرىيەت (ئاتالمىش «گۇڭگا شېئىرلار») ھادىسىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقىغا غايەت زور جانلىنىش ھەم ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. يېڭى شېئىرىيەت ھادىسىسىگە مەنسۇپ بولغان بىر قىسىم شېئىرلار ھەققىدە ئەڭ دەسلەپ سەمەت ئابدۇراخمان «شېئىرىي گۈزەللىكتىن ئالغان تەسرات» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا باتۇر روزى «تۇتۇق شېئىرلار توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە قارىتا يېڭىچە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غۇلغۇلا قوزغىدى. بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا يالقۇن جۇمەنىڭ بىر قىسىم شائىر، ئوبزورچى - تەنقىدچىلار بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىسى بېسىلدى. يېڭى شېئىرلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى زۆرۈرىيەت، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كىتابخان سەۋىيىسى ۋە شائىر سەۋىيىسى، يېڭى شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئىزلىنىش ۋە غۇلغۇلا» ماقالىسى بۇ خاتىرە يېڭى شېئىرلار ھەققىدىكى بەس ـ مۇنازىرىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئابدۇقادىر جالالىدىن، پەرھات ئىلياس، مۇختەر مەخسۇت، مۇسائەھەد، مەھەممەت پولات، مۇھەممەتجان سادىق قاتارلىقلار ماقالە ئېلان قىلىپ، يېڭى شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى نەزەرىيىۋى ئاساسلارنى، ئۇلارنىڭ تىلىدىكى يېڭىلىقلارنى، بەزىبىر ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن شەرھلەپ ئۆتتى.

**تۆتىنچى، ئەدەبىيات قاراشلىرىدا ئۆزگىرىش، يېڭىلىنىش بولدى**

**(1) ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش بولدى**

بۇ ئون يىلدا ئەدەبىي ئوبزورچىلىرىمىز سولچىل ئەدەبىيات قارىشىنىڭ ئاسارىتىدىن دەسلەپكى قەدەمدە قۇتۇلۇپ ۋە ئازاد بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە مۇناسىۋەتلىك بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بىر قىسىم كۆز قاراش ھەم نۇقتىئىنەزەرلەرنى يېڭىلاش يولىدا ئىزلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ قاتاردا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسىمۇ ئوبزورچىلىرىمىزنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

چېرنىشېۋسكى 1856 ـ يىلى ئېستېتىك تەنقىد ۋە تارىخىي تەنقىد ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئېنگېلسمۇ 1859 ـ يىلى ئۆزىنىڭ لاسسالغا يازغان خېتىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشنىڭ ئېستېتىك ئۆلچىمى ۋە تارىخىي ئۆلچىمىنى ئەڭ يۇكسەك ئۆلچەم دېگەنىدى. ۋەھالەنكى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا سىياسىي ئۆلچەم بىرىنچى، بەدىئىي ئۆلچەم ئىككىنچى دەپ قاراپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى نوقۇل سىياسىيۋىلىك ياكى سىنىپىيلىك ئۆلچىمى ئارقىلىقلا باھالاش خاھىشى تاكى 80 ـ يىللارغا قەدەر داۋاملاشتى. 80 ـ يىللاردىن كېيىن سىياسىي ئۆلچەم ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا ئىدىيىۋى ئۆلچەم ئاتالغۇسى دەسسىتىلىپ، ئىدىيىۋى ئۆلچەم بىلەن بەدىئىي ئۆلچەمنى تەڭ ئورۇنغا قويۇش ئالاھىدە تەكىتلىنىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ مۇكەممەل بىرلىكى تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى بىر خىل ئېستېتىك ئىجادىيەت دەپ قاراپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى باھالاش، ئېستېتىك ئۆلچەمنى ئاساس قىلىشنى تەكىتلەش، ئەسەر باھالاشتا ئېستېتىك ئۆلچەم بويىچە ئىش كۆرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش يېتەرسىز بولۇپ كەلگەنىدى.

ئوبزورچى ئابدۇللا مەتقۇربان «ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئېستېتىك ئۆلچەم بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى ھەمدە ئېستېتىك ئۆلچەمنىڭ مەنە دائىرىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ يالغۇز ئەسەر شەكلىنى باھالاش بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى باھالاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئېستېتىك ئۆلچەمنى ئادەتتىكى بەدىئىي ئۆلچەم مەنىسىدىلا چۈشىنىۋېلىشقىمۇ بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئاخىرىدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تارىخىي تەنقىد بىلەن ئېستېتىك تەنقىدنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى نوقۇل ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك نۇقتىسىدىنلا باھالاشتەك تار رامكىدىن قۇتۇلۇپ، ئېستېتىك تەنقىد ۋە تارىخىي تەنقىدنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشىنى تەشەببۇس قىلدى.

**(2) ھېسسىياتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئورنى ۋە رولىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىلىشقا باشلىدى**

ئىلگىرىكى ئەدەبىيات قاراشلىرىمىزدا ئەدەبىياتقا ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە پەقەت سوتسىئولوگىيە نۇقتىسىدىنلا مۇئامىلە قىلىنىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىلا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى قايتا تەسۋىرلەپلا قويىدۇ دەپ قارىلىپ، ھېسسىياتنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى، ئەدەبىياتتىكى ئورنى ھەم رولىغا بەكلا سەل قارالغانىدى. ئوبزورچىلىرىمىز ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىز سۇبيېكتىپ ئىدىئالىزمچى دېگەن قالپاقنىڭ ئۆز بېشىغا كىيىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ھېسسىياتنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئورنى ۋە رولىنى ئاشكارا مۇقىملاشتۇرۇشقا پېتىنالمىغانىدى. ئىدىيە ئازادلىقى ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. نەتىجىدە ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ھېسسىياتنىڭ ئورنى ۋە رولى قاتارلىق مەسىلىلەر ئېستېتىكا ۋە سەنئەت پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن مۇقىملاشتۇرۇلدى ھەم شەرھلەندى.

ئوبزورچىمىز ئەنۋەر ئابدۇرېھىم «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 9 - سانىدا «ھېكايىدىكى ھېسسىيات» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، «چىن ھېسسىيات ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ»، «چىن ھەم قايناق ھېسسىيات ئەدەبىي ئەسەرگە جان بېغىشلايدۇ، بەدىئىي سېھرىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ»، «كىتابخان قەلبىنى زىلزىلىگە سالالايدىغان، كىتابخان روھىي دۇنياسىدا داۋالغۇش پەيدا قىلالايدىغان ھەرقانداق بەدىئىي ئەسەرگە كۈچلۈك ھېسسىيات سىڭگەن بولىدۇ. بۇنداق ھېسسىيات ئۆزىنىڭ چىنلىقى ۋە تىپىكلىكى بىلەن. . . بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. . .»، «ھەرقانداق ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۇنىڭ ھېسسىيات چىنلىقى ۋە ھېسسىيات تىپىكلىكىگە ئىگە قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ» دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى كونكرېت ئەدەبىي ئەسەر ئارقىلىق ئىسپاتلىدى.

«تارىم»نىڭ شۇ يىلقى 10 - سانىدا «سەنئەتنىڭ ئېستېتىكىلىق ماھىيىتى ھەققىدە» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، «سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە جېنى ھېسسىياتتا، سەنئەتتىكى ھېسسىيات ئادەم بەدىنىدىكى قانغا ئوخشايدۇ. ئادەمدە قان بولمىسا ئۆلىدۇ. سەنئەتتىمۇ ھېسسىيات بولمىسا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى بىلەن سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. قىسقىسى، ھېسسىيات بولمىسا سەنئەت بولمايدۇ» دەپ قارىلىپ، سەنئەتنىڭ بىر خىل ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئىكەنلىكى، ھېسسىياتنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بىۋاستە مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغۇچى زۆرۈر ئامىل ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ، ھېسسىياتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ئورنى نەزەرىيە جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرۇلدى.

ئىبراھىم ئىزاقىمۇ «شېئىرىيەت لوگىكىسى» ناملىق ماقالىسىدە ھېسسىيات شېئىرىيەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنىڭ نېگىزى، ھېسسىيات شېئىرنىڭ قېنى، شېئىرىيەتنىڭ پۈتۈن سېھرىي كۈچى ھېسسىياتتا، دېگەنلەرنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم ماقالىلەردە گەرچە ئەدەبىياتتىكى ھېسسىيات ھەققىدە مەخسۇس سۆزلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېسسىياتنىڭ ئەدەبىياتتىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولى ھەققىدە ئىجابىي كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

### (3) ئەدەبىياتنى ئىچكى دۇنياغا بۇراشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلىنىشكە باشلىدى

ئەدەبىياتنىڭ ئىنسانشۇناسلىق ئىكەنلىكى ئىلگىرى پەقەت رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا تەكىتلەنگەن ياكى

ئۇنىڭ مەنىسى ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشىنىلمەي تۇرۇپ تەكىتلەنگەن بولغاچقا، ئەدەبىياتنىڭ ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس پسىخىك پائالىيەتلىرىنى، سۇبيېكتىپ ئېڭىنى، ئىچكى دۇنياسىنى يېزىش، قېزىش ۋە ئىپادىلەش لازىملىقى ھەققىدىكى تونۇش ۋە تەشەببۇسلار ئىنتايىن كەمچىل بولغانىدى. 1985 - يىلىدىن كېيىنكى ئوبزورچىلىقىمىزدا يازغۇچىلاردىن پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرىنى يېزىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن پېرسوناژلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش لازىملىقى، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، پسىخىك پائالىيەتلىرىنى، روھىيىتىدىكى زىددىيەت-توقۇنۇشلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنىدى، شۇنداقلا مۇشۇ جەھەتتە ئالاھىدە كۆچ چىقىرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەسەرلەرگە بېغىشلانغان نۇرغۇن ياخشى ئوبزورلار مەيدانغا كەلدى.

باتۇر روزى «تۇتۇق شېئىرلار توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» ناملىق ماقالىسىدە شېئىرىيەت تاشقى ئالەم ئارقىلىق ئىچكى ئالەمنى ئىپادىلەپ بېرىشى كېرەك، ئىچكى ئالەم شېئىرىيەتنىڭ ھەقىقىي ئېنېرگىيە مەنبەسى، شېئىرىيەتتە ئادەمنى مەركەز، ئەنداز قىلىش زۆرۈر. شېئىرىيەت ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىۋى دۇنياسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ساپ شېئىرىيەتلىك ئامىللارنى بايقاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى لازىم، شائىر ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىۋى دۇنياسىغا سادىق بولۇشى ، شېئىرىيەت سۇبيېكتىپ روھىي دۇنيانى تەتقىق قىلىدىغان مۇستەقىل ئورۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك، دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلدى. مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «شېئىرىيىتىمىزگە ئائىت بىر قانچە ئېستېتىكىلىق مەسىلە توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە «شېئىرىيەت توپ ماھىيەت جەھەتتە ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ئىپادىلىشىدىن ئىبارەت»، «شېئىرىيەت ئۆزلۈك ئېڭىنى، زامانىۋى ئاڭنى، ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلىشىنىڭ بىرخىل شەكلى» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش مۇھەممەت ئىمىن «روھىي ھالەت تەسۋىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە ئەدەبىيات ئىنسانشۇناسلىق بولغان ئىكەن، ئۇ ئادەمنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلىشى كېرەك، ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى يېزىش پروزائەسەرلىرىنىڭ بۇرچى دەپ قاراپ، ئەدەبىياتنى روھىي دۇنياغا بۇراشنى تەكىتلىدى.

مۇختەر مەخسۇت «يېڭىچە شېئىرلار ھەققىدە ئىككى ئېغىز پاراڭ» ناملىق ماقالىسىدە «لىرىك شېئىرلارنىڭ بىلىش ئوبيېكتى شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي ئېڭى بولۇشى، شېئىرنىڭ چىنلىقى. . . قەلب چىنلىقى ئارقىلىق ئۆلچىنىشى كېرەك»، «شېئىر ئىنسانىيەتنىڭ روھى ۋە ھېسسىياتىنىڭ ئېستېتىك خاراكتېر ئالغان ماددىيلاشقان فورماتسىيىسى. . .»، شېئىرىيەتتە شائىرلار ئوبيېكتىنى ئەسلى ھالىتى بويىچە تەسۋىرلەشنى ئەمەس، بەلكى شۇ ئارقىلىق سۇبيېكتىپ ئېستېتىك ئاڭنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ، دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. «ئەدەبىيات ئوبيېكتى ھەققىدە» ناملىق ماقالىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەدەبىيات ئەكس ئەتتۈرىدىغان رېئاللىق يالغۇز تاشقى رېئاللىق بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، تاشقى رېئاللىقنى ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەيدىغان بىردىنبىر ئوبيېكتى قىلىۋېلىش ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتىنى بەكلا تارايتىۋەتكەنلىك بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرى، پسىخىكىسى، ئىچكى دۇنياسى قاتارلىقلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چەكلەنگەن رايونلار ئەمەس دەپ قارىلىپ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئىچكى دۇنيانى يېزىشقا، كىشىلەرنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىنى قېزىشقا تامامەن ھەقلىق ئىكەنلىكى تەشەببۇس قىلىنىدى.

**(4) رېئالىزم ھەققىدىكى چۈشەنچىنى يېڭىلاش تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى**

رېئالىزم ھەققىدىكى چۈشەنچە، تونۇشنى يېڭىلاش تەشەببۇسى مامبەت تۇردۇنىڭ «رېئالىزمنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى» ناملىق ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاپتور ماقالىدە ئالدى بىلەن رېئالىزملىق روھ، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە رېئالىزم ئېقىمىنى پەرقلەندۈرۈش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاندىن رېئالىزملىق روھ ھەققىدە توختىلىپ، ئۇ ئىنسانىيەت بىلەن بىللە مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئەدەبىياتتا رېئالىزملىق روھنىڭ يالقۇنى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، دەپ يۇقىرى باھالىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن رېئالىزمنىڭ ياۋروپا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ھەم تەقدىرىگە باھا بېرىپ، ئاخىرىدا گارسىيا ماركوز ۋە ئايتماتوۋلارنىڭ ئىجادىيەت ئارقىلىق رېئالىزمنىڭ ئىلگىرىكى تار رامكىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، رېئالىزمنى يېڭى مەنىگە ئىگە قىلغانلىقىنى، رېئالىزملىق روھنى ئۆزىگە ئۆزەك قىلغان رېئالىزمنىڭ نەزەرىيىچىلەر شەرھلىگەندەك قېتىپ قالغان، ئۆلۈك، ئۇقۇملاشقان كاتېگورىيە ئەمەسلىكىنى، بالزاك، تولستويلارنىڭ رېئالىزملىق بەدىئىي تەجرىبىسى ھازىرقى زامان رېئالىزمىنىڭ ئوزۇقى بولالىسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرىدىكى بىر ئەسىرلىك پەرقنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، رېئالىزمنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ روھى، پسىخىكىسىنى ئېچىپ بېرىش قۇربىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى قاتلامغا كۆتۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە تۇرمۇشتىكى ئوبيېكتىپ ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەشلا رېئالىزمدۇر دەيدىغان قاراشنىڭ ئىلمىي ئەمەسلىكى ئۆز - ئۆزىدىن ئايان. رېئالىزم ئىنسانىيەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ، تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆز ئىچىدىن يېڭىلىنىپ، تولۇقلىنىپ، كۆپ خىللىشىپ بارىدۇ. رېئالىزمنىڭ بۇنداق كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل ئېستېتىكىلىق، پەلسەپۋى قۇرۇلملارغا بۆلۈنۈشى ئۇنىڭغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. رېئالىزم شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتتە قانچىلىك ئۆزگىچە بولۇپ كەتسۇن، ئۇ ئادەمنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەركەز قىلىدىكەن، مەڭگۈ رېئالىزم بولۇپ قېلىۋېرىدۇ دېگەنلەرنى تەكىتلەپ، رېئالىزم ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى يېڭىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشەببۇس قىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بەدىئىي زوقنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، رېئالىزم ۋە مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدىمۇ بىر قىسىم ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلەردە ئوبيېكت قىلىنغان مەسىلىلەر ئېستېتىكا ۋە پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈلدى، ئىزاھلاندى.

يۇقىرىدا يېقىنقى ئون يىللىق ئوبزورچىلىقنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختالدىم. مەقسىتىم ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتنى باھالاش بولغاچقا، ئۆزۈم ھەر جەھەتتىن ئاساسەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان دەپ ھېسابلىغان، يەنە كېلىپ ئوبزورچىلىقنىڭ مۇشۇ ئون يىلدىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ دەپ قارىغان ئوبزور، ماقالىلەرنىلا تىلغا ئالدىم. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم ھەرگىزمۇ ئۇلاردىن باشقا ماقالىلەرنىڭ ئەھمىيىتى يوق دېگىنىم ئەمەس. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنمىغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ماقالىلەرمۇ ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئىشلىرىمىزنى جانلاندۇرۇشتا تېگىشلىك رول ئوينىدى. بۇ تەرىپىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇللا تالىپ

## شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ قىممىتى

بۇ يىل شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقى. يېرىم ئەسىردىن بۇيان خەلقىمىز ئۆزىنىڭ بۇ جەڭگىۋار پەرزەنتىنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ يادلاپ كەلمەكتە. ئەلادلىرىمىز ئۇنىڭ دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بەھرى ئالماقتا. ئۇنىڭغا بېغىشلاپ ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرە يىغىنلار، ئوقۇلغان دېكلاماتسىيە، يېزىلغان ئوبزور ـ ماقالىلەر، شېئىر ـ مەدھىيىلەر ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردە ھەر خىل نۇسخىلاردا ئون نەچچە قېتىم نەشر قىلىندى ۋە تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىندى. شائىر يەنە ئېلىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان يىرىك قامۇسلاردىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ ھاياتىدىن كىنو فىلىمى ئىشلەندى، رومان، ئۆچېركلار يېزىلدى. بۇ يىل ئۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقىغا ئاتاپ ئۈچ كىتاب نەشر قىلىندى.

خەلق قەلبىدىن شۇ قەدەر چوڭقۇر ئورۇن ئالغان شائىر ئىجادىيىتىنىڭ قىممىتىنى ئالدى بىلەن باشقا مىللەت تەتقىقاتچىلىرى ئوبزورىدىن كۆرۈۋالايمىز:

1943 ـ يىلى كۈز پەسلىدە ئىچكىرىدىن كەلگەن بىر مەشھۇر ئوبزورچىنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلغان ئۇزۇن ماقالىسى كىتابخانلار قەلبىنى لەرزىگە سېلىۋەتكەن ئىدى.

«. . . ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى مۇنبىرىدە ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىككى تۇلپار جەۋلان قىلىۋېتىپتۇ، يەنى ئىككى چولپان چاقناپ تۇرۇپتۇ. بىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، يەنە بىرى ئەھمەد زىيائى ئىكەن. ئالدىنقىسى ئۇيغۇر يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ ئۇسلۇبىنى تىكلىگۈچىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى؛ كېيىنكىسى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك ۋارىسى. بۇ ئىككى چەۋەندازنىڭ پىكىر ئۇسۇلى، يېزىش ئۇسلۇبى، ھەتتا تەخەللۇسىمۇ بىزنىڭ خۇلاسىمىزگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇلاردىكى بۇ خاسلىق ياشىغان مۇھىتى، تەربىيە مۇھىتى ئۆزگىچىلىكىدىن كېلىپ چىققان. ئۇلارنىڭ رېئال تۇرمۇش ئادىتىدىنمۇ ئاشۇ خاسلىقنى بايقىۋالدۇق. . .»

ماقالە ئاپتورى ل. مۇتەللىپنى ئۇقتىلىق تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىدىن تاگورنىڭ بىخنىنى؛ تىز پۇكمەس روھىدىن لۇشۇن ئوبرازىنى؛ ئۆزى يېزىپ، ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىپ، ئۆزى رولغا چىقىشتەك قابىلىيىتىدىن شېكسپىرنىڭ تالانتىنى ھېس قىلدۇق، دەپ باھا بېرىدۇ.

بۇ ئوبزور ئېلان قىلىنغان مەزگىلدە ل. مۇتەللىپ 20 ياشلاردا ئىدى. لىللا كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئاشۇ ياشتىكى ئەھۋالىنى ھەققانىي يوسۇندا كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، چوقۇم يۇقىرىدىكى ئادىل باھاغا،

جۈملىدىن ل. مۇتەللىپنىڭ تالانتىغا ئەلھەق قايىل بولىدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيەت مۇساپىسىدە تەبىئەت، ئەمگەك ۋە مەرىپەتنى كۈيلىگەن بالىلىق مەزگىلى، دراما، ئوپېرا ژانىرىنى ئاساس قىلغان ئۆرلەش مەزگىلى، خەلق دېموكراتىيىسىنى غايە قىلغان كۈرەش مەزگىلى قاتارلىق ئۈچ دەۋرنى بېسىپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئۈچ مۇنبەرنى - گېزىت مۇنبىرى، مەكتەپ - مەرىپەت مۇنبىرى، تىياتىر - سەھنە مۇنبىرىنى تايانچ بازا قىلغان ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئۈچ مۇنبەر ئۈستىدە سەييارە قىلىپ تىنىمسىز ئەمگەك بىلەن ئېسىل مەنىۋى مەھسۇلات ياراتقان، «قايىنام ئۆركىشى» ناملىق مۇبارەك تەخەللۇسى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمال - جەنۇب ئېتەكلىرىدە تونۇلغان ئىدى.

شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئادەملەرنىڭ يېشىنى كالېندار يېشى، ئىجادىيەت يېشى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىيدۇ. ئۇ، مەنىسىز هايات يوپۇرماقتەك توزۇپ توگەيدۇ. ئىجادىي هايات ھەرگىز كۆمۈلمەيدۇ. ئىجاد قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ تۆھپىسى بىلەن يىللار ئالدىدا قىزىرىپ قالمايدۇ، دەپ قارايتتى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب غايىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئىجادىي ئەمگەكنى قىزغىن سۆيەتتى، شۇنىڭدەك باشقا سەنئەتكارلارنىڭمۇ ھەقىقىي ھامىيسى ئىدى، تۆۋەندىكى مىسال بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەپ بېرىدۇ: 1941 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا ل. مۇتەللىپ قىدىرىش سەپىرى بىلەن بۇگۇردە مۇزىكانت ئابدۇرېھىم چالغ دېگەن كىشىنىڭكىدە مېھمان بولىدۇ. قۇربان ھېيت يېقىنلاپ قالغان مەزگىل بولغىنى ئۈچۈن، شۇ يەردىكى ئاما ل. مۇتەللىپكە، تۆھمەت بىلەن قاماقتا يېتىۋاتقان ماھىر مۇزىكانت - سۇنايچى زەيدىن ئەلىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا ھامىي بولۇپ بېرىش تەكلىپىنى قويىدۇ. شائىر بۇ تەكلىپنى مەردلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە بىر مۇنچە ئاممىنى ئەگەشتۇرۇپ بېرىپ ئامبال بىلەن ئۇچرىشىدۇ ھەم شەخسەن ئۆزى كېپىل بولۇپ مۇزىكانتنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ.

شائىر ئەدەبىيات - سەنئەتنى مەجھۇل سۆز ئويۇنىمۇ، تىلسىماتمۇ ئەمەس، بەلكى كونكرېت تەلىم تەربىيە قورالى دەپ قارىغانىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ مەرىپەت لىرىكىلىرىدا ئادەملەرنى مەرىپەت ئۆلچىمى بىلەن ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ: بىرىنچىسى، تەبىئەت ئادىمى، ئىككىنچىسى، مەرىپەت ئادىمى. تۇغۇلغان پېتى نادانلىقتا ئۆمۈر سۈرگەنلەرنى تەبىئەت ئادىمى كاتېگورىيىسىگە، بىلىم ئالغان، تەربىيە كۆرگەنلەرنى بولسا، مەرىپەت ئادىمى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرىي ئەسەرلىرى ۋە ئوپېرا، دراملىرىدا ئاشۇ ئىدىيە چاقنايدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ياش ئەۋلادلار بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا ئۇلارغا ھەممىشە مەرىپەت ئالدىدىن قايتا تۇغۇلۇشنى؛ ئىجتىھات بىلەن بىلىم ئىگىلەشنى تەۋسىيە قىلاتتى.

1944 - يىلى باھار مەۋسۇمى، شائىر توساتتىن ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ چوڭ مەيدانىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئوقۇغۇچىلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى. بىر ساۋاقداش ئۇنىڭدىن سورىدى:

- لۇتپۇللا ئاكا، سىز ھەم شائىر، ھەم دراماتورگ، ھەم رەسسام، ھەم مۇزىكانت، ھەم غەزەلخان. . . ۋاي - ۋۇي بۇنچىۋالا كۆپ ئىقتىدارنى سىز. . .

سوئالنىڭ ئاخىرى چۇشۇپ بولغۇچە شائىر دەرھال مەيدە يانچۇقىدىن قەلەم - قەغەز چىقىرىپ تىزلاندى.

دە، قەغەزگە رەسىم سىزىشقا باشلىدى.

– مانا قاراڭلار، – دېدى ئۇ سىزغان رەسىمگە ئىزاھات بېرىپ، – ئوڭ تەرەپتىكى پەرىزات – بىلىم-سەنئەتنىڭ پىرى – مۇسى. ئۇ، ئوڭ قولىدا كىتابخانىنى، سول قولىدا ئالما دەرىخىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ؛ دېمەك، ئۇ، ھەممە ئىقتىدار ۋە ھالاۋەتنىڭ مېۋىسى – ئىجتىھات ۋە بىلىمدىن كېلىدۇ، دەپ بىشارەت بېرىۋاتىدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئاخىرقى بىر نەچچە يىللىق ئىجادىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك روھى تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئەكس ئېتىشكە باشلىغانىدى. كىچىكىدىن لۇشۈننىڭ: «غەزەپ بىلەن ھومىيىمەن قەبىھ زالىملارغا؛ كالا بولۇپ باش ئېگىمەن سەبىي باللارغا» دېگەن خىتابىنى كۆرەش ئابىدىسى قىلىپ يېتىلگەن شائىر ئۆزىدە «ئەل بىلەن بولۇش، ئەل ئۈچۈن ئۆلۈش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغ غايىنى تىكلىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ يارقىن ھايات پەلسەپىسى «شائىر ھەققىدە مۇۋەششەھ» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ل. مۇتەللىپ شائىر، يازغۇچىلارغا گىرىم بويۇملىرىنى ساتقۇچى ئەمەس، ئەل دەردىگە شىپا بولۇشنى خىتاب قىلىدۇ. ئۇ، ئاۋام خەلق نەپ ئالالمايدىغان گۆڭگا ئىبارىلەردىن بىزار ئىدى. كۆرەڭلىكنى، شۆھرەتپەرەسلىكنى ۋە خۇشامەتچىلىكنى قامچىلايتتى.

ل. مۇتەللىپ پەقەت ئەل دەردىگە يەتكەن يازغۇچى، شائىر، سەنئەتچىلەرلا كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ تىلىدا مەڭگۈ داستان بولۇپ قالالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەل ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان قەلەم ئىگىلىرىلا ھەقىقىي شائىر، يازغۇچى بولالايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىپ ۋە ئەمەلىي جاۋاب بېرىپ، ئەۋلادلىرىغا ئۇلۇغ نەمۇنە قالدۇرۇپ كەتتى.

ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتى ئەنە شۇ يەردە. . .

**مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم**

---

(بېشى 18 - بەتتە)

چۆرگىلەپ يۈرىدۇ، دەيدۇ. ھازىر ئۇنىڭ خوتۇنلىرى خېتىنى ئېلىپ، باللىرى مىراسىنىڭ جېدىلىگە چۈشۈپتۇدەك. . .

– ياقۇدرەت، نېمە گەپتۇ بۇ! ئىمىنجان يەنە يالغان ھېكايىدىن بىرنى توقۇۋاتايدىغانسىلە؟ – دېدىم.

بىر كۈنى سابىر بايۋەچچە نەق كوچىدىلا ئالدىمغا ئۇچراپ قالدى. ئاستى - ئۈستى كالپۇكىنى ھېلىقى مايمۇننىڭ دېگىلى بولمايدىغان يېرىدەك قىلىپ قىپقىزىل بويىۋاپتۇ. قولىقىدا يوغان ھالقا، بويىنىدا ئالتۇن زەنجىر، چېچىنى كەينىگە تاراپ، گەجگە تەرەپنى ساقال چوتكىسىدەك قىلىپ بوغۇۋاپتۇ. قېشىغا ئىنچىكە قاشلىق ئېتىپ، يۈز - كۆزىگە بولۇشچە گىرىم قىپتۇ. ئالدىدىن قارىسا مەيدىسى، كەينىدىن قارىسا ساغرىسى دۆڭدەك چىقىپ تۇرىدىغان تازىمۇ كېلەڭسىز خوتۇن بوپتۇ. ھەممە ئادەمگە تەڭ كۆز تاشلاپ، قىسىپ دەسسەپ كېلىۋاتىدۇ. . . يائاللا، بۇنى قانداقمۇ ئەر ئالار! دەپ كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى. دەرھال كەينىمگە يېنىپ ماڭدىم. ئەمدىلا بىر - ئىككى قەدەم ئېلىپ تۇرۇشىمغا ئارقامدىن:

– ھوي ئادەم، توختاڭە! – دېگەن ئاۋاز ئاڭلانماسمۇ، يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۆرۈلۈپ قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، باشتا ئىتتىك-ئىتتىك ماڭدىم. كېيىن يۈگۈرگىنىمچە قاچتىم.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

قۇربان ھاشىم

# يۇمۇر ۋە ئۇنىڭ رولى توغرىسىدا

1

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دۇنيا ئەدەبىياتى، جۈملىدىن شەرق ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆزىنىڭ مول بايلىقى، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە خېلى يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىكىلىق قىممەتلىرى، تەسىرىنىڭ كەڭلىكى بىلەن بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىر - تۈرلىرى دېگۈدەك مەۋجۇت. يۇمۇر ئاشۇ ژانىر - تۈرلەر ئىچىدىكى قۇرۇلمىسى پۇختا، تۈزۈلۈشى ئەپچىل، تىلى ئۆتكۈر، ئوبرازلىق، شوخ، دىئالوگلىرى جانلىق، ھەجۋىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىزىقارلىق ئەدەبىي تۈر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يۇمۇرنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئەدەبىي يادىكارلىقلاردىن ئىزدەشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر يۇمۇرچىلىقى ئۇيغۇر خەلقى مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى، ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ھەم تېماتىك مەزمۇن دائىرىسى ئۇيغۇر مىللىي پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىياتى، ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇش شەكلىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلار ياراتقان نۇرغۇن يۇمۇرلار خېلى بۇرۇنلا مىللىي چېگرىدىن ھالقىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ھازىرقى دەۋردە يۇمۇر ئاڭلاش، يۇمۇردىن زوقلىنىش، يۇمۇر تەسىرى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا يۇمۇر ۋە ئۇنىڭ رولىنى تەتقىق قىلىش بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

2

يۇمۇر تۇرمۇش پۇرىقى ئىنتايىن قويۇق، دەللىلىكى كۈچلۈك، قاراتمىلىقى روشەن بولغان ئەدەبىي شەكىل بولۇپ، ئۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەينىكىدىن ئىبارەت. ئۇنى ئىجتىمائىي ئىللەتلەر توغرىسىدىكى ئاچچىق كۈلكە دېيىشكە بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئۇنۇمى ۋە بەدىئىي قىممىتى ئۇنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۈلكىسى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتشۇناسلار يۇمۇر سېھرىي كۈلكىگە ۋە يۈكسەك مەدەنىيەت سەنئىتىگە ئىگە ئالاھىدە ژانىر، ئۇنىڭ باشلامچىسى كۈلكىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن يۇمۇرنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، يۇمۇرلار تۇرمۇشتا ئەينەكلىك رول ئوينايدۇ. مۇنەۋۋەر يۇمۇرلاردا بىر تەرەپتىن، خەلق

www.uyghurkitap.com



دۈشمەنلىرى قاتتىق قامچىلىنىپ، ئۇلارنىڭ رەزىل ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق يۇمۇرلار ئادەملەرگە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بەخش ئېتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ دوست - دۈشمەننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەر پاش قىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى يامان ئىللەتلەر سەممىمىي تەنقىدلىنىدۇ. مۇنداق يۇمۇرلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تەرتىپكە سېلىش، ساغلاملاشتۇرۇش ۋە مەدەنىيلەشتۇرۇشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

مەسىلەن، «ئۆز يۇرتۇمدىن يۆتكەپ كەلدىم» دېگەن يۇمۇرنى كۆرۈپ باقايلى:

-شەھەرنىڭ يېنىغا ئۆي سېلىۋاپسىز، يەرنى قانداق ھەل قىلدىڭىز؟

-ئۆز يۇرتۇمدىن يۆتكەپ كەلدىم.

-ئۇنچىۋالا يىراقتىن قانداق يۆتكەپ كەلدىڭىز؟

-ھوقۇقنى پىشاڭ، يۈز - ئابرويۇمنى كۆۋرۈك قىلىپ دومىلىتىپ ئەكەلدىم.

-شەھەرنىڭ ئەتراپىدا يەر قويمىدىغان ئورۇن يوق- دە، بولمىسا، بىز گىمۇ كۆپرەك يۆتكەپ بەرسىڭىز بولار ئىكەن...

بۇ يۇمۇردا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان پارىخور ئەمەلدارلار قاتتىق مەسخىرە قىلىنغان.

ئىككىنچى، يۇمۇرنىڭ يەنە بىر خاراكتېرلىك رولى شۇكى، روھىي ھالەتنى تەڭشەپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى جانلاندۇرىدۇ. يۇمۇرنىڭ مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە كۈلكىدىن ئىبارەت سېھرىي كۈچ باشلامچى بولغاچقا، ئۇ ئوقۇغۇچى ياكى ئاڭلىغۇچىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇمۇرنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ روھىي ھالىتى تەڭشىلىپ، كەيپىياتى جانلىنىدۇ. چۈنكى يۇمۇر ئۆزىنىڭ ئاچچىق، شوخ، شادىيانە كۈلكىلىرى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىپ، كىشىلەرگە مول ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. بۇنداق زوقلىنىش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش، ئۇلارغا خۇشاللىق بېغىشلاش رولىنى ئويناپ، يۇمۇرنىڭ بەدىئىي پىكرى ۋە غايىسىنى تەبىئىي قوبۇل قىلدۇرىدۇ. يۇمۇرنىڭ بۇ رولىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن چۈشەندۇرۇش مۇمكىن. بىرى، ياخشى يېزىلغان مۇنەۋۋەر يۇمۇرلار ئوقۇغۇچى ياكى ئاڭلىغۇچىغا ئېستېتىك زوق، يەنى گۈزەللىك بېغىشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى روشەن پەرقلەندۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسە ۋە نەرسىلەر ئىچىدە قايسىلىرىنىڭ گۈزەل، قايسىلىرىنىڭ رەزىل ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى نۇرغۇن يۇمۇرلاردا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر تەسۋىرلىنىدۇ. يۇمۇرنىڭ بەدىئىي كۈچىدىن پەيدا بولغان ئاچچىق كۈلكىلەر، مەسخىرىلىك كۈلكىلەر ۋە شادىيانە كۈلكىلەردە گۈزەللىك مەدھىيىلىنىپ، رەزىللىك تەنقىدلىنىدۇ. گەرچە كىشىلەر يۇمۇردا كەسكىن تەنقىدلەنگەن، مەسخىرە قىلىنغان يامان ئىللەتلەردىن نەپرەتلەنگەن ۋە ئۇنىڭغا غەزەپلەنگىنىدە شۇ كۈلكىگە ئاشۇ يامان ئىللەتلەرنىڭ ئەكسى بولغان گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلەرگە نىسبەتەن مەدھىيە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

مەسىلەن، «چاتاق نەدىن چىقار» دېگەن يۇمۇرنى كۆرۈپ باقايلى:

«- بىلىملىك ئادەملەرنى ئۆستۈرسەك چاتاق چىقارمىكىن، دەپ ئەنسىرەمسىز، چاتاق نەدىن چىقار؟

-چاتاق دەل ئۇلارنىڭ ھەممىنى بىلىدىغانلىقىدىن چىقىدۇ.»

بۇ يۇمۇردا زىيالىيلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجادكارلىق رولىغا، ئۇلارنى يېتىشتۈرۈشكە سەل قارايدىغان بىلىمسىز ئەمەلدارلار تازا كېلىشتۈرۈپ مەسخىرە قىلىنغان. دېمەك يۇمۇر گۈزەللىك ھەققىدىكى مەدھىيە، رەزىللىك ھەققىدىكى مەسخىرىدىن ئىبارەت.

يەنە بىر تەرەپتىن، يۇمۇر ئوقۇغۇچى ياكى ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، روھىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. شۇڭا يۇمۇرلار خىزمەت، ئەمگەك، دەم ئېلىش ئارىلىقىدا، توي - تۆكۈنلەردە، مەشرەپ سورۇنلىرىدا، چوڭ - كىچىك ئولتۇرۇشلاردا ئېيتىلىپ ھاردۇقنى چىقىرىش، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش، كىشىلەرنى غەيۋەت - شىكايەتلەردىن خالىي قىلىش، كۆڭۈللەرگە ئارام بەخش ئېتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توي - تۆكۈن، مەرىكە - مەيدان، بەزمە - مەشرەپ، چاي ئولتۇرۇشى قاتارلىق سورۇنلىرىنىڭ قىزىپ، كەيپىياتىنىڭ باشقىچە جانلىنىپ كېتىشىدىكى بىر سەۋەب دەل بۇ پائالىيەتلەردە مەخسۇس قىزىقچىلار تەرىپىدىن يۇمۇرلارنىڭ ئېيتىلىشىدۇر.

بىز تۆۋەندىكى يۇمۇرلارنى ئوقۇغان چېغىمىزدا ئىختىيارسىز شادلىنىپ، كۆڭلىمىز بىردىنلا ئېچىلىپ كېتىدۇ. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «يۇمۇرلار» دېگەن كىتابتىكى «ئېرىقمۇ قوپىدىكەن» دېگەن يۇمۇرنى كۆرۈپ باقايلى:

«بىر مەست كېچىدە ئولتۇرۇشتىن قايتىپ تالاغا چىقسا، ئالدىدا بىر قارا كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ھەمراھلىرىغا:

-بايقاڭلار، ئالدىمىزدا ئېرىق بار ئىكەن، - دەپتۇ-دە، يوغان چامداپ قارىدىن ئاتلاپتۇ. ئەسلىدە قارا نەرسە ياتقان كالا ئىكەن. ئۈستىگە ئادەم مىنگەچكە كالا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ.

-يائاللا، ئېرىقمۇ قوپىدىكەن - ھە؟ -دەپتۇ مەست قورقىنىدىن.»

ئۈچىنچى، يۇمۇرلار زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، تەپەككۇرنى قوزغاشتا، تىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، سۆز - جۈملىلەرنى مېغىزلىق، دەلمۇ دەل، مەنتىقىلىق ۋە چوڭقۇر مەنىلىك ئىپادىلەشتە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. چۈنكى يۇمۇر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تېز ئىنكاس قىلىدىغان شەكىل. گەرچە يۇمۇر بىر - ئىككى جۈملە ياكى ئۈچ - تۆت جۈملىدىن تۈزۈلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە كەڭ بولىدۇ. ياخشى يۇمۇر بىر ئاڭلاش بىلەنلا ئادەمنى كۈلدۈرىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ كۈلكە ئاڭلىغۇچىنى ئۆز تۇرمۇشى ھەققىدە ئويلاندۇرىدۇ. بۇنداق ئويلىنىش ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، تەپەككۇرنى قوزغايدۇ. بۇ، يۇمۇرنىڭ شەيئىي - ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشتىكى ئاجايىپ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇنداق تېز، دەل، مەنتىقىلىق ئىپادىلەش يۇمۇرنىڭ تىلىدا گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا يۇمۇرنى ئاڭلاش ۋە ئوقۇش ئادەملەرنىڭ تىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. ئادەتتە يۇمۇرلۇق خاراكتېرگە ئىگە بولغان، نوتۇقنى يۇمۇردەك ئىخچام، مەنىلىك، قىزىقارلىق ئىپادىلەيدىغان ئادەملەرنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى، مۇناسىۋەت يولى راۋان، دىپلوماتىك پائالىيەتلىرى نەتىجىلىك بولىدۇ.

يۇمۇرنىڭ يۇقىرىقىدەك روللارنى ئوينىشى ئۇنىڭ تىلىنىڭ جانلىق، ئۆتكۈر، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۇقىرى، ئاممىباب بولغانلىقى، يۇمۇردا بەلگىلىك ئوبراز يارىتىلغانلىقى، ئاشۇ رېئال ئوبرازنىڭ گۈزەل ۋە ھېسسىي بولغانلىقى، يۇمۇرنىڭ ھەجىم جەھەتتىن ئىخچام، يىغىنچاق تۈزۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئەپچىل

قۇرۇلمىسىغا ماھىيەتلىك چوڭ - چوڭ مەزمۇنلارنىڭ سىغقانلىقى، يۇمۇرنىڭ بەلگىلىك قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، ئۆتكۈر تىغىنىڭ ئۆز ئوبيېكتىگە دەل جايىدا تەگكەنلىكى، يۇمۇرنىڭ ئاخىرقى يېشىمىنىڭ پەلسەپىۋى قائىدىگە ئىگە بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھەجۋىي ئوبيېكتىنىڭ كۆپ ھاللاردا بىۋاستە، بەزىدە ۋاستىلىك بولىدىغانلىقى، يۇمۇرنىڭ كۈلكىلىك بولغانلىقى، ئۇ كۈلكىنىڭ پۈتۈن يۇمۇرغا تولۇق سىڭىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت خۇسۇسىيەتلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان يۇمۇردىن ئىبارەت بۇ كۈلكىلىك ژانىر باشقىچە جانلىنىپ، يېڭىچە ھاياتىي كۈچىنى كۆرسەتتى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «تارىم»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا نۇرغۇنلىغان يۇمۇرلار ئېلان قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ۋە توي - تۆكۈن، مەشرەپ قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان يۇمۇرلار توپلاپ رەتلىنىپ، 1986 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «يۇمۇرلار» (ئۇچقۇنجان ئۆمەر، ئابدۇرۇسۇل ۋارىسى تۈزگەن)، 1989- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «تىكەنلىك گۈل» (راخمانجان رۇسۇل، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، تۇرسۇنجان ھاشىملار تۈزگەن)، 1992 - يىلى يەنە ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «يۇمۇرلار» (ئابدۇكېرىم ئىبراھىم تۈزگەن) قاتارلىق كىتابلار نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر يۇمۇرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، يۇمۇرچىلىقىمىز مول تەتقىقات ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

يۇمۇردىن ئىبارەت بۇ كۈلكىلىك ژانىر بالىلار ئەدەبىياتى ساھەسىگىمۇ كىرىپ، بالىلارنىڭ ياخشى دوستىغا ئايلىنىپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «تارىم غۇنچىلىرى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپلىگەن بالىلار يۇمۇرلىرى ئېلان قىلىنىپ، كەڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈر- بالىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. مول تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە بۇ يۇمۇرلار بالىلارنى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، راستچىللىق، توغرىلىق، سەممىيلىككە ئۈندەپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە، شۇنداقلا جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشتىكى خىلمۇ خىل ھادىسىلەرنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىپ، بۇ جەھەتتە خېلى ئىجابىي رول ئوينىدى. مەسىلەن، «يېڭى ئۆتكۈزگۈچ» دېگەن يۇمۇردا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئوقۇتقۇچى: توك ئۆتكۈزگۈچ دېگەن نېمە؟

ئوقۇغۇچى: توك ئۆتكۈزەلەيدىغان ماددا.

ئوقۇتقۇچى: مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

ئوقۇغۇچى: مەسىلەن كۈنجۈت مېيى، ئويۇن بېلىتى، خاسىڭ، ئالما قاتارلىقلار ئۆتكۈزگۈچ بولالايدۇ.

ئوقۇتقۇچى: بۇ نەرسىلەر قانداقمۇ ئۆتكۈزگۈچ بولالىسۇن؟

ئوقۇغۇچى: چاتاق يوق، بىزنىڭ بۇ يەردە ھەر قېتىم توك كەتكەندە توك بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسىگە ئاشۇ نەرسىلەرنى ئاپارساق دەرھال توك بېرىدۇ.»

«ئۇ چاغدا» دېگەن يۇمۇردا مۇنداق دېيىلگەن:

«موماي: قوزام، سەن چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىسەن؟

نەۋرىسى: موما، مەن چوڭ بولغاندا ئايروپىلان ھەيدەيمەن، سېنىمۇ ئايروپىلانغا چۈشۈرىمەن.

موماي: ئۇ چاغدا مەن قېرىپ ئۆلۈپ كېتىمەن.

نەۋرىسى: ياق، ئاپام سېنى ‹ئۆلمەيدىغان قېرى› دەيدىغۇ؟»

«شامال چىقىۋاتسا» دېگەن يۇمۇردا مۇنداق دېيىلگەن:

«يېڭىلا كىيگۈزۈپ قويغان كىيىملىرىنى لاي، توپىغا مىلەپ كىرگەن ئوغلىنى كۆرگەن ئانا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

ـسەن نېمە ئۈچۈن كىيىملىرىڭنى ھەمىشە كىر قىلىپلا يۈرىسەن؟

ئوغلى: تالادا شامال چىقىۋاتسا، ماڭا نېمە ئامال.»

دېمەك بۇ يۇمۇرلاردا بالىلارنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ ئوبرازلىق، قىزىقارلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

(3)

بۈگۈنكى ئۈچۈر دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىدە، تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنىدا يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلمەكتە. مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى يىلدىن - يىلغا مۇرەككەپلىشىپ، خىلمۇ خىل زىددىيەتلەر بىلەن تولماقتا. گەرچە ئىنسانلار بىر مەدەنىي دۇنياغا يۈزلەنگەن ۋە يۈزلىنىۋاتقان دەۋردە تۇرسىمۇ، يەنىلا چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كۈنسايىن ئۆتكۈرلەشمەكتە. بۇ رېئاللىق يۇمۇرغا تۈگىمەس - پۈتمەس تېما بېغىشلايدۇ، ئەلۋەتتە.

تۇرمۇش بېيىپ مۇرەككەپلەشكەنسېرى ئىنسانلارنىڭ يۇمۇرغا بولغان ئېھتىياجى كۈچىيىپ بارىدۇ. شۇڭا يۇمۇر ئىنسانلارنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشىدىن ھالقىپ، ئۇلارنىڭ چوڭ - چوڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي پائالىيەتلىرىگە، زامانىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىگە سىڭىپ كىرمەكتە. شۇڭا بۈگۈنكى دۇنيادا چوڭ- چوڭ يىغىنلار، دىپلوماتىك پائالىيەتلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئۇچرىشىشلار، دىپلوماتىك سۆھبەتلەر، ھەتتا ئىلمىي دوكلاتلارمۇ يۇمۇرسىز بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا يۇمۇر سودا ئېلانلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىگىچە سىڭىپ كىرىپ، رايون بىلەن رايون، دۆلەت بىلەن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولماقتا.

دېمەك يۇمۇر ھازىرقى دۇنيادا ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر گۈزەل مەزمۇنى ۋە شەكلىگە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن بەزىدە يۇمۇر بىلەن لەتىپە، چاقچاقلار ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلۇپ، لەتىپە بىلەن يۇمۇر، يۇمۇر بىلەن چاقچاق پەرقلەندۈرۈلمەي قالىدۇ. شۇڭا يۇمۇر بىلەن لەتىپە، چاقچاق ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق بىلەن ئارىلىقنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مەيلى يۇمۇر، لەتىپە بولسۇن، مەيلى چاقچاق بولسۇن، ھەممىسىلا ئەدەبىياتنىڭ ھەجۋىي تۈرلىرىدىن ئىبارەت، قىزىقارلىق ۋە كۈلكىلىك ۋەقەلەر، كۈلكىلىك گەپ - سۆزلەر، كىنايىلىك ئىبارىلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋەقەنى ئەپچىل قۇرۇلما، پىششىق تاۋلانغان تىل ئارقىلىق تېز ئىپادىلەيدۇ. لېكىن بۇ ئۈچى بىر نەرسە ئەمەس.

لەتىپە بىلەن چاقچاق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ھەجۋىي شەكىلدۇر. لېكىن چاقچاق لەتىپە رولىنى ئوينىيالمايدۇ. لەتىپە يۈكسەك دەرىجىدە تاۋلانغان، دەۋرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، پەلسەپىۋى مەزمۇنى

www.uyghurkitap.com



چوڭقۇر، بىر ئاڭلاش بىلەنلا ئاڭلىغۇچىدا ئىختىيارسىز كۈلكە پەيدا قىلىدىغان مول مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل ھەجۋىي بەدىئىي شەكىل. «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»، «موللا زەيدىن لەتىپىلىرى» كەبى ئومۇملۇققا، مىللىي خاراكتېرگە، ھەتتا بەلگىلىك دۇنياۋىلىققا ئىگە بولغان لەتىپىلەردۇر. مۇنداق لەتىپىلەرنىڭ تەسىرى كەڭ ۋە چوڭقۇر، ئەدەبىي بولىدۇ. ئۇ بىر پۈتۈن مىللەت ئارىسىدا كەڭ تارىلىپ، پۈتۈن خەلق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بولىدۇ. چاقچاق بولسا بەلگىلىك لەتىپىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، لېكىن لەتىپىلىك خۇسۇسىيىتى تولۇق ھازىرلانمىغان، پەلسەپىۋى پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى تېيىزراق ھەم مەنتىقىلىق باغلىنىشى تېخى تولۇق بولمىغان بىر خىل ئاغزاكى ئەدەبىي شەكىلدۇر. ئۇ مەلۇم رايون دائىرىسىدە كەڭرەك، تېخى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشمىگەن بولغاچقا، ھامان دەۋرنىڭ سىناقلىرىغا دۇچ كېلىدۇ.

يۇمۇر يازما ئەدەبىياتقا مەنسۇپ بولغان بىر خىل ھەجۋىي تۈر بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە يازغۇچىلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە لەتىپە بىلەن چاقچاق ئارىلىقىدا بولىدۇ. يۇمۇر جەمئىيەتتىكى يامان ئىللەتلەرنى مەسخىرە قىلىش يولى بىلەن پاش قىلىپ، گۈزەل پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. شۇڭا يۇمۇر مەسخىرىلىك يۇمۇر ۋە مەدھىيە يۇمۇرىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. مەيلى مەسخىرىلىك يۇمۇر ياكى مەدھىيە يۇمۇرى بولسۇن چىنلىق ئۇنىڭ ئاساسى، تەسەۋۋۇر - قانىتى، كۈلكە - ئېنېرگىيىسى، پەلسەپىۋى قائىدىلەر ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىدىن ئىبارەت. شۇڭا يۇمۇر رېئاللىققا نىسبەتەن ئادەملەردە بەلگىلىك ئەكس سادا پەيدا قىلىدۇ. بۇ توغرىدا ئېنگېلس: «يۇمۇر ئەقىل - پاراسەتنىڭ، تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنىڭ ئىپادىسى» دېگەنىدى. شۇڭا مۇنەۋۋەر يۇمۇرلار جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ. بىر ياخشى يۇمۇرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى بىر ياخشى سىياسىي ئوبزورنىڭ ئىدىيىۋى ئۈنۈمىگە تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئاخىرقى نەتىجىسى ئوبزورغا ئوخشاپمۇ كېتىدۇ.

مەسىلەن: «ئىش توختاپ قالدى» دېگەن يۇمۇردا مۇنداق دېيىلگەن:

«مەلۇم بىر زاۋۇت باشلىقىنىڭ يېشى پېنسىيىگە چىقىش يېشىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېشىنى يوشۇرۇپ، پېنسىيىگە چىقىشقا ئۇنىمايدىكەن، زاۋۇت باشلىقى بىر كۈنى سېخ باشلىقىنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن:

- سېخنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىۋاتامدۇ - قانداق؟ - دەپ سورىغانىكەن، سېخ باشلىقى:

- پېشقەدەم باشلىق، سىزنىڭ يېشىڭىز توختاپ قالغاندىن بېرى سېخنىڭ ئىشمو ئىلگىرى سۈرۈلمەي قېلىۋاتىدۇ، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.»

ئۇنى ئوبزورغا ئوخشاپ كېتىدۇ دېگىنىمىز ئۇ بەلگىلىك دەلىل - ئىسپاتتىن پايدىلىنىپ، دەلىللىكى بولغان ھالدا ئوبيېكتقا ھۇجۇم قىلىدۇ ياكى نىشان قىلغان ئوبيېكتنى مەدھىيىلەيدۇ. شېكىسپىر: «يۇمۇر ئەقىل - پاراسەتنىڭ نامايەندىسى» دېگەنىدى. شۇڭا يۇمۇر ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ جەھەتتە كۆپرەك ئىزدىنىشكە، كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر يۇمۇر، بىرىنچىدىن، تۇرمۇشنىڭ پەلسەپىۋى قائىدىلىرىنى توغرا ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى ئۈنۈمگە ئىگە قىلالىسا،

ئىككىنچىدىن، كۆچلۈك سىياسىي خاھىشچانلىقتا، چوڭقۇر ۋە مۇستەھكەم مەنتىقىلىقتا ئىگە بولالىسا، ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان قائىدىلىرى تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە زىچ ئۇيغۇنلىشالىسا، تۆتىنچىدىن، يۇمۇردىكى كۆز قاراش بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولالىسا، بەشىنچىدىن، يۇمۇرنىڭ كۈچ - قۇدرىتى - ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي قىممىتى ئۇنىڭدىكى ئاساسىي ۋاستە كۈلكە ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، مۇنداق يۇمۇرنى ياخشى يۇمۇر دېيىشكە بولىدۇ.

(4)

يۇمۇر ئۇزاق تارىخقا ئىگە بەدىئىي شەكىل. ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ 2500 ـ 3000 يىل ئىلگىرى قەدىمكى يۇناندا پەيدا بولغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ يۇمۇر خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مەھمۇد قەشقىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەھمەت يۈكنەكى، ناۋايى قاتارلىق دانىشمەنلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بىرمۇنچە يۇمۇرلار نەقىل كەلتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە باي مىللەت. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى يۇمۇرسىز، كۈلكە - چاقچاقسىز ئۆتمەيدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى كۆنىپرى مۇرەككەپلىشىپ ۋە نازۇكلىشىپ بارماقتا. كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئۆزئارا رىقابەت، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ ئالاقە سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ روھىي پوزىتسىيە تەلەپ قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى يۇمۇرلۇق نۇقتىئىينەزەر بىلەن كۆزىتىپ، ئۆزىدە ئۈمىدۋار، زېرەك، ئوچۇق - يورۇق مىجەز خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشىدىكى يۇمۇرنىڭ كۈۋرۈكلۈك رولىغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. شۇڭا ئەدىبلىرىمىز رېئال تۇرمۇش قايىنىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى يۇمۇرلارنى ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ قىزىقارلىق ژانىرنىڭ گۈللەپ ياشىنىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

(بېشى 139 ـ بەتتە)

بەشىنچى، خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى پاجىئە بىلەن سۇغۇرۇلغان، تىراگېدىيىلىك توقۇنۇش ۋە زىددىيەتلەر بىلەن تولغان.

مەلۇمكى، تراگېدىيىلىك گۈزەللىك ـ گۈزەللىكنىڭ بىر خىل يۇقىرى شەكلى، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا قەدىمكى يۇنان تراگېدىيىلىرىدىن تارتىپ ھازىرقى مودېرنىزىم ئەدەبىياتىغا قەدەر تراگېدىيە پۇرىقى قويۇق ئەسەرلەر ئىزچىل ئالقىشلىنىپ كەلدى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىمۇ توختاۋسىز تەكرارلىنىپ تۇرغان ترگېدىيىلەر ئىچىدە ئۆز-ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ باردى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تراگېدىك ئەسەرلەر كۆپ يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي سەنئەت قىممىتىگە ئىگە ترگېدىيىلىك ئەسەرلەر كۆپ ئەمەس. خالىدە ئىسرائىل بىر ئايالغا خاس سەزگۈر كۆز بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تراگېدىك زىددىيەتلەرنى چوڭقۇر كۆزەتكەن، بولۇپمۇ ئاياللار دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئىجتىمائىي پاجىئەلەرنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ھەۋزىخان ئوبرازىغا ئوخشاش بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ بىزدە قالدۇرغان تەسىراتى ئۇزاققىچە تارقالمايدۇ. بىزگە يىغا بىلەن ياندىشقان مۇڭ، شېرىن ئازاب، ئىچكى ئىزتىراپ ۋە پاجىئە بىلەن سۇغۇرۇلغان شادلىق بەخش ئېتىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا

ئەنەيتۇللا قۇربان

## ئىلھام ھەققىدە يىغىنچە قاراش

ئىلھام ئالاھىدە ئىجادىيەت تەپەككۇرى سۈپىتىدە سىرلىق تۈسكە، ئىلاھىي كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولسىمۇ، شۇنداقلا ئۇ يازغۇچى ئىجادىيىتىدىن ئايرىلالمىسىمۇ، ئىلھامنى نوقۇل ئەدەبىي ئىجادىيەتكىلا تەۋەلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچە ۋە بىلىم ھاسىل قىلىشىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا ئۇ تەسىر كۆرسەتكۈچ مۇھىتقا قارىتا كىشىلەردە پەيدا بولغان ئىدراك ۋە ھېسسىنىڭ ئويغىنىشى. ئومۇمەن، ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى بىلەن پسىخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرىكىشى نەتىجىسىدە تاشقى مۇھىتقا قارىتا پەيدا بولىدىغان غىدىقلىنىش ۋە مەنىۋى سېزىم ئەڭ ئالدى بىلەن قىزىقىش ياكى بىزارلىق تۈسىدىكى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ھېل مەلۇم مەقسەتكە، مەلۇم نىشانغا يېتەكلىنىشى بىلەن ئىلھامنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىدا بۇ خىل ھالەت ئۈزلۈكسىز دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ.

قاتتىق ھاياجانلىنىش يۈرەك ئاغرىقى، قان بېسىمى يۇقىرى دېگەندەك ئاغرىقلارغا قارىتا ئەجەللىك يوك ھەم زەربە. بىماردا ئەسلى مەۋجۇت يۈرەك ئاغرىقى ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى، ھاياجانلىنىش بولسا، پسىخولوگىيىلىك ياكى مەنىۋى ئۆزگىرىش. پسىخىك تەسىر، مەنىۋى پائالىيەت ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى بىلەن باغلىنىشلىقتا ئىگە بولىدۇ، چۈش - ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ تاشقى مۇھىت ئاساسىدا تەرتىپسىز غىدىقلىنىشى. ئەقلىدىن ئازغان كىشىلەردىمۇ ھاياجان بولىدۇ (ئەلۋەتتە بۇنىڭ بىر خىل ئىپادىسى). ئۇلارنىڭمۇ كۆزياش قىلغىنىنى، كۈلگەنلىكىنى، ۋارقىراپ ئىدىغانلىقىنى، ناخشا ئېيتىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئادەمنىڭ مەنىۋى ئۆزگىرىشى، ئىچكى كەچۈرمىشى، قەلب غىدىقلىنىشى، پسىخىك پارتلىشى ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان ئىلھام ئادەملەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىچكى پائالىيىتى بىلەن پسىخولوگىيىلىك ئىچكى پائالىيىتىنىڭ بىرىكىشى ئاساسىدا ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەتتە ئىنساننىڭ ھېس - تۇيغۇسى، تەپەككۇرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ.

ئىلھام چۈشەنچىسى ئەدەبىيات- سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بەزى كىشىلەر تالانت ھەققىدە ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىپ، ئۇنى تىرىشچانلىق، ئەمگەك بىلەن باغلىغىنىغا ئوخشاش ئىلھامنىمۇ ئوخشاشلا شۇلار بىلەن باغلاپ، ئۇنىڭ سۈبيېكتچانلىقىنى، شۇنداقلا مۇئەييەن ھەرىكەت تۈسىگە كىرمىگەن ئەھۋالدىمۇ ئىجادكار ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يېزىلىپ ياكى ئىشلىنىپ تاماملانغان بەدىئىي ئەسەرگە سىڭىشىپ كېتىش ئارقىلىق ئاخىرى كىتابخان ياكى تاماشىبىن ۋۇجۇدىدا تىرىلىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ.

ئىلھام ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ تەسىر نىشانى بولغان كىشىلەر قەلبىدە پەيدا بولىدىغان سۇبيېكتىپ تۇيغۇ ۋە مەنىۋى كەيپىيات. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى نوقۇل ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىگىلا تەئەللۇق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ، جەمئىيەتتىكى فىزئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى، پسىخىكىسى، ئەقىل ئىقتىدارى نورمال ئادەملەردە ئادەتتە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر خىل نازۇك سېزىم. ئۇنىڭ قوزغىلىش نۇقتىلىرى تالانتقا، ئىجادىيەت ماھارىتىگە قارىغاندا ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ، سوزۇلۇش ۋاقتىمۇ بىر قەدەر ئۇزۇن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ تالانت ھەم بەدىئىي ماھارەتكە ئوخشاش ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە ئىجادىيەت جەريانى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

بۇ يەردە مۇئەييەنلەشتۈرۈش قىيىن بولغان مۇنداق بىر مەسىلە مەۋجۇت: ئىلھام سەنئەتكار بىلەن تەسىر ئوبيېكتى ئارىسىدا ئارىلاپ يۈرىدىغان شەكىلسىز، رەڭسىز كۆۋرۈك ياكى ھالقا، شۇڭا بىز ئەدەبىيات-سەنئەتنى پەقەت تەربىيىلەش رولىغىلا ئەمەس، بەلكى تەسىرلەندۈرۈش، ھۇزۇرلاندۇرۇش، غىدىقلاش ۋە قوزغىتىش رولىغىمۇ ئىگە بولىدۇ دەپ قارايمىز، ئالدى بىلەن بىر خىل نازۇك سېزىمنىڭ غىدىقلىشى ئارقىلىق ئاندىن كىتابخاندا ئەقىل-ئىدراك ۋە تەسىر پەيدا بولىدۇ ياكى تەسەۋۋۇر قوزغىلىدۇ.

ئىلھام ئىجادىيەت جەريانى، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇن دائىرىسىگە قارىغاندا كۆپ چەكسىزلىككە ئىگە. ئەمما ئۇنىڭ كىشىلەردە پەيدا بولۇش، بىر ئادەمدە ئوخشىمىغان ۋاقىت ئىچىدە شەكىللىنىش دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. ئىجادىيەت جەريانى باشلىنىشتىن بۇرۇن يازغۇچىدا ئالدى بىلەن ئىلھامنىڭ پائالىيەت جەريانى باشلانغان بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىلھام قەلەم ئىگىسىنى ئىجادىيەتكە باشلاپ كىرىدۇ. مەسىلەن، ئۇسسۇلچىنىڭ ئوبرازلىق ھەرىكىتىلا ئەمەس، بەلكى چىراي، قاش، كىرپىك، كۆز ھەرىكىتى، ھەتتا بەدەندىكى ھەر بىر پارچە مۇسكۇل ھەرىكىتىمۇ سەنئەت تۇسىگە كىرىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇ تاماشىبىندا مۇئەييەن پىكىر قوزغىمىسىمۇ، بىر خىل نازۇك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئىپادىلەپ بېرىدىغىنى ئىلھامنىڭ پۈتكۈل جەريانى ئەمەس، بەلكى ئىلھام قوزغاتقان پىكىر ھەم ھېسسىيات، ئىلھام پەيدا قىلغان تەسەۋۋۇر ھەم تەسىرات جەريانى. چۈنكى ئىلھام تاسادىپىي شەكىللىنىدۇ، تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا مۇشۇ سىرلىق سۈرئەت يازغۇچىنى تەبىئەتتىن، رېئاللىقتىن ئىجادىيەتنىڭ بەدىئىي مۇھىتىغا ئېلىپ كىرىدۇ.

ئىلھامدىن ئىبارەت بۇ كىشى قەلبىنى غىدىقلىغۇچ بەزىدە قەلەمكەش ئىجادىيىتىدە مۇئەييەت پىكىرنى قوزغىسا، بەزىدە ھېچقانداق باش-ئاخىرىنىڭ تايىنى يوق، چۇۋچۇمەل، چېگىش، شۇنداقلا كىشى خالايدىغان نازۇك تۇيغۇ، تەسىراتلارنى پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇنداق سېزىمنى ئىپادىلەپ بولغان قەلەم ئىگىسى ياكى سەنئەتكار ئۆزىنىڭ بۇ بەدىئىي قۇرۇلمىسىدا نېمە ئەكس ئەتكەنلىكىنى دەپ بېرەلمەسلىكى، توغرىسى ئېنىق بىر نەرسىنى ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى بىلەن باغلاپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭ ئەسەر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، چۈنكى بۇنى كۆرگەن كىتابخاندىمۇ شۇ خىل نازۇك تۇيغۇ قوزغىلىدۇ.

بەدىئىي ئەدەبىيات سەنئەتكارنىڭلا ئىجادىيىتى ئەمەس ياكى سەنئەتكارغىلا خاس مەنىۋى پائالىيەت جەريانى ئەمەس، چۈنكى ئىلھام سەنئەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانمىغان كىشىلەردىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى ئىجادىيەت مەھسۇلاتى بېرىدىغان تەسىر بولسۇن، مەيلى ئىجادىيەتكە كۆچمىگەن مەنىۋى پائالىيەت جەريانى بولسۇن، ئالدى بىلەن غىدىقلىنىش، نازۇك ھېسسىيات بېغىشلاش ئاساسىدا لەززەتلىنىش، ھۇزۇرلىنىش تۇيغۇسى ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي تەسىر جەريانىدا كۆرۈلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئىلھام- تۇرلۇك ئىلمىي پائالىيەتلەر جەريانىدا ئاپتور ئىدىيىسىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىشى، ئاپتور كەيپىياتىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنىڭ قوزغىتىشى بىلەن پەيدا بولغان ئىجادىيەت قابىلىيىتى ياكى ئىجادىيەت، كەشپىيات تۇيغۇسى.

ئىلھام تەپەككۇر جەريانىدىكى بىر خىل ھادىسە، بارلىق تەپەككۇر ھادىسىلىرىگە ئوخشاشلا ئومۇم ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى بىر خىل ئىنكاسى (بۇ خىل ئىنكاس جەريانىنىڭ سۇبيېكتىپ ئاڭ قاتلىمىغا تەۋە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېستىتېكا ۋە پەلسەپە ھامان ئېتىراپ قىلىشى كېرەك). ئىلھام ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى، ئۇ سۇبيېكتىپ تۇيغۇ ياكى ئاڭنىڭ ئوبيېكتىپلىشىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ۋە يەنە سۇبيېكتىپ جەريانغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق تەپەككۇر پائالىيىتىنى شەكىللەندۇرىدۇ، ئۇ ئىدىيىۋى كەيپىيات يۇكسەك مەركەزلەشكەندە پەيدا بولىدۇ-دە، تونۇش، چۇشەنچە، ئۇقۇم چوڭقۇرلۇقى بولغان تەپەككۇرنى ھاسىل قىلىدۇ.

دېمەك، ئىلھامنى ئەقىل-ئىدراك، بىلىم-چۇشەنچىنىڭ باشلامچىسى، تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي ھالقىسى دەپ قارىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ رېئال دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ رېئاللىقتا سۇبيېكتىپ مۇئامىلە قىلىشىدىكى قەدەم- باسقۇچ ھېس -تۇيغۇ، ئىدراك، ئەقىل-چۇشەنچە فورمۇلىسى بويىچە بولىدۇ.

باللار تۇرمۇشقا نىسبەتەن ساددا، گۈزەل تۇيغۇدا بولىدۇ. ئۇلار ھەرگىز ئاسترونوم، خىمىك، ماتېماتىك ياكى پەيلاسوپ ئەمەس. ئادەتتە كىشىلەرمۇ رېئاللىق ھەققىدە دەسلەپتە ئۇنداق تۇيغۇ شەكىللەندۇرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا، تەسەۋۋۇرىدا، تۇيغۇلىرىدا ئوبيېكتنىڭ ئۆز خۇسۇسىيىتى ياكى ماھىيەتتىن چەتنىگەن خۇسۇسىيىتى بويىچە تەپەككۇر جەريانى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن رېئاللىقتىكى نۇرغۇن مەۋجۇداتلار، ھادىسىلەرگە سۇبيېكتىپ ئاڭ سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

بىرەر دەرەخ، دالا، دەريا، چىمەن، ئاسمان، تاغ، يېشىللىق قاتارلىقلاردا شېئىرىي تۇيغۇلارنىڭ گەۋدىلىنىشى ئۇلاردىكى ئەسلى ماھىيەتكە سۇبيېكتىپ تۇيغۇ ۋە شېئىرىي سېزىمنىڭ ئارىلىشىشىدىن بولىدۇ.

ئىلھام يېزىقتا ئېلىۋالغىلى بولىدىغان تەپەككۇر مەھسۇلاتى ئەمەس. شۇنداقلا ئۇ، قايتا قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكىلى، كۆچۈرۈۋالغىلى بولىدىغان جاپالىق ئەمگەكنىڭ ئېنىق قالدۇقى ۋە ياراتمىسى ئەمەس، ئىجادىيەت جەريانى مەنىۋى ئەمگەك جەريانى، ئۇ ئارقىلىق بىلىم-چۇشەنچىگە، نەزەرىيىۋى قاراشقا ۋە ئىجادىيەت ماھارىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئەمما ئىلھام ئۇنداق نەرسە ئەمەس. سىزمەيلى قانچىلىك زور ئەمگەك سەرپ قىلىڭ، ئىككىنچى قېتىملىق ئىلھام پائالىيىتىنى شەكىللەندۇرۇش ۋە ئۇنى ئىجادىيەت بىلەن باغلاشتا يەنىلا قايتا كۈچ سەرپ قىلىسىز. ئەسلى شەكىللەنگەن، زور ئەمگەك سەرپ قىلىپ ئىجادىي ئۇتۇقنىڭ ئانىسى قىلغان ئىلھامنىڭ قالدۇقىنى مۇقىم، ئېنىق بەدىئىي ماھارەت، تېخنىكا ياكى ئىجادىيەت ئىقتىدارى ھالىتىدە ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ.

يازغۇچى ئىلھامنىڭ ئەمگەك، تىرىشچانلىق ئارقىلىق تاۋلىنىدىغانلىقى ۋەپىششىقلىنىدىغانلىقىنى نەزەرىيىلەشتۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ سىرلىق ھەم سېھىرلىك ھالىتىگىمۇ ئېتىبار بىلەن قارىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا تاسادىپىي، تۇيۇقسىز، ئىختىيارسىز شەكىللىنىدىغان ئىلھامغا توغرا مۇئامىلە قىلالايمىز، ئۇنى ئۇستەل ئالدىدا قەلەم -دەپتەر تۇتقان ھالدا كۇتۇۋالماستىن، ھاياتنىڭ رەڭدار قوينىدا، تۇرمۇشنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقىقىدا كۇتۇۋالالايمىز. خۇددى كونا تونۇشلاردەك، قەدىناسلاردەكلا

دىلىغۇلىسىز دىدارلىشالايمىز. كىشىگە چۈشمۇ نۇرغۇن ئىلھام بېرىدۇ. ئويۇن -كۈلكە ئەمگەك ئەمەس، ئەمما ئىلھام بىلەن دوستلۇق قويۇق ھايات شەكلى. تۇرمۇش ۋە ھاياتنىڭ نازۇك، يېپىق، چەكلەنگەن رايونلىرى ئۆزىگە ئوخشاشلا ئالاھىدە ئىلھام سوۋغا قىلىدۇ. دېمەكچىمەنكى، قەلەم ئىگىسى خۇددى تالانتقا ئوخشاشلا ئىلھامغىمۇ ھەم تولىمۇ سىرلىق، ھەم تولىمۇ ئوبيېكتىپ باھا بېرىپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ قالىدىغان، ياتلىشىدىغان ھادىسىدىن ساقلىنىشى كېرەك. مېدىتسىنا ئادەم فىزىئولوگىيىسىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى. ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىسى بىلەن پسىخىكىسى ئوتتۇرىسىدا مۇكەممەل، ئىلمىي گارمونىك باغلىنىش بار. ئىلھام، تالانتمۇ تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرى. ئەمما بۇ تەسىرنى قوبۇل قىلغۇچى، قايتىلانغۇچى يەنىلا ئىچكى ئامىل، يەنى ئادەمنىڭ مەنىۋى پائالىيەت جەريانى. مەسىلىگە شۇنداق قاراشقا بولىدىكەن، ئۇنداقتا ئىلھام يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشىنىڭ، تېما تاللاش، پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يېڭى شەكىل ۋە ئىپادىلەش شەكلى يارىتىشىنىڭ، قىسقىسى، ھەممىسىنىڭ ئاساسى.

ئىلھام تەپەككۇر جەريانى بىلەن بىردەكلىشىپ كەتكەن مەنىۋى پائالىيەت جەريانى. ئۇمۇ تەپەككۇرغا ئوخشاشلا ئىزچىللىقتا ۋە دەۋر قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىلھام تەپەككۇرنىڭ ھېسسىياتلىنىشى ياكى پارتلىشى، لىرىك قوزغىلىشى بولۇشى مۇمكىن.

ئومۇمەن، ئىلھام پائالىيىتى مەنىۋى پائالىيەت. ئۇ ئىجادىيەتكە قارىتا تەييارلىق باسقۇچىنىڭ نازۇك ھەم چوڭقۇر قاتلىمى ياكى مەركىزى. پىكىر، خاھىش، ھېسسىيات ئىلھام بىلەن باغلىنىدۇ. بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ يېزىلىشى، قۇرۇلمىسى، يېشىمى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرچانلىقى، ئۈنۈممۇ ئىلھام بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىرەر پارچە ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىش جەريانىدىكى تېما تاللاش، ماتېرىيال توپلاش ۋە تاۋلاش، ژانىر ۋە ئىپادىلەش شەكلىنى مۇۋاپىق تاللاش، تىل ئىشلىتىش، ئوبرازلار تەسۋىرى قاتارلىقلاردا ئىلھام ئاساس قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئىلھام يەنە ئېستېتىك ئاڭ، سۇبيېكتىپ ئاڭ، مەنىۋى كەيپىيات، ئىدىيە، خاھىش، ھېس -تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى. مەيلى سەنئەت ئىجادىيىتى، مەيلى كەشپىيات بولسۇن، ئىلھامنىڭ تەسىر كۈچى ۋە قوزغاتقۇچ ھالىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىلھامنىڭ شارائىت، ۋاقىت تاللاپ بولىدىغانلىقىغا ھەم پەقەت ئەمگەك ئارقىلىقلا شەكىللىنىدىغانلىقىغا بىر تەرەپلىمە بېرىلىپ كەتمەيمىز، چۈنكى ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارنىڭ مەنىۋى پائالىيەت جەريانى نوقۇل ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەپەككۇر جەريانى بىلەن بىردەك ئىزچىللىقتا ئىگە بولغان ئىلھامنى ھېس قىلىش، تاللاش ۋە ئۇنى ئۇرغۇتۇش ، يەنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش جەريانى ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك.

ئىلھامنى ماكان، زامان چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئىجادىيەتكە ساقلاپ قېلىش ۋە قايتىلاش بۇ بىر سىر. ئىلھام خۇددى تەپەككۇر جەريانىغا ئوخشاشلا يازغۇچى-سەنئەتكارنىڭ مەنىۋى پائالىيىتىدە ئىزچىللىقتا ئىگە. دېمەك، ئۇ ئادەمدە دائىملىقتا، دەۋرىي قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى ۋاقىتتا ئىجادىيەتتە ئىلھامغا بولغان سىرلىق ئىنتىلىش ئەمەلىيەتتە بەدىئىي ماھارەت يېتەرسىزلىكىنىڭ ئىپادىسى. تالانت ۋە ئىلھامنىڭ توقسان توققۇز پىرسەنتى ئەمگەك دېگەنلىك ھەرگىزمۇ تالانت ۋە ئىلھامنى شەكىللەندۈرۈشنى كۆرسەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى ئەمگەك پەقەت ئىجادىيەت ماھارىتىنى تاكامۇللاشتۇرالايدۇ، تالانت ۋە ئىلھامنى قايتا پەيدا قىلالمايدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com



ئازاد سۇلتان

## ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى يۇلتۇز – يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل

خالىدە ئىسرائىل 1985-يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇ گويا بىردىنلا بەرق ئۇرۇپ چېچەكلىگەن باھار گۈلىدەك ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ ئاز، ئەمما ساز بولغان، كىتابخانلار قەلبىنى لەرزىگە سالالىغان ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىز مۇنبىرىدە ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئالدى.

ئۇ 1985-يىلى ئېلان قىلغان تۇنجى ھېكايىسى – «ئېھ، ھايات»تىن باشلاپ ھازىرغىچە «ئانا»، «ئويغىنىش»، «ئەڭ گۈزەل خاتىرە»، «يىلتىز». «ھاڭگىرت كۆلى»، «قومۇلۇقنىڭ چۈشى»، «ئۇ كۆزلەر»، «رەڭدار قويۇن»، «باھاردا ياغقان قار»، «ئوربىتا» قاتارلىق ساناقلىقلا ھېكايە، پوۋېستلىرى بىلەن نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا تەسىرى زور يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بىر قىسىم ھېكايە، پوۋېستلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياخشى باھالارغا ئېرىشتى. مۇھىم ئەسەرلىرى «قومۇلۇقنىڭ چۈشى» دېگەن نام ئاستىدا توپلام قىلىنىپ، قايتا نەشر قىلىندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاپتورلار قوشۇنى كۈنسايىن زورايغان، ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەر كۆپلەپ يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن كىتابخانلار ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان، ئەسەرلىرى زور غۇلغۇلا قوزغىغان يازغۇچىلار ناھايىتى ئاز، خالىدە ئىسرائىل دەل مۇشۇ تىپتىكى ساناقلىقلا يازغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر.

بىز خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئىجادىيەت يولىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا مۇنداق بىر ئالاھىدە ئەھۋالنى ھېس قىلىمىز: ئۇنىڭ ئىجادىيەت قەدىمى نىسبەتەن كېيىن تاشلانغان 1985-يىلدىن بۇرۇن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنمىغان، ئۇنداقتا ئۇ تاسادىپىيلا نامەلۇم بىر غايىۋى كۈچتىن ئىلھاملىنىپ يازغۇچى بولۇپ قالدىمۇ؟ كىتابخانلار نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممىلا ئەسەرلىرىنى شۇنچىلىك ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ؟ ئەلۋەتتە بۇنداق بولۇشىنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بار. خالىدە ئىسرائىل بىر سەنئەتكارغا خاس سەۋرچانلىق بىلەن رېئال تۇرمۇشنى ئۇزۇن مۇددەت كۈزەتكەن، مىللىي ئەدەبىياتىمىز ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان ۋە ھايات، جەمئىيەت، شۇنداقلا ئەدەبىيات توغرىسىدا تەپەككۇر قىلغان. ئالدىراپ نام چىقىرىشنى مەقسەت قىلماي، ئۇزۇن كۈنلەر بىلەن جىمجىت تۈنلەرنى جاپالىق ئىزدىنىشكە، ئۆزىدە ئالاھىدە بەدىئىي دىت يېتىلدۈرۈشكە سەرپ قىلغان. شۇنىسى ئېنىقكى، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ھەر قانداق بىر مەشھۇر ئەسەر تاسادىپىيلا مەيدانغا كەلگەن ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كەينىگە سانسىزلىغان جاپالىق ئىزدىنىشلەر بىلەن ئۇن-تىنسىز تۆككەن قان-تەرلەر

يوشۇرۇنغان. شۇڭا بىز خالىدە ئىسرائىلنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا قولغا كەلتۈرگەن بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇزۇن مۇددەتلىك يوشۇرۇن چېنىقىش، يەنى تەييارلىنىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز، چۈنكى خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە نىسبەتەن ئاددىي، پىششىقلاشتىن ئۆتمىگەن، بەدىئىيلىكى تۆۋەن ئەسەرلەر يوق دېيەرلىك. ئۇ گويا ئۇزاق مۇددەتلىك ئىمتاسلىقتىن كېيىن تويۇقسىزلا چېقىلغان چېقىندەك شاۋقۇنسىز ئىلگىرلەۋاتقان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا ئۆز جىلۋىسىنى نامايان قىلدى. ئاددىي، ئەمما ھەقىقىي «ئادەم»لىك ھېس-تۇيغۇغا، مۇرەككەپ، قېلىپسىز ھەم زىددىيەتلىك خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلىرى، رىۋايەتتەك ساددا ۋە گۈزەل ئۇسلۇبى، دەبدەبىسىز، ئەمما ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ پىنھان ۋە ئەڭ نازۇك روھىي تۈگۈنلىرىنى سۈرەتلەپ بېرەلەيدىغان چۈچۈك تىلى بىلەن كىتابخانلار قەلبىنى لەرزىگە سالالىدى. . . قىسقىسى، خەلق خالايدىغان ئەسەرلىرى بىلەن خەلق كۆڭلىنى مايىل قىلدى.

يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي ماھارىتى ئۇنىڭ تۇنجى ھېكايىسى- «ئىھ، ھايات»تىن باشلاپلا ئىپادىلىنىشكە باشلىغان. ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەرنى يازغان ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئاددىي، كىشىلەر تەرىپىدىن ئايالالارنىڭ غەيۋەتلىرى دەپ ئاتالغان «كۇس-كۇس» پاراڭلار ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ كىشىلەر تازا زەن سېلىپ كەتمەيدىغان، ئاسانلا ھېس قىلالمايدىغان نازۇك تەرەپلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە، ھايات گۈزەل، ئۇنىڭ پىنھان چوڭقۇرلۇقلىرىغا ئىنسانلارنىڭ تاتلىق تەبەسسۇمى بىلەن ئاچچىق كۆز يېشى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. يازغۇچى ئارشاڭدىن ئىبارەت بۇ ھاياتلىقنىڭ كىچىككىنە بۆلۈكىنى تۇتقا قىلىپ، بىر تەرەپتىن، ئارشاڭنىڭ مۆڭلۈك ئۆتمۈشىنى سۆزلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، كۆزلىرىدىن ياشلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان ياش چوكان گۈلچېھرەنىڭ دوختۇر قاسىمغا بولغان مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەيدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، پۈتكۈل ھېكايە بىر گۈزەل شېئىرغا ياكى يېقىملىق مۇزىكىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا مۇكەممەل سيۇژېت قۇرۇلمىسى ۋە «ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن» پېرسوناژلار ئوبرازى يوق. يازغۇچى بىر ماھىر قەلەم ئىگىسىگە خاس سەزگۈرلۈك بىلەن تۇرمۇشنىڭ ناھايىتى ئاددىي ۋە «تۇتامغا چىقمايدىغان» تەرەپلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

ھېكايىدە تۇراخۇن بوۋاينىڭ گويا چۈشكە ئوخشاش بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئۇلانما ھېكايىلىرى بىزگە ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئۈزۈلمەس ئېقىمىدىكى تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان چۈچۈك كارتىنىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئارشاڭغا كەلگەندىن كېيىن ياش چوكان گۈلچېھرەنىڭ قەلبىدە ئويغانغان مۇھەببەت ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتىۋېتىدۇ. ئۇ باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. . . يەنە بىر تەرەپتىن، ئارشاڭدىكى ھەممىۋا كىشىلەر ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ. ئايالالار ھاۋا ئاندىن قېپقالغان كۈندەشلىك ۋە رەشك ئازابى بىلەن گۈلچېھرەگە ھەم ئۆچلۈك، ھەم قىزىقىش ئىچىدە قارايدۇ، ئەرلەر ئۆز نازاكىتى ۋە ئايالالارغا خاس ناز-خۇلقى بىلەن ھەممە ئەركەكلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى لەت قىلىۋاتقان بۇ يېقىملىق چوكانغا ھەۋەس بىلەن قارىشىدۇ. . .

دېمەك، ئارشاڭ ئۆز نۆۋىتىدە بىر جەمئىيەت، شۇنداقلا ھاياتلىق دۇنياسى. يازغۇچى كىچىككىنە

ئـارشـاڭدىن ئىبارەت بۇ كۆزنەك ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ خىلۋەت بوشلۇقلىرىغا يوشۇرۇنغان ئاچچىق خۇشاللىق بىلەن شېرىن ئازابنى تولۇق ئېچىپ بېرىدۇ، مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، گۈزەللىكنىڭ ھـەممىنى مەپتۇن قىلىدىغانلىقىنى، ئاددىي تۇرمۇش قاينىمىغا مۇرەككەپ ھايات كەچۈرمىشلىرىنىڭ مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خالىدە ئىسرائىلنىڭ 1988-يىلى ئېلان قىلىنغان «يىلتىز» ناملىق ھېكايىسىمۇ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېـزىلغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ھېكايە باشلىنىشى بىلەنلا ئاپتور ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان دىلئارا بىلەن ئادىلنىڭ مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن ھېكايىنىڭ ئاساسىي تېمىسى باشقا يەردە، يەنى ھېكايىدە ئادىلنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى- تەكلىماكان باغرىدىكى خىلۋەت، نامرات يېزىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېزا تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەر خېلىلا كۆپ يېزىلدى. بىراق بۇ تۈردىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە بېيىشقا باشلىغان دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقى، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە بولغان مىنەتدارلىقى، بېيىغاندىن كېيىن قانداق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكى قاتارلىق يۈزە ۋەقەلەر ۋە تۇرمۇشنىڭ ئايرىم قىسىملىرىلا ئـەكس ئـەتتۈرۈلدى. دېھقانلار ھاياتىنىڭ تاشقى پوستىلا سۈرەتلىنىپ، ئىچكى قىسمى، نېگىزلىك زىددىيەتلىرى، خۇشاللىق ۋە ھەسرىتى، قايغۇ-ئەلىمى ۋە ئەرز-دادى ئەكس ئەتتۈرۈلمىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى شۇ مىللەتنىڭ خۇشاللىقى بىلەن كۈلكىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شۇ مىللەتنىڭ ئازابى بىلەن يىغىسىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم، ئۆز مىللىتىنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، كۈلكىسىنى كۈلەلمىگەن ئەدەبىيات كىتابخانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ.

يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل بۇ ھېكايىسىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن تەكلىماكان باغرىدىكى ئۇيغۇر يېـزىلىرىنىڭ ھەقىقىي رېئاللىقىنى ئېچىپ بەرگەن. قۇرغاق مۇھىت، جاپالىق شارائىت، ئەسىر-ئەسىرلەردىن بۇيان قۇملۇق بىلەن بولغان پۈتمەس-تۈگىمەس ئېلىشىش، خىلۋەت، پىنھان مۇھىتتا دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىلەردىن ئايرىلىپ قېلىش، دىنىي ئاسارەتنىڭ قاتتىق ئىسكەنجىسىگە ئۇچراش جەريانىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ خاراكتېرىدە باشقا خەلقلەرگە ئوخشىمايدىغان، تەكلىماكان مۇھىتىغا خاس بولغان، تىنىمسىز پاجىئەلەرگە يانداشقان ۋە ئۆز خاراكتېرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغان ئالاھىدىلىك شەكىللەنگەن.

بۇ خىل ئالاھىدىلىك قۇملۇق روھى (ياكى تەكلىماكان روھى) بىلەن چەمبەرچاس گىرەلىشىپ كەتكەن.

بىز يازغۇچىنىڭ بىۋاسىتە تۇرمۇش تەسۋىرلىرىدىنلا ئەمەس، ھەتتا تەبىئەت ۋە مەنزىرە تەسۋىرلىرىدىنمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ساپ، ساددا، سۆيۈملۈك شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر قەدەمدە ئۆز ئاجىزلىقىدىن غالىب كېلەلمەيدىغان روھىنى ھېس قىلغاندەك بولىمىز. بىز تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ ئىككى خىل روھنىڭ بۇ ئەسەردىكى ئىپادىسىنىڭ تەسىرىدىن زوقلىنىمىز ۋە قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

«شۇنداق، قۇملۇق جانسىز، ھېسسىياتسىز، تېپتىنچ، ئەمما ئۇ پۈتۈن دەرد-ئەلىمىنى، غەزەپ-

نەپرىتىنى، شادلىقى ۋە مۇھەببىتىنى ئىچىگە چوڭقۇر يوشۇرغان.

«ئۇ پەرداز قىلىشنى بىلمەيدىغان سەھرا ئاياللىرىدەك ساددا، بېزەكسىز، كۆرۈمسىز، ئەمما ئۇنىڭ ئىچ-باغرى پۈتمەس-تۈگىمەس خەزىنە...»

دېمەك، «يىلتىز» ھېكايىسى ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى جانلىق، تەسىرلىك سۈرەتلەپ بەرگەن. ئاپتور ھېكايىدە خۇشاللىقنى ئەمەس، ئاچچىق كۆز ياشنى، تېپىكلەشتۈرۈلگەن مۇھىتنى ئەمەس، بەلكى سىدام تۇرمۇشنى تەسۋىرلەيدۇ، شۇ ئارقىلىق گويا ئۇگدەپ ياتقان تەكلىماكان بارخانلىرىدەك جىملىقتا كۈنۈككەن، شۈكرى-قانائەتكە ئۆگەنگەن، شاۋقۇنلۇق تۇرمۇشتا، گۈزەل كەلگۈسىگە ۋە دۇنياۋى ئۆزگىرىشلەرگە پەرۋاسىز، شۇنىڭدەك روھىي بۇرۇقتۇملۇقتا مەھكۇم بولغان دېھقانلىرىمىز ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشقا چاقىرىدۇ.

«ھاڭگىرت كۆلى» يازغۇچىنىڭ 1990-يىلى ئېلان قىلغان يەنە بىر بۆسۇش خاراكتېرلىك ھېكايىسى ھېسابلىنىدۇ.

ھېكايە ھاڭگىرت كۆلىدىكى گويا گۈزەل بىر رىۋايەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى سەبىي بالىنىڭ سېھىرلىك ھېكايىسىدىن باشلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا رېئال تۇرمۇشقا قايتىدۇ. بالىلىق چاغلىرىدا ھاڭگىرت كۆلىدە بىللە سۇغا چۆمۈلۈپ، گويا شوخ قۇمچاقلاردەك پىلتىڭلاپ ئويناپ قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس گۈزەل بالىلىق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان بۇ ئىككى بالا تۇرمۇش رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى خاتىرە گويا ھاڭگىرت كۆلىنىڭ تىنىق سۈيىگە ئوخشاش مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالىدۇ ۋە بالىلىق چاغلىرىدىكى ساپ ھېسسىيات بىردىنلا مۇھەببەتكە ئايلىنىدۇ. زۆھرە ئۇچۇن ھاڭگىرت كۆلىدىكى گۈزەل ھايات قايتىدىن باشلىنىدۇ. مۇھەببەت ئۇنى ئازابلىق، ئەمما شېرىن تۇيغۇلارغا ئەسىر قىلىدۇ... بىراق تەلپۈنۈش ئىچىدىكى گۈزەل ھايات ئۇزاققا بارمايدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى يېڭى پاجىئەلەر، تراگېدىيىلىك توقۇنۇشلار ئۇنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى قانداق ئويغاتقان بولسا شۇ پېتى ھاڭگىرت كۆلىنىڭ سۈيىگە دەپنە قىلىۋېتىدۇ.

زۆھرە ئاخىرى تەقدىرگە بويسۇنۇپ، ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان يەنە بىر ئەرگە ياتلىق بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ۋۇجۇدىدىكى كىچىككىنە ئۈمىد بىلەن تىرىشىپ تىرمىشىدۇ. مۇھەببەتتىن سۇ ئىچمىگەن كۆڭلىنى كەسپكە بېغىشلايدۇ. كەسپتىن ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەيدۇ. بىراق ئارقا-ئارقىدىن كېلىۋاتقان زەربىلەر، تۇرمۇشتىكى سوغۇقچىلىقلار ئۇنىڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقلىرىنىمۇ خورىتىشقا باشلايدۇ. دەل مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆز ئۆيىدە تۇنجى سۆيگەن كىشىسى يۈسۈپنى كۆرىدۇ ۋە قايتىدىن روھىي ئىزتىراپ ئىچىگە چۆكۈپ قالىدۇ. ئۆزىنى چىرماپ تۇرغان روھىي كىشەنلەردىن ۋاز كېچىش كېرەكمۇ؟ شۇنداق، ئۇ قولدىن كەتكەن بەختى ۋە مۇھەببىتى ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىش قارارىغا كېلىدۇ، ئۇ ئۆز خاراكتېرىدىن غالىب كېلىدۇ ۋە بۇ ئائىلىنى تاشلاپ كېتىدۇ، گەرچە زۆھرەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەقدىرى تراگېدىيىگە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھەببەتلىك ۋۇجۇدىنىڭ ئىسيانكارلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ.

ھېكايىدىكى پۈتكۈل بايانلار بىزگە بىر خىل چىنلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. بولۇپمۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى تۇراقسىزلىق، مۇرەككەپلىك ۋە زىددىيەتلىك ئامىللار ئەسەرنىڭ بەدىئىي چىنلىقىنى

www.uyghurkitap.com



نامايان قىلىشتا كۈچلۈك رول ئوينايدۇ. بىز ئەسەردىكى ئۈچ پېرسوناژنىڭ ھەممىسىگە نەزەر سالساق، ئۇلاردىكى ئوخشاش بولمىغان مۆرەككەپلىكلەرنى بايقايمىز. يۈسۈپ بىلەن ئەخمەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئوبرازنىڭ قايسىسىنى ياخشى كۆرۈپ، قايسىسىغا نەپرەتلىنىشىمىزنى بىلەلمەيمىز، ئۇلارغا باشتا ھېسداشلىق قىلساق، ئاخىرىغا بېرىپ نەپرەتلىنىمىز، يازغۇچى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پېرسوناژ يارىتىشتىكى ئەنئەنىۋى قېلىپنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆز پېرسوناژلىرى يۈسۈپ بىلەن ئەخمەتنىڭ ئۆز خاراكتېرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغان تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

زۆھرە ھېكايىدىكى باش پېرسوناژدۇر. ئۇنىڭ پۈتكۈل خاراكتېرى مۇھەببەت، ئۈمىد، پاجىئە ئىچىدە خۇشاللىق بىلەن ئازاب ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن مۇھىتتا يارىتىلىدۇ. يازغۇچى ئىنسان خاراكتېرىنىڭ زىددىيەتلىك، تۇراقسىز ۋە قېلىپقا چۈشمەيدىغان تەرەپلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن زۆھرە ئوبرازىنى يارىتىشتا سەرپ قىلىدۇ.

بولۇپمۇ زۆھرەنىڭ پىسخىك خاراكتېرى ۋە روھىي داۋالغۇشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن يورۇتۇشتا ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەم ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىشلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ، زۆھرە ئۇزۇن مۇددەتلىك روھىي بۇرۇقتۇملۇقتىن كېيىن، چۆچۈپ ئويغىنىپ ئۆز خاراكتېرى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، ئائىلە، جەمئىيەت، ئەخلاق ۋە قائىدە-يوسۇن قاتارلىق رامكىلارنى بىراقلا ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپ، مۇھەببەتكە ئېرىشىش يولىنى تاللىۋالىدۇ، شۇڭا زۆھرەنىڭ پاجىئەگە ۋە تراگېدىيىگە يولۇققان ئاخىرقى تەقدىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىمىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. . . ئۇ ساپ مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۈستى-ئۈستىلەپ ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كېلىدۇ. لېكىن ئۇ بىر ئىنسان بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ساپ مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تىنىمسىز ئۇرۇنىدۇ، ئىسيانكارلىق روھىنى ئىپادە قىلىدۇ.

خالىدە ئىسرائىلنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى ئۇنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى» ناملىق پوۋېستىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن، «قۇملۇقنىڭ چۈشى» يازغۇچىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى سۈپىتىدە كىتابخانلار تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلاندى ۋە سۆيۈپ ئوقۇلدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، رېئالىزملىق روھ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلدى، گەرچە بۇ خىل ئەھۋال كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكىدەك روشەن كۆرۈلمىسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇن ۋە ۋاستىلىك ئىپادىلەندى. مانا مۇشۇنداق روھ خالىدە ئىسرائىلنىڭ قەلىمى ئاستىدا ھەۋزىخاندىن ئىبارەت «قان ۋە گۆشى» بار ئوبرازدا يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى.

پوۋېستنىڭ باشلىنىشىدىن ـ تارتىپ ئاخىرلاشقىچە بولغان جەريان گويا بىر گۈزەل رىۋايەتكە ياكى ئاق چاچلىق مومايلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ سەبىي بالىلارنىڭ قەلبىگە قۇيۇلۇۋاتقان سېھىرلىك چۆچەككە ئوخشايدۇ، بىراق بىز ئەسەرنىڭ تەرەققىياتىدىن ھېچقانداق غەلىتىلىك، بىمەنىلىك ۋە ساختىلىق ھېس قىلمايمىز.

دەرۋەقە، «قۇملۇقنىڭ چۈشى» پوۋېستى خەلقىمىز ئىچىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقان ھەۋزىخان رىۋايىتىگە ئاساسەن يېزىلغان، بىراق ئاپتور ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا بۇ رىۋايەتكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ،

قايتا-قايتا پىششىقلاپ ئىشلىگەن ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن. رىۋايەتلەردىكى ئۇقۇملاشقان ۋە قېلىپلاشقان ھەۋزىخان ئوبرازىنى جانلىق، ئىشەنچلىك ۋە كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي ھەزىمى كۆتۈرگۈدەك دەرىجىدە يورۇتۇپ بەرگەن.

ئەسەر باشلىنىشى بىلەنلا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا يالتىراپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى ئىچىگە ئورالغان خىلۋەت يېزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى نامايان بولىدۇ. ئاپتور ئاجايىپ سىپتا، نازۇك ۋە ئاددىي تەسۋىرلەر ئارقىلىق تەكلىماكان قوينىدىكى بۇ بوستانلىقنىڭ قىياپىتىنى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا بىز ئەسەرنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا گويا يېقىملىق بىر مۇزىكا ئاڭلاۋاتقاندەك ياكى شېئىر ئوقۇۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالىمىز.

ئەسەردىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكى، تراگېدىيە تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى مەزكۇر پوۋېستىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىشى تراگېدىيىلىك بىر جەرياننى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بىزدە مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ:

ئاستا-ئاستا ھۆسنىگە تولۇپ، بويىغا يەتكەن ھەۋزىخان گۈزەل ۋە ئىمتاس باغ ئىچىدە بىر يات ئەركىشى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈ ساقايماس جاراھەت قالىدۇ، بىراق كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى بۇ جاراھەت ياشلىق ئۇچقۇنلىرى بىلەن كۆمۈپ تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىغا يېڭى بىر كىشى بۆسۈپ كىرىدۇ، ھەقىقىي ۋاپادارلىققا ۋە پاك مۇھەببەتكە ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان ھەۋزىخان كېلىشكەن، ۋۇجۇدىدا ئەرلەرگە خاس جاسارەت ۋە كۈچ -قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان ئابدۇللانى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئابدۇللامۇ ھەۋزىخاننىڭ كۆيۈك ئوتىدا تالاي ئازابلارنى چېكىدۇ. ئاقىۋەت ئۇلار مۇرادىغىمۇ يېتىدۇ، لېكىن بۇنداق بەختلىك كۈنلەر ئۇزاققا بارمايدۇ، ئابدۇللا بىردىنلا ھەۋزىخاننىڭ جانجىگەر دوستى ھەمراخاننى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ-دە، ۋۇجۇدىدا ۋاپاسىزلىق، ئاسىيلىق ۋە رەھىمسىزلىكنىڭ بورىنى قوتراشقا باشلايدۇ. ئۆز ۋۇندىن بويان ۋاپادارلىققا ۋە چىن مۇھەببەتكە پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن تەلپۈنۈپ كەلگەن ھەۋزىخان ئابدۇللانىڭ ئاسىيلىقى نەتىجىسىدە يۈرىكى لەختە-لەختە قانغا تولىدۇ، كۈندەشلىك ۋە رەشك ئوتى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى مىتىدەك غاجاپ، ئەسەبىيلىك ۋە غالجىرلىق دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ، نەتىجىدە ئۇ كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان جانجىگەر دوستى ھەمراخاننىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، قاراڭغۇ زىندانغا سولىنىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ھەۋزىخان ئەنە ئاشۇ دەقىقىلەردە يەنىلا دوستى ھەمراخاننى يادئېتىدۇ ۋە ئۆز قىلمىشىدىن ئۆكۈنىدۇ...

دېمەك، مۇھەببەت بىلەن تراگېدىيە ئىچىدە دولقۇنسىمان تەرەققىي قىلغان ئەسەر- سىۋژىتى كىتابخانلارغا چىنلىق تۇيغۇسى بېرەلەيدىغان، ھەزىمى كۆتۈرەلەيدىغان دەرىجىدە سۈرەتلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەقىقىي پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلىدۇ.

بىز ئەسەردىكى ئۈچ ئاساسىي پېرسوناژنىڭ ھېچقايسىسىدىن ياسالمىلىق ۋە شەكىلۋازلىق تۇيغۇسى ھېس قىلمايمىز، يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا پېرسوناژلار ئوبرازىدىكى قېلىپبازلىق بۇزۇپ تاشلىنىدۇ، مەيلى ھەۋزىخان بولسۇن ياكى ئابدۇللا بولسۇن، مۇرەككەپلىككە ئىگە ئوبرازلاردۇر.

ئەسەرنىڭ بېشىدىن تارتىپلا بىز ھەۋزىخاننىڭ روھىي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ تەرەپلەرنى ھېس

قىلىمىز ، ئۇ شۇنچە ئاق كۆڭۈل، ساپ ۋە ھەقىقانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بىر ۋاپادار ئايال بولۇشىغا قارىماي، يەنە پۈتكۈل ئاياللارغا خاس بولغان ھېسسىياتچانلىق، كۈندەشلىك قاتارلىق روھىي ئامىللارغىمۇ ئىگە ئايال، مۇھەببەت ئاياللارنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ، كۈندەشلىك گويا بىر يالقۇنغا ئوخشاش ئۇلارنى ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ.

دېمەك، ھەۋزىخانمۇ ھاۋا ئانىمىزدىن تارتىپ يەر شارىغا مۇھەببەت ۋە مۇلايىملىق بېغىشلاۋاتقان سانسىزلىغان ئاياللارغا ئوخشاشلا ئۆز خاراكتېرىنىڭ چەكلىمىلىكلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان ئوبرازدۇر. شۇڭا بىز ھەۋزىخاننىڭ كۈندەشلىك تۈپەيلىدىن دوستى ھەمراخانغا پىچاق سالغىنىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىشنىڭ ئورنىغا ھېسداشلىق قىلىمىز، يازغۇچى ئەسەردە ئىنسان خاراكتېرىنىڭ رامكىغا چۈشمەيدىغان، قېلىپقا سېلىنمايدىغان كۆپ قىرلىق، تۇراقسىز ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەۋزىخان بىلەن ئابدۇللا ئوبرازىنى يارىتىشتا ئىپادە قىلغان. شۇڭا بىز ھەۋزىخان ئوبرازىنى مۇكەممەللەشكەن ۋە تەڭكىلى بولمايدىغان ئىلاھ ياكى مەبۇد سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدى ئويغاق، ئۆلۈك مۇرىسىدە پەرىشتە، سول مۇرىسىدە شەيتان قاراپ تۇرغان، تومۇرلىرىدا ئىسسىق قانلار غۇيۇلداۋاتقان ھەقىقىي ئادەم سۈپىتىدە ھېس قىلىمىز. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردىدۇر.

ئۇندىن باشقا خالىدە ئىسرائىلنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلان قىلغان ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە مۇھەببەت تېمىلىرىغا بېغىشلانغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىمۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بولۇپمۇ «رەڭدار قۇيۇن»، «ئوربىتا»، «باھاردا ياغقان قار»، «ئۇ كۆزلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى شۇ جۈملىدىندۇر، يازغۇچى بۇ ئەسەرلىرىدە جەمئىيىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان بىر قىسىم رېئال مەسىلىلەرنى، مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا بىخ سۈرگەن كېسەللىكلەرنى جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئېچىپ تاشلىغان ۋە كىتابخانلارنى ئويغا سالغان. بولۇپمۇ «رەڭدار قۇيۇن» نىڭ بۇ جەھەتتىكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەردىن تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

بىرىنچى، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا ئەنئەنىۋى قېلىپلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ رامكىغا چۈشمەيدىغان، تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ، تىنچسىز ۋە كۆپ قىرلىق ھالەتلىرىنى ئېچىپ بەردى.

ئۇنىڭ تۇنجى ھېكايىسى «ئېھ، ھايات» تىكى گۈلچېھرە ئوبرازىدىن تارتىپ، «ھاڭگىرت كۆلى» دىكى زۆھرە، يۇسۇپ ۋە ئەخمەتلەر: «قۇملۇقنىڭ چۈشى» دىكى ھەۋزىخان، ئابدۇللا ۋە ھەمراخانلار، «رەڭدار قۇيۇن» دىكى ئايشەم بىلەن ھامىدلارنىڭ ئوبرازىغا قەدەر ھەممىسى گۆشى ۋە ئۇستىخىنى بار پېرسوناژلاردۇر، بىز بۇ پېرسوناژلاردىن ئاددىيلىق ئىچىدىكى مۇرەككەپلىكنى، ئومۇمىيلىق ئىچىدىكى خاسلىقنى، پسىخىك ھالىتىدىكى توختاۋسىز ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلىمىز.

ئىككىنچى، تەبىئەت ياكى مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈۋېتىدۇ ياكى تەبىئەت بىلەن ئىنساننى بىرگەۋدە قىلىپ يۇغۇرۇپ تاشلايدۇ. بىز دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ھەر قانداق بىر مەشھۇر ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭدىكى ئىنتايىن نازۇك

ۋە ئىنچىكە بولغان روھىي ھالەت تەسۋىرىنى بايقايمىز.

مەسىلەن، خېمىنگۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ۋەقەلىك يوق، بىراق ئاپتور بېلىقچى بوۋاينىڭ دېڭىزدىكى بىر كېچىلىك پائالىيىتى داۋامىدا ئىنسان بىلەن تەبىئەت (دېڭىز) ئوتتۇرىسىدىكى ھەم بىر-بىرى بىلەن تىنىمسىز كۈرەش قىلىدىغان ھەم بىر-بىرىگە باغلىنىدىغان ئىچكى مۇناسىۋەتنى ئېچىپ بېرىدۇ. بېلىقچى بوۋاينىڭ خاراكتېرى دېڭىز تەسۋىرى ئىچىدە تەدرىجىي ئاشكارىلىنىدۇ. خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ مانا مۇشۇنداق ئۆزگىچە ماھارەت ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، «ھاڭگىرت كۆلى»دە ئەسەر باشلىنىشى بىلەنلا گويا بىر يېقىملىق مۇزىكىدەك سۈرەتلەنگەن كۆل تەسۋىرى بىزنى چەكسىز ھاياجانغا سالىدۇ، بىز زۆھرەنىڭ ھېسسىياتىدىكى داۋالغۇشلار بىلەن ھاڭگىرت كۆلىنىڭ قاتتىق يامغۇردىكى چايقىلىشلىرىنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى، تەبىئەتنىڭ ھەربىر تىنىقىدا ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ ئەكس ئېتىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز، ئۇندىن باشقا «قۇملۇقنىڭ چۈشى» پوۋېستىدىكى ھەۋزىخاننىڭ مۇرەككەپ ھېسسىياتى بىلەن چەكسىز قۇملۇق تەسۋىرىدىكى ئۆزئارا باغلىنىش، «رەڭدار قويۇن»دىكى چۈشنىڭ تەكرارلىنىشى؛ «باھاردا ياغقان قار»دىكى ئەكبەرنىڭ شامالدا قېپقالغان ھالىتى ۋە قىلغان خىياللىرى دەل بۇ خىل بەدىئىي ماھارەتنىڭ يارقىن ئىپادىلىرىدۇر.

ئۈچىنچى، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىۋى تۈس بىلەن رىۋايەت ئۇسلۇبىغا قايتىشتىن ئىبارەت يېڭى يۈزلىنىش خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرىدە روشەن ئىپادىلەنگەن.

«قۇملۇقنىڭ چۈشى» پوۋېستى بىزگە بىر گۈزەل رىۋايەتنى ئەسلىتىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ھەۋزىخان رىۋايىتىدىن ئۆرنەك ئالغان بولۇپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم دېتال بولىدۇ، ئاپتور خەلقىمىز ئارىسىدىكى بەزى ئۇدۇم ۋە ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان سۆز - جۈملىلەر ۋە قاراشلار بىلەن ھەۋزىخان پاجىئەسىدىن ئالدىن بىشارەت بېرىدۇ، ھەۋزىخاننىڭ ئانىسى قىزىنىڭ چېچىنىڭ ئۇستىگە قايرىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ: «چېچىنىڭ ئۇچى ئۇستىگە قارايدىغان قىز بەختسىز بولىدۇ» دەيدۇ، ئەما پالچىمۇ ھەۋزىخانغا: «ئېسىت، سېكىلەك كۈندەشتىن ئۆلىدىكەن» دەيدۇ، دېگەندەك بۇ بىشارەتلەر ئاخىرى بېرىپ رېئاللىققا ئايلىنىدۇ، بىز بۇنىڭدىن يازغۇچىنىڭ بەدىئىي سەزگۈرلۈكىنى چۈشىنەلەيمىز.

تۆتىنچى، خالىدە ئىسرائىل ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان پىكرىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە يېزىپ ھەممىنى تولۇقى بىلەن كىتابخانغا تاپشۇرۇپ بەرمەستىن، بەلكى كىتابخانلارغا يېڭىباشتىن ئويلىنىش ۋە قايتا ئىجاد قىلىش پۇرسىتى قالدۇرىدۇ، شۇڭىمۇ نۇرغۇن كىتابخانلار ۋە ئوبزورچىلار خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرىنىڭ رەڭدارلىقى ئۇنىڭ قەلىمىنىڭ «بېخىل» لىقىدا دەيدۇ، ئەدەبىياتىمىزدا بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئوقۇساق، بېشىنى كۆرۈپلا ئاپتورنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ بولىمىز، بۇنداق «تەييار ئاش» سۈپىتىدىكى ئەسەرلەر ئېسىمىزدىن تېزلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، بىراق بىز خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى ئۇزاققىچە ئەسەردىكى پېرسوناژلار بىلەن بىللە خۇشال بولىمىز ھەم ئازابلىنىمىز، ھاياجان ئىچىدە خىيال سۈرىمىز... مانا بۇ ئاپتورنىڭ كىتابخانلارغا قالدۇرغان ئويلىنىش پۇرسىتى ۋە چەكسىز ئېستېتىك ئۈنۈمدۇر.

(ئاخىرى 127 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**نەجىپ مەھپۇز (مىسىر)**

# زوراۋان

(ھېكايە)

نەجىپ مەھپۇز جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان نادىر ئەرەب يازغۇچىسى. ئۇ ئەرەب پروزىچىلىقىدا «ئەلئېھرام» دەپ تەرىپلەشكە مۇيەسسەر بولغان. 1988-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ ھىندىستانلىق تاگور، ياپونىيىلىك كاۋاباتا ياسۇنارىلاردىن كېيىن، ئۈچىنچى قېتىم بۇ بۈيۈك شەرەپكە نائىل بولغان شەرق يازغۇچىسى.

مەھپۇزنىڭ ئىجادىيەت يولى ئەرەب پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى بەلگىلىك دەرىجىدە نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ھازىرغىچە ئۇنىڭ يىگىرمە يەتتە رومانى، ئون يەتتە ھېكايىلەر توپلىمى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي تىراژى 1 مىليون نۇسخىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ نام-شەرىپى ۋە ئەسەرلىرى مەتبۇئات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق كەڭ دائىرىدە تونۇشتۇرۇلدى. شۇڭا ئۇ ئەرەب دۇنياسىدىكى ھەربىر كىشىگە دېگۈدەك تونۇشلۇق. ئۇنىڭ بىر قىسىم مۇھىم ئەسەرلىرى ئىنگلىز، نېمىس، فرانسۇز، رۇس تىلى قاتارلىق كۆپ خىل تىللاردا نەشر قىلىنغان، ئېلىمىزدە ئۇنىڭ ئون نەچچە كىتابى نەشر قىلىنغان.

مەھپۇز ئۆزىنىڭ پۈتۈن مېھىر-مۇھەببىتىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىغان. «قەسىر كوچىسى»، «ھېجران كوچىسى»، «شەربەت كوچىسى» دېگەن ترىلوگىيە ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرىدۇر. بۇ بىئوگرافىك روماندا مىسىرلىق بىر سودىگەر ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان تەقدىرى بايان قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق مىسىر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىنتايىن تەسىرلىك بىر تارىخ كارتىنىسى، شۇنداقلا ناھايىتى قىممەتلىك «ئۆرپ-ئادەت تارىخىدۇر». بۇ ئەسەر ئەرەب ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان. شۇ ئارقىلىق نەجىپ مەھپۇز ئۆزىنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكى يۈكسەك ئورنىنى بەرپا قىلغان.

«زوراۋان» ناملىق بۇ ھېكايە ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، «مىسىر ھازىرقى زامان مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرى توپلىمى»غا تاللانغان. بۇ ھېكايىدە ئاپتور ئەر پېرسوناژ ئەبۇ خالغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى بىلەن «بۇ ئۆچمەنلىك ۋە قىساس قاپلىغان دۇنيا» دىكى ھەقىقەتنىڭ بوغۇلۇشى، رەزىللىك بىلەن ساختىلىق، شەھۋەتپەرەسلىك بىلەن زوراۋانلىقتىن ئىبارەت تراگېدىيىلىك ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ، گۇناھسىزلارنىڭ «جىنايىتى دەل ئۇلارنىڭ رەزىللەرنىڭ جىنايىتىنى كۆرۈپ قېلىشى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان پەلسەپەنى ئېچىپ بەرگەن. ھېكايىنىڭ تىلى ساددا ھەم يېنىك، تەسۋىرلىرى نەپىس، تەسىرلىك بولۇپ، ھەقىقىي نادىر ھېكايە تىپىغا مەنسۇپ.

كەنت ئاخىرى كۆرۈندى. زېمىننى ئاستا-ئاستا تۈن پەردىسى قاپلىماقتا. كىشىلەر تالغان پۇتلىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ، مال-چارۋىلىرىنى ھەيدەپ قايتماقتا. گۈگۈم يىراق-يىراقلاردىكى ئاخىرقى شەپەق جىيەكلىرىنىمۇ يۇتۇپ كەتكەنىدى. ئەبۇ خال ئېغىر قەدەملىرىنى بېسىپ كەنتنى نىشانلاپ

بارماقتا ئىدى. ھەددىدىن ئارتۇق قورقۇش، ئەنسىرەش ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغاچقا، ئەمدى ئۇ ھېچقانچە قورقۇش ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. كەنتكە قايتىۋاتقانلار ئۇنىڭغا غەيرىي بىر تەرىزدە قارىشىپ ئۇنى كۆرسىتىپ، ئىما-ئىشارەت قىلىشاتتى، ھەتتا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئاغىنىلىرىمۇ ئەتەي باشلىرىنى باشقا ياققا بۇراپ، ئۇنى كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ئۇ كىشىلەردىن ئايرىلىپ، ئۇدۇل ئۆز قارارگاھىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئۆز تەقدىرىنىڭ ھۆكمىنى كۈتمەكتە ئىدى. كىشىلەر كۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئاستا-ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىماسىغا تىكىپ قېلىشتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كاللىلىرىدا ھەر تۈرلۈك ئوي-خىياللار كەزمەكتە. كىشىلەر باشلىرىنى چايقىشىپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا: «ئەبۇ خال تۈگەشتى! بۇ ئادەم تۈگەشتى!» دېيىشەتتى.

ئەبۇ خالنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىك تامامەن تاسادىپىي يۈز بەرگەنىدى. بۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى: بىر ئاخشىمى ئۇ زوراۋان دەپ نام ئالغان پومېشچىكنىڭ قورۇقىدىكى ئاشلىق ئامبىرىدا ئۇخلاپ قالدى. تۇساتتىن بىر كىملەرنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ ئۆندەرەپ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى-دە، ئۆزىنىڭ قاپقاراڭغۇ بىر يەردە ياتقانلىقىنى بىلدى. بۇ قەيەر؟ ھازىر قايسى چاغ؟ دېگەنلەرنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى-يۇ، ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئاشلىق ئامبىرىدىن ئۇۋۇلۇۋاتقان نەم، قاڭسىق ھىدتىن ئۆزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلدى. بايا ئۇنى ئويغىتىۋەتكەن ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى؛ ئۇ قاراڭغۇلۇقتا كۆزلىرىنى تىكىپ، ئاۋاز چىققان يەرنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇ تۇيۇقسىز:

— ياق... ياق... بېگىم، ئۇنداق قىلمىسىلا... — دېگەن ئايانچلىق ئۆتۈنۈش، يالۋۇرۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئۇ ئاۋاز ئىگىسىنى تونىدى. بۇ ئاراۋىيەنىڭ قىزى زەينەپنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئاڭلىماققا ئۇ تولىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغاندەك، خۇددى ۋەھشىي ھايۋان ئۇنىڭغا خىرىس قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئەبۇ خال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا ئۇ يەنە باشقا بىرىنىڭ سەت، قوپال ئاۋازدا جىددىيلەشكەن ھالدا: «ئۈنۈڭنى چىقارما!» دېگىنىنى ئاڭلىدى.

ئەبۇ خال قېتىپ قالدى. پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ، ماداردىن كەتكەندەك تۇيۇلدى. بۇ ئاۋازمۇ ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. بۇ ئۇنىڭ خوجايىنى ئابدۇل جەلىلنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئابدۇل جەلىل بۇ قورۇقنىڭ خالىسا بىر كىمنى ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدىغان، خالىسا خارلاپ دەپسەندە قىلالايدىغان چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغان زوراۋانى ئىدى.

ئەبۇ خال زەينەپنى ئەستىن چىقىرىپ، پەقەتلا ئۆزىنىڭ نېمىشقا بۇ يەردە بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىزلىقىنى، ھازىر ئۆزىنىڭ بىر مەھەللىك بىپەرۋالىقى تۈپەيلىدىن ئىزاھلاپ بەرگىلى، چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان مەجبۇرلۇق يولىغا كىرىپ قالغانلىقىنىلا ئويلاشقا باشلىدى. مۇبادا باشقىلار بۇنى مېنىڭدىن سورىسا، نېمە دېيىشىم كېرەك؟... ھەش-پەش دېگۈچە ئۇ ئۆزى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقنى زەينەپنىڭلا كەلتۈرۈپ چىقارمىغانلىقىنى، ئۆزى ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى ئەزەلدىن ئۆزىنى سورىمايدىغان زوراۋاندىنلا كۆرسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭلا كايىماقتا ئىدى: كىم مېنى بۇ نەس باسقان يەردە ئۇخلىسۇن دەپتۇ؟ ئۇ سىياھتەك قاراڭغۇلۇقتا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ھەدەپ ئۇياق-بۇياققا قاراشقا باشلىدى. ئاخىرى يوغان بىر گەۋدىنىڭ ساراسىمىلىق ئىچىدە تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ دەل زوراۋاننىڭ ئۆزى

ئىدى. ئۇ خۇددى سا چۇجىنى قاماللىغاندەك، قىزنى ئاستىغا بېسىۋالغانىدى. قىز يىغلايتتى، ئېلىشاتتى. خۇددى قارا بوران ياپراقنى تۆككەندەك زوراۋان قىزنى ئەسەبىيلىك بىلەن ئەدەپلەيتتى، خورلايتتى. ئەبۇ خالنى ۋەھىمە باستى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئاينىدى، ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك قاپلىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئاللانىڭ يەنە بىر قېتىم نوھ ئەلەيھىسسالامنى كەلتۈرۈشىنى، زېمىنغا يەنە بىر قېتىم توپان بالاسى ئەۋەتىشىنى تىلەيتتى. تېز - تېز يۆتكەلگەن ئاياغ تىۋىشىدىن كېيىن، خىرىلداق بىر ئاۋاز، ئاندىن يەنە ئازابلىق ئىڭراش ۋە ئۆكسۈش ئاۋازى ئاڭلاندى. . .

ئەبۇ خال قاراڭغۇلۇق قوينىدا غەزەپكە كەلدى. ئۇنىڭ تومۇرلىرى قىزىپ كۆپجىدى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ئازابقا چىداشقا تاقىتى قالمىدى. شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىماقچى بولۇۋېدى، زوراۋاننىڭ كىشىنى ئەندىكتۈرىدىغان ئاۋازى ئۇنى ئېغىز ئاچقۇزمىدى. زوراۋاننىڭ ئاۋازى غاراڭ-غۇرۇڭ چىقاتتى. ئاخىر ئۇ شىرنىڭ ھۆركىرىشىدەك بىر ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

- سەن ئايال جىنايەتچى. . .

«چاڭ» قىلىپ تەگكەن شاپىلاق ئاۋازىدىن كېيىن، زەئىپ، ئېچىنىشلىق ئىڭراۋاتقان زىلۋا بەدەن قىز يەرگە يىقىلدى. زوراۋان يەنە ھاسىراپ-ھۆمۈدىگىنىچە ۋارقىرىدى:

- سەن ئايال جىنايەتچى، مېنىڭ بىگۇناھلىقىمنى كۆرۈپ قوي! مېنىڭ بىگۇناھلىقىمنى كۆرۈپ قوي. . .

ئېغىر گەۋدە ئىڭراۋاتقان ئاجىزەنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. «مېنىڭ بىگۇناھلىقىمنى بىر كۆرۈپ قوي!»

ئىڭراش بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ ئاخىر ئۆچتى، ئاندىن ئۈزۈك-ئۈزۈك نەپەس ئېلىشلار ئاڭلاندى. ۋەھالەنكى زوراۋان ئەسەبىيلەشكەن ھالدا كەينى-كەينىدىن ۋارقىرىماقتا:

- سەن مېنىڭ بىگۇناھلىقىمنى كۆرۈپ قوي، سەن مېنىڭ بىگۇناھلىقىمنى كۆرۈپ قوي. . .

دەل شۇ چاغدا ئەبۇ خال ئۆزىنى تۇتالماستىن:

- ئاللانىڭ ھۆرمىتىنى قىل! - دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.

قاراڭغۇلۇقتىن «كىم؟» دېگەن ئاۋاز چىقتى. ئەبۇ خال ئۇچقاندەك يېرىپ ئىشىككە دوقۇرىدى، ئىشىك ئېچىلدى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن ئامبار ئىچى يورۇپ كەتتى. ئەبۇ خال تالاغا قاراپ ئوقتەك يۈگۈردى. بۇ چاغدا زوراۋان:

- مەن سېنى تونۇۋالدىم، ئەبۇ خال، توختا. . .- دەپ ۋارقىرىدى.

قورقۇش، ئۈمىدسىزلىك غايەت زور كۈچكە ئايلاندى، ئەبۇ خال ساداقتىن ئېتىلغان ئوقتەك كېتىپ باراتتى. زوراۋان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەدەپ ۋارقىراپ كېلەتتى:

- ئەبلەخ ئەبۇ خال، سەن جىنايەتچى، توختا. . .

خوجايىن تىنماي ۋارقىرايتتى، بۇنى ئاڭلىغان ئەھلى جامائەت تۇشمۇتۇشتىن يېتىپ كېلىشتى. ھايت-ھۇيت دېگۈچە پۈتۈن كەنتتىكىلەر ئويغىنىپ كېتىشتى.

ئەبۇ خال گاھ يۈگۈرۈپ، گاھ تېز-تېز چامداپ ئۆزىنىڭ ئاغىنىسى - تاۋۇزلۇق كۆزەتچىسىنىڭ ساتمىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى ئاغىنىسىنىڭ قوينىغا ئاتتى. شۇ تاپتا ئۇ نەپەستىن توختىغاندەك ئۈن-تىنسىز ئىدى. ئاغىنىسى سۇ ئەكىرىپ ئۇنىڭغا ئىچكۈزدى، يۈز-كۆزلىرىنى يۇغۇزدى. ئەبۇ خال بايا قاراڭغۇدا كۆرگەنلىرىنى ئازابلانغان ھالدا سۆزلەپ بەردى. ئاخىرىدا ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، ئاغىنىسىدىن:

- بۇ ئىشنى ساقچىغا مەلۇم قىلايمۇ؟ - دەپ

سورىدى.

ئاغىنىسى بېشىنى چايقىدى-دە، ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- ئەگەر ئۇ ئۈستىڭىدىن سوتقا ئەرز قىلىدىغان بولسا، تۈگەشكىنىڭ شۇ.

ئەبۇ خال تەشۋىشلەنگەن ھالدا:

- ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟ - دەپ سورىدى.

- يوشۇرۇنغىن، مەڭگۈ يوشۇرۇنۇپ يۈرگىن،- دېدى ئاغىنىسى ھېچبىر ئىپادىسىز ھالدا ئاسمانغا تىكىلىپ.

ئەبۇ خال:

- قىزىم بىلەن خوتۇنۇم ھېلىمۇ كەنتتە، ئۇلار جەزمەن زوراۋاننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، - دېدى.

- ئۆزۈڭنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىنى ئويلا.

ئۇ ئۆكۈنۈش بىلەن ھەسرەتلىك تىنىپ:

- قانۇن نەدە؟ - دېدى.

ئاغىنىسى بۇنىڭغا ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

- ئۇ تاۋۇزنىڭ ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئاغىنىسى كەنتتىن پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ ئاغزىدا ئەبۇ خالنىڭ زەينەپكە باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ سىرتلاردا قېچىپ يۈرگەنلىكى پۇر بولۇپ كەتكەنلىكىنى، خوجايىن ئابدۇل جەلىلنىڭ بۇ ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى، كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا شەكسىز ئىشەنگەنلىكى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ زار-زار قاقشاۋاتقانلىقى، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەن، قولۇم-قوشنىلارنىڭمۇ مۇسىبەتكە چۆمگەنلىكى، كەنتتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قىزنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا قەسەم قىلىشقانلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ دېلونى تەكشۈرۈشكە كىرىشكەنلىكى، دېلونىڭ بىردىنبىر شاھىدى بولغان زوراۋاننىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنى ئاڭلىغانلىقى، ئەبۇ خالنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزىنىڭ ئار-نومۇسقا قېلىپ، كىشىلەر ئالدىدا يۈز كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئېيتقۇسىز ئازاب چېكىۋاتقانلىقى قاتارلىق كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدى.

- مېنىڭ گۇناھىم باشقا بىرىنىڭ جىنايىتىنى كۆرۈپ قالغانلىقىمدا... - دېدى ئۇ ئاستاغىنە.

- سەن نېمىشقىمۇ ئاشلىق ئامبىرىدا ئۇخلاپ قالغان بولغىيدىڭ؟

- بۇنى ئاللا ئۆزى بىلىدۇ!

ئاغىنىسى ئەپسۇسلانغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ:

- يەنىلا مۆكۈپ تۇرغىن، - دېدى.

خوجايىننىڭ چوماقچىلىرى تاۋۇزلۇققا كېلىپ، ئەبۇ خالنى قاتتىق ئىزدىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىمۇ كەلدى. ئەبۇ خال پىنھان جايدا يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، ئاياغ تىۋىشلىرىنى ئاڭلىدى. توڭ، قوپال، ياۋۇز چىرايلارنى، قاتىللىق يېغىپ تۇرغان ۋەھشىي كۆزلەرنى كۆردى.

- بۇ يەردىن كېتەي، - دېدى ئۇ ئاغىنىسىغا.

- شۇنداق قىلماي، باشقا ئىلاج يوق، ئاللا سېنى پاناھىدا ساقلىغاي.

- بىراق يېنىمدا بىر تىيىن پۇل بولمىسا...

ئاغىنىسى ئوڭايسىزلانغان ھالدا بېشىنى سىلاپ:

- مەنمۇ شۇنداق... - دېدى.

ئەبۇ خال ھېچبىر مەقسەتسىز ھالدا چەكسىز قاراڭغۇلۇق قوينىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆمرىدە مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەمگىچە ئۆز مەھەللىسىدىن چىقىپ باقمىغاچقا، دۇنيادىن خەۋەرسىز ئىدى. قوشنا كەنتتىكى ئاۋام ئۇنىڭ زوراۋان تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان جىنايەتچى، ھۆكۈمەت ئىزدەپ يۈرگەن قاچقۇن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى پاناھىغا ئالالمايتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ ئۇلارنى ئىشەندۇرۇشكە ئامالسىز ئىدى. ئۇزاققا بارماي ئۇ كىشىلەر ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. قاپقارا، سۈرلۈك مىلتىق ئۇنىڭ كۆكرىكىگە توغرىلىنىدۇ. كېچە قاراڭغۇلۇقى ئۇزۇنغا بارمايدۇ. تېزلا تاڭ ئاتىدۇ. ئۇ كۈندۈزدە خۇددى ئۇر-ئۇرغا قالغان چاشقاننىڭ تەقدىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ خوتۇن، بالىلىرىغا كىم قارايدۇ؟ ئۆچمەنلىك ۋە قىساس بىلەن تولغان بۇ دۇنيادا كىممۇ ئۇنىڭ خوتۇن، بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالار؟... ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچبىر مەقسەتسىز كېتىپ بارغانلىقىنى ھېس قىلدى.

جىمى نەرسە - يۇلغۇنلار، جىگدىلەر، پايانسىز كەتكەن ئېتىزلىقلار ۋە سۈپسۈزۈك سۇلار دولقۇن ياساپ، تۇرۇلۇپ-تۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان ئېرىقلار ئۇنىڭغا ئېچىنىۋاتقاندەك، ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ بىردىنلا ئېسەنكىرەشتىن ئويغاندى.

بىر ئوي ئۇنىڭ ئېغىرلاشقان كاللىسىدىن يالت قىلىپ ئۆتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ساماغا قارىدى-دە، ئۇپۇقتىن سەللا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تاۋاقتەك ئاينى كۆردى. ئاي ئۇنىڭغا ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ كۆرۈنۈپ كەتتى. سۈتتەك ئاي نۇرى ئۇنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلاتتى. ئۇ بىر قەدەم ئېلىپ، كەينىگە بىر قېتىم قاراپ قوياتتى. ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ئەكس سادا قايتۇراتتى. ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئۇنى قاتتىق ئەندىشىگە سالماقتا ئىدى. ۋاڭ - چۇڭلۇق، شاۋقۇنلۇق چوڭ قاھىرە نەدە؟ ئۇ قىستىلىشىپ كېتىپ بارغان كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ سىڭىپ كېتىشنى، يوشۇرۇنغۇدەك بىرەر يەرنى تېپىۋېلىشنى، يېگۈدەك بىرەر چىشلەم نەرسىگە ئېرىشىشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ كالۋالاشقان پۇتلىرى تېز پويىز تۆت سائەتتە باسىدىغان مۇساپىنى قانچىلىك ۋاقىتتا بېسىپ بولار؟ چارلىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى خۇددى پويىزنىڭ گۇدۇك ئاۋازىدەك جىمجىتلىقنى بۇزدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى. بەلكىم ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، كەسپىنى، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى سورىشار... ئۇ ئالدىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىر كامپۇر دەرىخىنىڭ تۈۋىگە ئىتتىك كېلىپ خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرۇۋالدى. ئۇ قول چىرىغى تۇتقان چارلىغۇچى ئەسكەرلەر ئۆتۈپ كەتكەنگە قەدەر شۇ يەردە مۆكۈپ تۇردى. بىراق ئۇ چارلىغۇچى ئەسكەرلەردىن قۇتۇلغىنى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى زوراۋاننىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن، خورلۇقلىرىدىن قۇتۇلالارمۇ؟ ئۇ ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ، قاھىرەگە قېچىپ بارالايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ خوتۇن-بالىسىنى كىممۇ قوغداپ قالالايدۇ؟... مەڭگۈلۈك قوغلاپ تۇتۇشقا دۇچ كەلگەن، خوتۇنى بىلەن قىزىنىڭ ئوت-پىراقىدا پۇچۇلىنىۋاتقان بىر باغرى يۇمشاق ئادەم قانداقمۇ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەسۇن؟...

ئۇ ئاسمانغا قاراپ خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى. شۇ تەرىقىدە بىر قانچە سائەت ئۆتتى. ئۇ ئاستا-ئاستا ئۇخلاپ قالدى. بىر چاغدا قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ يەنە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ چۈشىدە تاغ چوققىسىدىن ھاڭغا غۇلاپ چۈشكەنىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ، دۈپۈر-دۈپۈر قىلغان ئاياغ تاۋۇشلىرىنىڭ يېقىنلاۋاتقانلىقىنى، بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى قورشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى-دە، بايىقى ئادەملەرنىڭ سوغۇق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، يەۋەتكۇدەك ئەلپازىدا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئاتلىرى ھەدەپ پۇشقۇرۇپ تۇراتتى.

ئەبۇ خال:

— ماڭا رەھىم قىلساڭلار، — دېدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئۇنى شۇئان بىر كاچات سېلىپ يىقىتتى-دە، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— ئەبلەخ، سەن يەنە قاچاي دەمسەن؟! — دېدى.

ئەبۇ خال ئۇنلۇك قىلىپ يەنە:

— ماڭا رەھىم قىلساڭلار، — دېدى.

ھېلىقى ئادەم بىر پۇتى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى دەسسەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— سەن بىر قىزغا باسقۇنچىلىق قىلدىڭ، يەنە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ!

— مەن . . . — ئۇ «مەن گۇناھسىز» دېمەكچى بولدى-يۇ، ئۆزىنىڭ زوراۋاننىڭ چوماقچىلىرىغا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، قالغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى.

ھېلىقى ئادەم ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا مىختەك تىكىپ تۇرۇپ:

— مەھەللىگە قايتىپ جىنايىتىڭنى بوينۇڭغا ئال، — دېدى.

ئەبۇ خال ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ ھال ئېيتتى:

— ئۇلار مېنى دارغا ئاسىدۇ.

ھېلىقى ئادەم ئەسەبىيلىك بىلەن بىرنى تەپتى-دە:

— خوجايىن ساڭا بىر تال ئارغامچا بېرىشكە قىيامدۇ تېخى! — دېدى.

— مېنى تۈرمىگە سولاپ قويۇڭلار.

ئەمدى ئۇنى بايىقىدىنمۇ بەكرەك تەپتى ۋە:

— ئۆيۈڭدىكىلەر تىنچ-ئامان بولغاي، — دېدى.

ئەبۇ خال ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھەسرەتلىك تىندى-يۇ، زۇۋان سۈرمىدى. چوماقچىنىڭ قەھرلىك ئاۋازى ئۇنى ۋەھىمىگە سالدى. ئۇ پەس ئاۋازدا:

— مەن قايتاي . . . — دېدى. ئۇ ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كەينىدىن ھېلىقى بىر توپ كىشىلەرمۇ ئەگەشتى.

ئاخىرى مەھەللە كۆرۈندى. گۇگۇم زېمىنغا قاراڭغۇلۇق پەردىسىنى يايماقتا ئىدى. كىشىلەر مال-چارۋىلىرىنى ھەيدەپ، ھارغىن قەدەملىرىنى يۆتكەپ قايتىشماقتا. گۇگۇم پەردىسى تاكى يىراق-يىراقلاردىكى ئۇپۇق گىرۋەكلىرىگىچە سوزۇلۇپ بارماقتا ئىدى. ئەبۇ خال قوپال پۇتلىرىنى سۆرەپ مەھەللىگە كىرىپ باراتتى. ھەددىدىن زىيادە قورقۇنچ، ئەندىشە ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، ئۇنى گاراڭ قىلىپ، ئەمدى ھېچقانداق قورقۇنچ، ئەندىشە ھېس قىلمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. كەنتكە قايتىۋاتقان كىشىلەر ئادەتتىن تاشقىرى ھەيرانلىق نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا قارىشاتتى. باشلىرىنى يېقىن ئەكىلىشىپ، ئۇنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئاغىنىلىرىمۇ باشلىرىنى باشقا ياققا بۇراپ، ئۇنى كۆرمەسكە سېلىشاتتى. ئۇ كىشىلەردىن ئايرىلىپ، ئۇدۇل ئۆز تەقدىرىنىڭ قارارگاھىغا تەقدىرىنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتۈشكە كىرىپ باراتتى. كىشىلەر كۆزلىرىنى ئۇنىڭ بارغانسېرى يىراقلىشىپ كىرىپ بارغان سىماسىغا تىكىشەتتى. ئۇلارنىڭ كاللىلىرىدا بولسا بىر خىل قورۇق خىياللا قالغانىدى. كىشىلەر باشلىرىنى چايقىشىپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىغان-ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

— ئەبۇ خال تۈگەشتى! . . . بۇ ئادەم تۈگەشتى، — دېيىشەتتى.

(خەنزۇچە «چەت ئەل ھېكايىلىرىگە نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 58 - سانىدىن ئېلىندى)

بارىجان زەپەر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com



ئاسىيە داۋۇت

# ئەپچىل چارە

(ھېكايە)

مەن ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم، كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتقاندا، ئاپامغا بولغان مېھرىمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقىمدەك چوڭقۇر ئەمەس ئىدى. بىز ئۇنى سانىيە ئاپپاي، دەپ چاقىراتتۇق. سېختا ئىشلەيدىغان ئون ئىككى ئايال ئىچىدە ئۇ ھەممىمىزدىن چوڭ ئىدى. مەيلى قاچانلا قارىماي ئۇنىڭ چىرايىدىن يېقىملىق تەبەسسۇم ئۆكسىمەيتتى. ئۆيدە ئاپام بىلەن خاپىلىشىپ قالغان كۈنلەردە سانىيە ئاپپايغا دەردىمنى تۆكەتتىم، ئۇ ھېچقاچان مېنى ئەيىبلىمەيتتى. مېنىڭ توغرا قىلغانلىقىمنى، مەن خاتالىق ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئاپا بولغۇچىنىڭ رەنجىمەسلىكى لازىملىقىنى قايتا-قايتا ئەسكەرتەتتى. دائىم كەمچىلىكىمنىلا تىلغا ئېلىپ، بىرەر نۆۋەت ماختاپ قويمايدىغان ئاچچىقى يامان ئاپامنىڭ ئالدىدا، سانىيە ئاپپاي ماڭا پەرىشتە سۈپەت، ھەقىقىي ئانا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بالىلىرى نېمە دېگەن بەختلىك-ھە، دېگەن ھەۋەس ھەم ھەسەت ئارىلاشقان خىياللار پات-پات مېڭەمدە ئەگىيتتى. ئىش ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردا بىر نەچچىمىز بىر يەرگە يىغىلىپ پاراڭلاشساق ھامان سانىيە ئاپپاينىڭ ياخشىلىقى ئۈستىدە گەپلىشەتتۇق. سېختا ھېچكىم ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلمايتتى. ئۇ مەنىلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن سېختىكىلەر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان مېھرىبان ئايال ئىدى.

بىر كۈنى ئۆيىمىزدە مەن بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان گۈلنىسا توغرۇلۇق گەپ چىقىپ قالدى. ئاپام چوڭقۇر خورسىنغان ھالدا:

— گۈلنىسا قىز ئۇنداق بىشەملىك قىلمىسا بولاتتى. ئۆيدە ئاپىسى قاتتىق كېسەل ياتسا، ئۇنىڭ تويغا بارىمەن دەپ كېتىپ قالغىنى نېمىسى؟ — دېدى.

كىيىمگە دەزمال سېلىۋاتقان ئاچاممۇ گەپكە ئارىلاشتى:

— مۇشتەك تۇرۇپ نېمە ھال ئۇنىڭغا؟ قىلىدىغانىنى قىلىپ يەنە ئانىسىدىن رەنجىشى قالتىس ماڭغىنىڭ. . .

مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي:

— ئاپا، نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ۋاي بالام، نېمە ئىش بولاتتى. گۈلنىسا تۈنۈگۈن كۈندۈزى دەم ئاپتىكەن، ئاپىسى ئاغرىق ياتسا، قولداش بولماقچىدىم، دەپ تويغا كېتىپ كەچ كەپتۇ. ئاپىسى: «بالام، سۆيۈق-سەلەڭ بىر چىنە ئاش ئېتىپ بەرگىن» دېسە، ئەتىدىن-كەچكىچە دوم ياتقۇچە ئۆزۈڭ ئەتسەڭ بولمامدۇ، دەپ دەككىسىنى بېرىپ قويۇپ ئىشقا كېتىپتۇ. ھېلىراق ئاچاڭنى كىرگۈزگەنتىم. بىچارە ئايالنى ئوت-كاۋاپ بولۇپ قىزىپ ياتىدۇ، دەيدۇ. ئۇمۇ

بالىلىرىم يېتىملىكنىڭ دەردىنى تارتمىسۇن دېمىسە نېمە قىلىدۇ «تۇل خوتۇن» نامىنى يۇدۇپ، سەن بىر سېختا بولغاندىكىن گەپ قىلىپ قويغىنا ئۇنىڭغا.

مەن گۈلنىسانى ئوبدان بىلەتتىم. ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساز چالغاندەكلا ئىش ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ گەپنى سانىيە ئاپپايغا دەپ، ئۇنىڭ نەسىھەت قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈنمەكچى بولدۇم. چۈنكى گۈلنىسامۇ سانىيە ئاپپايغا خۇددى ماما ئوخشاشلا ئامراق ئىدى، ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا گۈلنىسا سانىيە ئاپپاينىڭ نەسىھىتىنى چوقۇم قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئىدى. مەن سېخقا يېتىپ كەلگىنىمدە سىمىنا ئالمىشىش ئۆيىدە سانىيە ئاپپاي بىر نەچچە ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. مەن ئۇنى شەرەت بىلەن چاقىرىپ، گۈلنىسا توغرىسىدىكى ئىشنى ئېيتىپ ئۇنىڭ نەسىھەت قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈندۈم.

سانىيە ئاپپاي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— شۇنداقمۇ قىلامدۇ، ئەلۋەتتە تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاپىسى ئەمەسمۇ؟ بالا دېگەننىمچۇ، ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغانچە گەدەنگە مىنىدۇ. تۇرقىغا قارىسا بىر كىشىلىك سۈلتى بار، قىلغان ئىشنى كۆرۈڭ ماۋۇ قىزنىڭ. بولدى، مەن ئۇنىڭغا تۈزۈك گەپ قىلىپ قوياي، — دېدى قەتئىيلىك بىلەن.

ئارىدىن بىرەر-ئىككى سائەت ئۆتۈپ سىمىنا ئالمىشىش ئۆيىگە كەلگىنىمدە، دەل سانىيە ئاپپاي بىلەن گۈلنىسا سۆزلىشىۋاتقىنىنىڭ ئۈستىگە كەپتىمەن.

— ئادەمچۇ قىزىم، قېرىغاندا كىچىك بالىدەك بولۇپ قالىدۇ. سىلىنىڭ ھازىرقى ۋاقىتىڭلار دېگەن تازا ئويناپ-كۈلۈۋالىدىغان چېغىڭلار. بوپتۇ، ئاپىڭىز نېمە دېسە دېمەمدۇ، ئۇنىڭمۇ سىلەردەك ياشلىقى بولغان. ئويناپ باققان، مېڭىپ باققان، بىر كۈنلەر كەلگەندە ئۇمۇ چۈشىنىپ قالىدۇ. كارىڭىز بولماي، كۆڭلىڭىز خالىغاننى قىلىۋېرىڭ سىڭلىم... — ئۇ شۇنداق گەپلەر بىلەن گۈلنىسانىڭ كۆڭلىنى ياساۋاتاتتى. گۈلنىسا ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن، ئاشۇنداق بىر ئاپىسىنىڭ بولغىنىدىن ئەپسۇسلانغان ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مەن بىر خىل دىلىغۇللۇق ئىچىدە سانىيە ئاپپاينىڭ چىرايىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قاپتىمەن. ئۇ ئالدىمغا كېلىپ مەڭزىمنى يېنىك سىيلاپ مېنى ئەركىلەتتى.

— قىزىم سىلىمچۇ، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلىشنى ئۆگەنسىلە. ياخشى بولماق ئۆمۈرلۈك، يامان بولماق بىردەمچىلىك دېگەن گەپ بار. ئىككى كۈنلۈك بۇ جاھاندا خەققە نەسىھەت قىلىمەن دەپ نېمە كەپتىكەن. تاز كەلسە تازنىڭ قاياشىغا بېقىپ، بەز كەلسە بەزنىڭ قاياشىغا بېقىپ ئىش قىلغاندىلا، خەقنىمۇ خۇش قىلغىلى بولىدۇ، تۇرمۇشمۇ خاتىرجەم ئۆتىدۇ...

ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. توۋا، — دەيتتىم ئىچىمدە، — نېمىدېگەن قۇۋ ئايال بۇ، جاھاندا مۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدىكەن، بۇنداقلاردىن ھېچقانداق ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر سابىرەم ئىبراھىم

ئابدۇسالام ئەخمەت

# كادىرلار «مودىسى»

(ھېكايە)

«مودا» ھەققىدە گەپ بولۇنسا ئاجايىپ قىزىق ئىشلار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. 60-، 70-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىللىرى كىشىلەر ياماق چاپان - ئىشتان كىيىشنى «مودا» قىپتىكەن. ھازىر بەزى ياشلىرىمىز كاناپتەك بىر خىل رەختتە تىكىلگەن، چەت - چۆرىسى رەڭگارەڭ يانچۇقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن كىيىمنى «مودا» قىلىشتى. ھۆكۈمەتنىڭ «ئىسلاھاتلاشتۇرىمىز» دېگىنى «مودىلاشتۇرىمىز» دېگىنىمىكىن، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ مودىمۇ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، كىيىم - كېچەكتىلا ئەمەس، يېمەك - ئىچمەك ۋە بارلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدىمۇ غەلىتە ئۆزگىرىشلەر كۆپىيىپ كەتتى. ئالايلۇق، شەھىرىمىزدە ئۇن ئايال چېچىنى كېسىۋېتىپ كوچىدىن ئۆتسە كالتە چاچ مودا بولىدۇ، بىرنەچچە يىگىت چېچىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈۋالسا، باشقىلارمۇ دەرھال ئۇنى مودا قىلىۋالىدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ بەزى ياشلىرى خىروئىن چېكىشنى مودا قىلىۋالسا، بەزى ياشلىرى سالاپەتلىك بولىمىز دەپ، چوققىسىدىكى چاچنى چۈشۈرۈۋېتىشنى مودا قىلىۋالىدىكەن. يېزا ياشلىرى شەھەرگە كىرىپ ئوقەت قىلىشنى مودا قىلسا، يېزا قىزلىرى شەھەرلىك يىگىتلەرگە ياتلىق بولۇشنى مودا قىلىۋالىدىكەن. ئومۇمەن ھازىر يېڭى چىققاننىڭ، كۆڭۈلگە ياققاننىڭ ھەممىسىلا مودا. بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلىمەي، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈم سۆزلىمەكچى بولغان بىر خىل مودا ئۈستىدە توختىلاي.

مەلۇم بىر نەرسە تىلغا ئېلىنسا، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بىر خىل ھالىتى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا نامايان بولغاندەك، بىزنىڭ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئومۇمەن قورساق سالغان، سالاپەتلىك كىيىنىپ، ئۈردەكتەك ئېغاڭلاپ ماڭىدىغان كىشىلەر «كادىر» دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا سىز بۇ يەرگە كېلىپ قالسىڭىز باشلىق بىلەن پۇقرانى ئوڭايلا پەرقلەندۈرۈۋالالايسىز.

قورساق يوغىنىتىش سىرتقا نىسبەتەن مودا بولغىنى بىلەن ئىچكى جەھەتتە ئەمەلنىڭ ئۆسۈشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى قايسى بىر كادىرنىڭ قورسىقى ئۆزىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان كادىرنىڭ قورسىقىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ دەرھال ئۆستۈرۈلەتتى. ئەمەلنىڭ قۇدرىتى چەكسىز نەرسە - دە. بەزى جايلاردا پۇلى بار ئادەم قۇدرەتلىك بولسا، بىزدە ھوقۇقى بار ئادەم قۇدرەتلىك. شۇڭا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەر ئايدا نەچچە قېتىم ھۆكۈمەت ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن زىياپەتتىن سىرت، باشقىلار تەكلىپ قىلغان، ئۆزلىرى ئۇيۇشتۇرغان ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك زىياپەتلەرگە داخىل بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق «قورساق يوغىنىتىش رىقابىتى»گە چۈشۈپ، ئۆزلىرىگە شەيتا تەييارلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ھەشەمەتلىك زىياپەتلەرگە پۇلنى نەدىن ھازىرلايدىغىنى پۇقرا ئۈچۈن بىر سىر ئىدى. بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتىدىغىنى - شاڭجاڭنىڭ قورسىقى ئىدى. ئۇ پۈتۈن يېزىلىق ھۆكۈمەت بويىچە ئەڭ قورساقلىق شەخس ئىدى. ھەممە كادىرلار شاڭجاڭنىڭ قورسىقىغا ھەۋەس قىلىشاتتى. يېقىندىن بۇيان شاڭجاڭنى ۋىلايەتكە ئۆسكۈدەك دېگەن گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بىراق، تەقدىر دېگەننى بىر نەرسە دەپ بولغىلى بولمايدىكەن. شاڭجاڭنىڭ ئىستىقبالىدىن نى ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ تۇرغان بىر چاغدا تۇيۇقسىز «شاڭجاڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. ئاغرىپ قېلىشقۇ نورمال ئىش، ئەمما شاڭجاڭ «قىزىلئۆڭگەچ راكىغا گىرىپتار بوپتۇ» دېگەن ۋەھىمىلىك خەۋەر ھەممىمىزنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. «ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك» دېگەندەك، بۇ خەۋەر پۇقرالارنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ، ئۇلار ھەر خىل مۇلاھىزىلەرنى قىلىشقىلى تۇردى.

-ئىسست، ياخشى شائىجائىتى. كۆز تەگكەندەك ئىش بولدى. . .

-خۇدانىڭمۇ كۆزى بار ئىكەن. بىزنىڭ قانتەرىمىزنى شوراۋەرگەچكە، ئەزرائىل كارنىيىدىنلا ئاپتۇ. . .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شائىجاڭ بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىچى - تېشىنى مۇسىبەت قاپلىدى. ئەل - جامائەت شائىجائىنىڭ چوڭ قورۇسىغا كېلىپ ھازا تۇتۇشتى. ھازىدارلارنىڭ يىغا - زارىسى قىيامەت - قايىم بولغاندەك پۈتۈن يېزىنى بىر ئالدى.

ئەپسۇس، بۇ دۇنيالىقدا ھەممە ئىشى ئوڭغا تارتقان شائىجائىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى بىر تەرەپ قىلماق تەسكە توختىدى. ئۇنىڭغا ئىككى كىشىلىك كېپەن ئوراشقا توغرا كەلدى. تاۋۇتقا سالىدىغان چاغدا ئادەتتىكى ئادەملەر سىغقان تاۋۇتقا مېيىت سىغمىدى. بەكرەك سىغمايۋاتقان يېرى قورسىقى ئىدى. . . ئاخىرەتلىككە كۆپ پۇل خەجلەندى. ئاۋارىچىلىقىمۇ، گەپمۇ كۆپ بولدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى ئايىغى ئۈزۈلمەس زىياپەتلەر ئۆزلۈكىدىنلا مودىدىن قېلىشقا باشلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

**ئابدۇللەھەد ھەسەن بارچۇقى**

## ئۈچ شېئىر

### چۆل سۈرىتى

پېژغىرىمدا قاقلىنىپ ياتقان،
قوم-بارخاندا ماڭار كەسلەنچۈك.
قاغجىرام ساي كار قىلماس ئاڭا،
ئۇنىڭ تېنى كۆيمەيدۇ نېچۈك؟

ئۆمىلەيدۇ قوڭغۇز، چايانلار،
يۆگىشىدۇ يىلان گەۋدىسى.
يېقىن كەلسەڭ تاشلىنار كۆزگە،
كۆمۈتىلارنىڭ سانسىز قەبرىسى.

نار تۆگىنى ھەيدىگەن كارۋان
يۈرۈپ كېتەر بارخانلار ئارا.
ئۇزۇقنى بېلىگە تاڭغان،
بۇ جايدا سۇ قاندىن ئەتىۋا.

تونەپ قالساڭ كېچىسى چۆلدە،
ئاڭلىنىدۇ غەيرىي مۇزىكا.
يىراق كەتمەس قولاق تۇۋىڭدىن
تونۇشمىغان يارقىن لىرىكا.

### ئارزۇ-ئارمان ئەمەستۇر يىراق

سىرغىپ چۈشەر كۆزۈمدىن تامچە
تۈن كېچىدە خىيالغا پاتسام.
خىيال كېتەر قىشلاق دالىغا،
مىنگەنلىرىم ئۆكۈز-كالىغا،
كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ ياتسام.

گۆدەك چاغلار ئىدىم ھېسقا باي،
شامال كەبى ھەريان چاپاتتىم.
كۆز يۇممايتتىم خىياللار سۈرۈپ،
كەلگۈسىنى غايىلىك كۆرۈپ،
چىراغ يېقىپ ئويغاق ياتاتتىم.

چاقماق چېقىپ يامغۇر ياغقاندا،
يايلاقلاردا پادا باقاتتىم.
زىبا تاللار بىخ سۈرگەن چاغدا،
ئۆشكە-ئوغلاق ھەيدىشىپ تاغدا،
نەچچە داۋان تاغدىن ئاشاتتىم.

ئۆمۈر شاھى مەۋھۇم چۈشلەردەك،
گاھ لاۋۇلداپ، گاھ سۇس كۆيەتتى.
غەم-ئەندىشىسىز شېرىن بىر خىيال،
سۇكۇناتلىق سۆيگۈ مىسالى،
بىر سېھىر كۈچ دىلنى سۆيەتتى.

نازلىق كۈلۈش، بۇقۇلداپ يىغلاش،
كۈلكە-ھەسرەت بولاتتى تامام.
تاتلىق ھېسلار، خۇش خۇي كۈلۈشلەر،
ياشلىقتىكى مەۋھۇم سۆيۈشلەر،
دىلخانەمگە بەرمەيتتى ئارام.

كەتتى ئۆتۈپ ئوتتۇز بەش يىلىم،
خىيالىمدا ئاشۇ ئۆتكەن چاغ.
گۈدەك چاغلار كەلمەيدۇ، بىراق،
ئارزۇ-ئارمان ئەمەستۇر يىراق،
قان-تەر بىلەن ياسىمەن گۈلباغ.

**شائىرغا**

مۇھەببەت ئورنىغاچ زاكاڭدا،
ئەشئارىغا قوزغالدى ھەۋەسىڭ.
تىرىشتىڭ، تىرماشتىڭ بۇ يولدا،
ھارمىدى بىر ئۆمۈر قەلىمىڭ.

ئاق كېچە، ياقۇتتەك يۇلتۇزلار
ھەمراھ بوپ كۆزنەكتىن مارىدى.
ساپ ھاۋا بەستىڭنى سۆيگەندە
تېنىڭگە بىر سېزىم تارىدى.

ئۇزاتتىڭ كۆز يۇمماي كېچىنى،
سەيلىگاھ، ياتاقتا ھەم ئۆيدە.
ئۆسمەكتە شان-ئۆتۈق شەرىپىڭ،
ئىشلىگەچ كۈندۈزدە ھەم تۈندە.

تىلسىمات قول قويدى ئەجرىڭگە،
ئالقىشلاپ كۆي قاتتى تەڭرىمۇ.
تاڭ قالدى تۆھپەڭدىن ھەسەتخور،
نومۇستىن قىزاردى رەڭگىمۇ.

ئاجايىپ ھېس-تۇيغۇ يار ساڭا،
مىڭ خىل ئىش تاشلىنار كۆزۈڭگە.
بىر ئىشتىن بىر شېئىر ئىجادتۇر،
قەلىمىڭ كىرىدۇ سۆزۈڭگە.

ئىلھامىڭ قېرىماس بىر ئۆمۈر،
ئەل-مىللەت ھەرقاچان يار ساڭا.
يازدىم مەن تۆھپەڭنى ئالقىشلاپ،
بەرگەچكە كۆپ مەدەت سەن ماڭا.

**ئابدۇكېرىم ئابدۇخالىق**

## مەن سەھرانىڭ يىگىتى

مەن سەھرانىڭ ئىشچان يىگىتى،
ئەمگەك بىلەن ئۆتەر كۈنلىرىم.
باغ-ھويلامدا شەپەقتەك چاقناپ
جىلۋە قىلار قىزىل گۈللىرىم.

يورۇتىدۇ يولۇمنى قۇياش،
كۈندۈزلىرى نۇر چېچىپ ماڭا.
تۈندە ئايدەك كەتمىنىم بىلەن
يۇلتۇزلارغا بولىمەن ھەمراھ. . .

**ياسىن روزى**

## ھىجران

ھەر كۈن سېنى ئەسلىسەم دىلدار،
كۈن چىقىشقا قالىمەن قاراپ.
كېچىلىرى ئۇيقۇمدىن بىدار،
ئاي كىرىدۇ رۇجەكتىن ماراپ.

ھىجرانىڭدا پۇكۇلسە قەددىم
مەيلى ئىدى، سەن مېنى كۈتسەڭ.
ئاشىق ئۈچۈن بەخت ئەمەسمۇ
ۋاپاغا جان بېغىشلاپ ئۆتسەڭ...

**مۇھەممەتئىمىن تۇرسۇن**

## نادانلىق

بىر ھۇجرىدا يېتىپ-قوپىمىز،
بىر قازاندا يەيمىز ئاش-تاماق.
بىر خىل تىلدا سۆزلەيمىز ئەمما،
بىر-بىرىمىزگە بەتلەيمىز ساداق.

قولىمىزدا ئىغۋا كارنىيى،
چۇقان سېلىپ چاپتۇرىمىز ئات.
يىقىلغاننىڭ ئۈستىگە دەسسەپ،
مەنلا دەيمىز، قىلمايمىز ئۇيات...

**ئىسمائىل ئېلى**

## شېئىر ۋە تۇيۇقلار

### ئادەم بول

ئەل ئالدىدا يالغان گەپ ساتمايدىغان ئادەم بول،
ھەدېسىلا قۇرۇق پو ئاتمايدىغان ئادەم بول.
سەھەر تۇرغىن ئورنىڭدىن، تارتمىسىمۇ بورنىڭدىن،
كۈن چىققۇچە ئۆلۈكتەك ياتمايدىغان ئادەم بول.
مەرىپەتكە بول شەيدا، جاھالەتتە يوق پايدا،
ئۆگەنگەنچە بىلىمنى قانمايدىغان ئادەم بول.
ھەر بىر سۆزنى دەڭسەپ قىل، باش كەتسىمۇ راست گەپ قىل،
گۇناھىڭنى ئۆزگىگە ئارتمايدىغان ئادەم بول.
نامراتلارنى يۆلەپ قوي، خالىس بەدەل تۆلەپ قوي،
ئاجىزلارغا ھىممەت قىپ ھارمايدىغان ئادەم بول.

### تۇيۇقلار

ياخشى نامىم كەتسۇن دېسەڭ تارقىلىپ،
يۇرمىگىن ھەرگىز ئىچىڭنى تار قىلىپ.

چىن ۋاپا كويىنى ياڭرات بىر ئۆمۈر،
سۆيگۈ رىشتىڭنى دۇتارغا تار قىلىپ.

* *

ئاقارسۇن ئىلىم-پەننىڭ ئىشقىدا چاچ،
تاش بولۇپ ياتمىغىن، گۆھەردەك نۇرچاچ.
دۇنيانى بىپايان ئېتىزلىق دەپ بىل،
ياخشىلىق تېرىشچۇن سەرخىل ئۇرۇق چاچ.

* *

ئەل-يۇرتنى گۈللەشنى ئويلا سەھەر-كەچ،
ۋەتەن دەپ ئوتقا كىر، دەريا-دېڭىز كەچ.
ياۋ ئەگەر ۋەتەنگە سوزسا قولىنى،
جەڭگاھتا مەردلەرچە ئەزىز جاندىن كەچ.

* *

ھەر سەھەر تارتىسەن كۆزۈڭگە سۈرمە،
ئەمتىرەپ قاشلىقنى يۈزۈڭگە سۈرمە.
چىرايلىق بولاي دەپ قىلساڭمۇ پەرداز،
ۋە لېكىن ئىشىڭنى ئەتىگە سۈرمە.

* *

«گۈلدۈرۈك كۈلكىمۇ، يامغۇرمۇ يېشىڭ؟
راستىڭنى ئېيتقىنا، نەچچىدە يېشىڭ؟»
سامادىن كەلگەندەك بولدى بىر سادا:
«ئىلىم-پەن ئۆگىنىپ بۇ سىرنى يېشىڭ.»

## كاشكى

چۆرگىلەپ غۇنچە بويۇڭنى پەرۋانە بولسام كاشكى،
مەي ئىچەر بولساڭ چىمەندە پەيمانە بولسام كاشكى.
بوسۇغاڭنىڭ ئالدىدا بولۇپ مۇلازىم مەن ساڭا،
بۇيرىساڭ، جاننى بېرەر مەردانە بولسام كاشكى.
قاشلىرىڭ تارتىپ قوشۇن، بويتۇ قاراۋۇل كىرپىكىڭ،
تەگسە نىگاھىڭ ئوقلىرى مىڭ دانە بولسام كاشكى.
بىر بېقىپ شەپقەت كۆزۈڭدە قايتا جان قىلساڭ ئاتا،
زەر زىرەڭنىڭ كۆزىدە دۇردانە بولسام كاشكى.
بەھرىمەن قىلساڭ مېنى ۋەسلىڭ مەيىدىن دەممۇ دەم،
بۇ بېشىم كۆككە يېتىپ، خەندانە بولسام كاشكى.

**ئېلياس ئابلىمىت**

# بىر كۇپلېتلىق شېئىرلار

**غا...**

كۈلۈپ يۈرسەم تولكە دېدىڭ،
گەر كۈلمىسەم غورا قاپاق.
سېنى كۆرسەم يۈز يۆگىسەم،
ساراڭ بىلىپ ئاتتىڭ شاپاق.

**تىلىگەن**

نەپ ئالۇر ياخشىغا ئامەت تىلىگەن،
ئاسمانغا يەتكۈدەك قامەت تىلىگەن.
ئۆزىنى ئازگالدا كۆرەر بىتەھقىق،
بولسا ئۇ ياخشىغا ئاپەت تىلىگەن.

**كۆڭۈل**

بىلمىسىز بى كېرەك سايىسەن ئى كۆڭۈل،
يا ئەمى بوزۇلغان چايىسەن ئى كۆڭۈل.
قاچانكى بىلىملىك بولساڭ شۇ ئانلا،
مەككە سەن-مۇقەددەس جايىسەن ئى كۆڭۈل.

www.uyghurkitap.com

**ئېلى ئابدۇقادىر**

## ئىككى شېئىر

### تىلىكىم

قۇت تىلە يۈرىكىم ئانا زېمىنىغا،
چۈنكى شۇ تۇپراقتىن بولدۇڭ تەۋەللۇت.
جاسارەت سېنىڭدە تاغلارنى تۇغسۇن،
تاڭ ئۈچۈن قەلبىڭنى سوۋغا قىلىپ تۇت!

### ھۇقۇش

تۈن-كېچىلەر ھۇۋلىسا ھۇقۇش،
خەقلەر ئاڭا ئازار بېرەركەن:
ئۇ قەيەرنى تۇتسىلا ماكان،
ئاشۇ يەرلەر چۆل بوپ قالاركەن.

دەيمىش قۇشلار زۇۋانىدا ئۇ:
جىمى جانلار باشلىسا خورەك؛
داللارنى كېزىپ يۈرمىسەم،
قانداق بولار ئۇيقۇدا يۈرسەك! ؟

چاشقانلارنى تۇتۇپ تۇرمىسام،
باشلاپ كېلەر ئاپەتنى ئۇدۇل.
ئەيىبلىمەڭ مېنى ئورۇنسىز،
دېمەككى مەن ئاددىي قاراۋۇل...

**ئەلى ئوبۇل**

## ئىنتىزارلىق

كۆل سۈيىدەك جىمغۇر مۇلايىم.
رايىش ئىدىڭ شۇنچە يېقىملىق.
ھەم شۇ سۈدەك، مەجنۇن قەلبىمگە
بەخش ئەتكەن ئىدىڭ ئىللىقلىق.

ئۆتتى تالاي-تالاي كۈتۈشلەر،
يوقلاپ مېنى كەلمىدىڭ بىر رەت.
بۇ قەلبىمنى تاپشۇردۇم ساڭا
سۆيۈشلەردىن بەرگىن ھارارەت.

جۇدالىقتا كۈتۈپ تەمتىرەپ،
ئىزلىرىمدا لەيلەر كۆز يېشىم.
سېغىنىمەن ئۈن-تىنسىز دىلبەر،
كەلگىن، يەتسۇن ئاسمانغا بېشىم...

**ئەركىن توختى**

## شېئىر ۋە پارچىلار

### ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم

بىر ئۆمۈر ياشايدۇ ھەممە مەۋجۇدات،
ئاخىرى سولىدۇ گۈللىگەن ھايات.
ئۆلۈمنى توسۇشقا بارمىدى چارە،
ئىنسانغا لازىمى ئەقىل ۋە سۇبات.

ياش تۆكمە، ئۆكۈنمە، ئەمدى بولدى بەس،
كەتكەننى قايتۇرۇش ھېچ مۇمكىن ئەمەس.
ھاياتلىق، ساغلاملىق سەن ئۈچۈن بەخت،
باغلىغىن تۇرمۇشقا ئىشتىياق-ھەۋەس.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



سۇ ئۈمىد سەن ئۈچۈن بولىدۇ مەشئەل
ئاقىللار سۆزىگە قىلغىن سەن ئەمەل.
ئەۋلادىم نامىمنى يادلىسۇن دېسەڭ،
جىلەك باغلا تۆھپىلەر يارىتىشقا بەل...

### پارچىلار

دوست دېمە نامەردلەر دوست بولاي دېسە،
ئالدانما يالغاندىن غېمىڭنى يېسە.
قول بەرگىن ئەقىللىق ۋىجدانلىقلارغا،
ياخشىلىق قىلغاننىڭ قەدرىنى بىلسە.

* *

بۇ ھايات قىزىقتۇر خىلمۇ خىل ئىشتىن،
ئۇ خالىي ئەمەستۇر شادلىق، تەشۋىشتىن.
ئالدىڭدا ئۇرۇنسىز ماختىغان كىشى،
نەپ ئىزدەر ئارقاڭدا سېنى چېقىشتىن...

* *

ھەر ئادەم تۇغۇلار دۇنياغا يىغلاپ،
ئۆتىدۇ بىر ئۆمۈر بەختىنى قوغلاپ.
غايىسىز، ئەجرىسىز ئۆتسە ھاياتىڭ،
كېتىسەن جاھاندىن كۈلەلمەي، يىغلاپ...

* *

ئېرىشسەڭ بەختكە ئالدىراپ كۈلمە،
دۇچ كەلسەڭ جاپاغا ھەرگىز تىز پۈكمە.
يېڭىش ھەم يېڭىلىش بولار ھاياتتا،
يېڭىلسەڭ، تەن بەرمە، ئەسلا ياش تۆكمە.

* *

بىلسەڭ ئوغلان كېرەك ساڭا ئابروي-شەرەپ،
ئويلاپ سۆزلە ئەلگە قىلما سەن قۇرۇق گەپ.
ئەل ئاتاڭدۇر ھەم ئاناڭدۇر بىلسەڭ مەڭگۈ،
ئەل ئىشىغا قاراپ تۇرما سەن تېرەجەپ...

**ئابدۇرېشىت سۇلايمان**

## يېزا تەزكىرىسى

قارارگاھقا مۆككەن يېشىللىق،
ئاق پەرىلەر ئۈۋىسى سەھرا.
نەي ئاۋازى سۈيلاتقان خىيال
ئىس ئۆرلىگەن يامغۇرغا ھەمراھ.

پەلەك بۇندا كىيگەن ئاق لىباس،
ھەر تەرەپتە پۇر - پۇر چېچەكلەر.
قۇملار كۆمگەن گۈلگۈن زېمىندا
شۇ قەدىمكى ئىزنا - بەلگىلەر.

تەڭرىلىكتۇر بۇ يەر ئۆزگە،
كىشمىش بولۇپ تۈيۈلار دۇنيا.
قوش ئاۋازى، پادا ناخشىسى
گۈزەلگىنە تاتلىق بىر مىسرا.

تۇپرىقىدا جەننەتنىڭ شەكلى،
ئىشارەتكە سىڭگەن ساپ نەپەس.
ئۆلەي دېگەن جانلار تىرىلىپ،
تەشنالىققا قانىدۇ پەۋەس.

**نۇرمۇھەممەت توختىنىياز**

## شېئىر ۋە پارچىلار

### ھايات ۋە ئۈمىد

دۇنياغا تۇغۇلدۇم ئانامدىن،
مەن مېھمان ئەمەسمەن ھاياتقا.
ھەر دائىم ئويلايمەن بىر تۆھپە
قالدۇرۇپ كەتسەم دەپ ئەۋلادقا.

ياندۇ يۈرىكىم - ۋۇجۇدۇم،
ھاياتنىڭ ئىشقىدا گۈلخانىدەك،
كۆلىدۇ ئالدىمدا ئىستىقبال
جىلۋە قىلىپ مىسالى چولپاندەك.

ئۈمىدلەر ئىلكىدە مەن شۇڭا
بەختىمدىن شادلىنىپ يايرايمەن.
بۇ ئىجاد گۈلزارى ئىچىدە
خۇش ناۋا بۇلبۇلدەك سايرايمەن.

### پارچىلار

ۋەتەننى بىر ئۆمۈر سۆيۈپ ئۆتىمەن،
ئىشقىدا تاھىردەك كۆيۈپ ئۆتىمەن.
ئۇنىڭ كەڭ پايانسىز قۇچاقلىرىغا
پېشانە تەرىمنى تۆكۈپ ئۆتىمەن.

بىلىملىك كىشىلەر ئەتىۋار ھامان،
مۇبارەك قەدىمى تۇتىيا ھامان.
ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك مەنىلىك سۆزى
چاچىدۇ دىللارغا نۇر - زىيا ھامان.

**ئېلى زىكرىيا**

## ئىككى شېئىر

### سەرگەردان سۆيگۈ

1

باھار
بەخت ئىلاھىدىن تىلەپ ئاسايىش،
ئۇچۇرۇپ كەلگەن بىزنىڭ تەرەپكە
تاماشا قىلدۇرغىلى
قارلىغاچلارنىڭ سۆيگۈسىنى!

2

لىملارغا سالىمىنى بەرگەن قارلىغاچلار،
ۋىچىرلىشىپ يېقىملىققىنا،
تىزماقتا ئالدىراش ئۇۋىلىرىنى
تىزماقتا -
دالىلاردا چېچىلىپ قالغان
زارنىقش تامچىغان سۆيگۈلىرىنى.

3

كۆز
ياشلاندۇرۇپ مارجان كۆزلەرنى،
مېھمانلارنى قويىدى ئۇزىتىپ.
ھەر تەرەپكە باقار يېتىمىرقاپ،
تورۇسلاردا تۆرەلگەن ۋۇجۇد!

### ۋەتەن سۆيگۈسى

ياشايمەن بۇ ئەزىز تۇپراقتا ئەركىن،
سېزىمەن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختىيار.
ۋەتىنىم سىماسى كۆرۈنەر يارقىن،
بولۇپ ئۇ ئۆزگىچە نەپىس لالىزار.

بېشىمنى سىيلايدۇ ئوتلۇق پەپىلەپ،
كېلىدۇ ھەدىدىن ئانام پۇرىقى.
مېھرىبان سىمانى دىلغا كەشتىلەپ،
ياقىدۇ قەلبىمگە سۆيگۈ چىرىغى.

ھېسلىرىم گوياكى بىر ئويغاق دەريا،
شىۋىرلاپ ۋەتەننى كۈيلەيدۇ ئەبەد.
ۋەتەننىڭ ئۈمىدى دىلىمغا زىبا،
ياشايدۇ قەلبىمدە ۋەتەنلا پەقەت.

www.uyghurkitap.com

ئەخمەتجان مۇھەممەت

# شېئىرلار

## ئانامغا خەت

1

ئانا،
پېشانەڭدىكى سىزىق تەرلەردە
يالتىرايدۇ كەلگۈسى دۇنيا،
قوللىرىڭدىن چىقىدۇ لەيلەپ
سەبىي چۈشتەك رەڭلەنگەن ھېكمەت،
سەن تەڭداشسىز دانىشمەن گويا.

2

تىنىقىڭدىن باشلىنار سەھەر،
يېنىككىنە ئېيتقان كۈيۈڭدىن،
كۈلۈپ قۇياش ئويغىنىدۇ يەر.
بەتلىرىدىن ئۆتكەن كۈنۈڭنىڭ
نۇرانە جۇپ كۆزلىرىڭ بىلەن
ئالىسەن بىر يېقىملىق چۆچەك.
لەرزانغىنە بېرىدۇ سۇنۇپ،
ھەر چۆچىكىڭ بىزگە بىر تىلەك.

3

چەكسىز ئۈمىد-سېغىنىش بىلەن
ئولتۇرغانسەن ئۈنسىز ياش تۆكۈپ
خىرەلەشكەن پەنجىرە تۈۋىدە.
سېغىنىمەن،
سۈرىتىڭگە يۈزۈمنى يېقىپ،
تەسۋى سېرىپ تۇرغان قولۇڭنى.
ئەسلىمەمدە يىپ بىلەن يىڭنە،
ئولتۇرغىنىڭ كىيىملەر تىكىپ.

4

ئانا،
مېھنەت ئۈچۈن يارالدىڭ بەلكىم،
سېنىڭ بىلەن مۇڭداشقىلى ئاي،
ھويلىمىزغا چۈشكەندە ھەر كەچ،
چاقناتقانچە قەلبىڭنى كۈندەك،
ئۆرلەيسەن كۆككە
تۈشەك سېلىش ئۈچۈن يۇلتۇزغا...

## ھايات گۈزەل، ھايات نۇرانە

ھايات گۈزەل، ھايات نۇرانە،
تەۋەللۇتتۇر ھاياتتىن سۆيگۈ.
ئەجرىڭ بىلەن قىلساڭ مەنىلىك،
نام-خىسلىتىڭ ئۆچمەيدۇ مەڭگۈ.

ھايات گۈزەل، ھايات نۇرانە،
ئۇندا كۆكلەم، قىشنىڭ جىلۋىسى.
جۇدۇنلاردىن قاچمىساڭ تىترەپ،
بار ھاياتنىڭ ئېسىل سوۋغىسى.

ھايات گۈزەل، ھايات نۇرانە،
ھايات بېرەر ئۈمىدلەرگە پەر.
چاقنار تاڭدەك نۇرلۇق نىشانە،
ھاياتلىقتا تۆكسەڭ ئەجىر-تەر.

ھايات گۈزەل، ھايات نۇرانە،
سىناقلارغا كۆرسەتكىن بەرداش.
شۇندا يۈكسەك چوققىدا پارلاپ،
نۇرچاچىدۇ بەخت ئىقبال-قۇياش!

**ئانامغا**

نەچچە باھار، نەچچە ياز ۋە قىش
بېقىپ مېنى قاتتىق كارۋانغا.
قارىغايدەك ھېچ پۈكمىدىڭ تىز،
چايقىسىمۇ ھايات ھەر يانغا.

پەرزەنتلىرىڭ تۇرار ئالدىڭدا،
تەلپۈنگىنى ئەيلەشكە بەجا.
كۆزلىرىڭگە يات بولسۇن ھەسرەت،
ئەمدى كۈلۈپ راھەتتە ياشا.

**ئايگۈل تۇرسۇن**

# ئىككى شېئىر

## چاقماق

تۇن باغرىدا يالتىراپ قىلىچ،
يەر-زېمىننى سۆيەر ئاپئاق نۇر.
ئەبەدىيلىك لەززەت تۇيۇلار،
كائىناتقا بەلكى بۇ ھۇزۇر.

يالت-يۇلت قىلىپ چېقىلار چاقماق،
ھەر چاقناشتا زېمىن سۆيگۈسى.

كۆك زېمىنگە تەلپۈنۈپ يىغلار،
مۇھەببەتلىك ياشتۇر تامچىسى.

ئۆكسۈشلەردە تېلىققان زېمىن،
كۆككە ئاچتى چاكچاق باغرىنى.
ۋىسال قۇچماي قالغان مۇھەببەت،
كېزىپ يۈرەر ئىككى ئارىنى.

## ئۇنتۇلغان مۇزىكا

تېنەيدۇ بارماقتا ئېزىتقۇ بىر كۈي،
لەيلەيدۇ بوشلۇقتا تىترەڭگۈ ئۈمىد.
ئۆكسۈيدۇ خىلۋەتتە ئەسلەنمىگەن چۈش،
باھارمۇ سەۋدايى يېتكەندە بۇركۇت.

ئىزغىرىن شاماللار ئىسقىرتار مۇڭلۇق،
بۇ ئۈنىڭ يۈرەككە ئازاب تەرگىنى.

نىچۈنكى بارماقلار تىترەيدۇ ھالسىز،
سولدۇرغان ئۇ نۇرغۇن گۈلنىڭ بەرگىنى.

ئۇنتۇلغان مۇزىكا باھار ئۆكسىشى،
ئۇنتۇلغان بىر چۈشتۇر ھاياتمۇ ئەسلى.
ئۇنتۇلغان بىر خىيال مۇھەببەت مەڭگۈ،
مەن ئۇچۇن مۇھەببەت سىرلىق ئەبەدىي.

**ئىمىنجان روزى (تاقتى)**

# مېنى ئانام بۆلگەن بۆشۈك

مېنى ئانام بۆلگەن بۆشۈك
تەڭرىلەرنىڭ يۈرىكى بەلكىم.
ياكى ئانام تەۋەللۇت قىلغان
مەن چوقۇنغان كىشىدۇر تەڭرىم.

مېنى ئانام بۆلگەن بۆشۈك
ئانامنىڭ پاك، يالقۇنلۇق قەلبى.
ئۇ، دۇنيانى چوڭ قىلغان ئانا،
ئەۋلادلارنىڭ قېرىماس روھى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئوسمانجان ئىسمائىل**

## سەھرا ناخشىسى

سىزىپ چىقتى قايسى بىر رەسسام
قەلىمىدە نامرات سەھرانى.
ئېمىشقىدۇر مەنلا ئۇنىڭسىز،
يازالمايمەن بىرمۇ مىسرانى.

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن زېمىن،
«پاكلىق كۈلگەن جەننەتتۇر ماڭا.»
مۇھەببىتىم بۇلاق سۈيىدەك
توختىماستىن قۇيۇلار ئاڭا.

**ئايشەمگۈل قاۋۇل**

## مىسرالىرىم

دەردى يوقلار بولمىسۇن غەمكىن،
شوخ بولۇڭلار ئەي مىسرالىرىم.
دەردى بارغا بۇلۇڭلار تەسكىن،
دەردلىك كۆڭلى بولمىسۇن يېرىم.

ئاجىزلارغا بۇلۇڭلار قۇۋۋەت،
زەئىپ روھلار كەتسۇن كۈچلىنىپ.
«ئەگرى» دىلنى ساۋاپ قىلىڭلار،
ئەقىل تېپىپ قالسۇن تۈزلىنىپ.

**تىلىۋالدى مەتېلى**


## ئىت ۋە ئادەم

ئىتىڭنى تىللايسەن، ئۇرىسەن ھەتتا،
بىر چىۋىن ئۇچسىمۇ قاۋاپ كەتتىڭ، دەپ.
ئارامىم بۇزۇلدى ئاغزىڭ بېسىقماي،
سەگىگەن كاللامنى قوچۇۋەتتىڭ، دەپ.
بۇرادەر ئۆزۈڭنى قىلما ئاۋارە،

ئىت پەقەت تۆرەلگەن شۇنداق قاۋاشقا.
قاۋاشتىن توختىسا، بولمىسا ھوشيار،
ئىتنى كىم باقاتتى ئۆيگە قاراشقا.
ياقمىسا ھويلاڭدىن ھەيدىۋەت ئۇنى،
تەڭ بولما ئىت بىلەن، چۈشمە تالاشقا.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **مامۇت زايىت**

# قايغۇلۇق خەۋەر



ئاتاقلىق شائىر، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئەلقەم ئەختەم 1995- يىلى 6 - ئاينىڭ 5- كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن 73 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

شائىر ئەلقەم ئەختەم 1922 - يىلى 22 - ئاۋغۇستتا قازاقىستاننىڭ چىلەك رايونى غوجاقول يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1931- يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن غۇلجىغا كەلگەن. 1936 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە خاڭدا بالا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1939 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1942 - يىلدىن 1944- يىلى 10 - ئايغىچە غۇلجا شەھەر ۋە چاپچال قاينۇق يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1944 - يىلى 11 - ئايدىن 1949 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە «ئىلى گېزىتى»دە مۇخبىر، مۇھەررىر، باش مۇھەررىر ۋە گېزىتخانا باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىلىرىدىن بولغان. 1949 - يىلدىن كېيىن «يېڭى يول گېزىتى» نىڭ باشلىقى، ئىلى رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1955 - يىلدىن 1956 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىي - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 1956 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1963 - يىلدىن كېيىن مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1959- يىلى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئائىلىسى بىلەن تارىمغا تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياستى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندە، ئەلقەم ئەختەمنىڭ مەسىلىسى ناھەق ئەنزە قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغان.

شائىر ئەلقەم ئەختەم ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا شېئىرىيەتكە قىزغىن ھەۋەس باغلاپ، شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى شېئىرلىرى شىڭ شىسەينىڭ ئاق تېررورلۇقى ۋە قانخور ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى ئۆچمەنلىك، ئازادلىق، ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىق بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ئۇ شېئىرنى قورال قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىتچىلىكىنى پاش قىلىپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشتىكى قەتئىيلىكى ۋە پىداكارلىقىنى مەدھىيىلىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 1947 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرىي ئەخمەتجان قاسىمى جەنۇبىي شىنجاڭنى

www.uyghurkitap.com



كۆزدىن كۆچۈرگەندە مۇخبىر سۇپىتىدە بىللە بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىچىنىشلىق تۇرمۇشىنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى باتۇرانە كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ يازغان «جەنۇب خاتىرىلىرى» ناملىق زىيارەت خاتىرىسى ئەينى ۋاقىتتا زور تەسىر قوزغىغان.

ئەلقەم ئەختەمنىڭ 1951 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر «ئۈمىد دولقۇنلىرى»، «كۈرەش دولقۇنلىرى»، «يېڭىش دولقۇنلىرى» ناملىق ئۈچ شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. 1981 - يىلى «تاڭ ئاتقاندا» ناملىق شېئىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «بەردىم جاۋاب» ناملىق شېئىرى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغانىدى.

شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ ھاياتى مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى يولىدا بەجانىدىل خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتكەن. ئۇ ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىگە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئەلقەم ئەختەم ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا چىن تەنچۇ، ماۋزېمىن، ماۋدۇن قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار دېموكراتىك زاتلارنىڭ تەسىرى بىلەن ماركسىزم - لېنىنىزمغا دائىر كىتابلارنى ئوقۇپ، ئىنقىلابىي ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، پارتىيىگە يېقىندىن ئەگەشكەن. سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيگەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئاكتىپ ھىمايە قىلغان، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتكە دائىر فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلغان، ۋەتەن بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرىغان. ئۇ خىزمەتتە ئەستايىدىل، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، سەممىي، كەمتەر، ئوچۇق - يورۇق، پاك - دىيانەتلىك ئىدى. ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتاتتى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇراتتى.

بىز بۈگۈن بىر سۆيۈملۈك شائىرىمىزدىن، قابىل تەشكىلاتچىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئەلقەم ئەختەمنىڭ ۋاپاتى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش. ئۇنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى بىزنى داۋاملىق ئالغا ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

ئەلقەم ئەختەم خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

ئەلقەم ئەختەمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى، غۇلجا ناھىيىلىك پارتكوم، غۇلجا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، غۇلجا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ جىڭفا، غۇلجا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى زوردۇن غوجا، غۇلجا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ھاجى موللا، ئىلى ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا قاتارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەر تېلېگرامما ئەۋەتىپ، مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى. غۇلجا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەرھۇمنىڭ تەزىيە ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا بىرنەچچە ۋەكىل ئەۋەتتى.

# ئاپتور ۋە تۇرمۇش



ئىلى يېزىلىرىدا




قەشقەردىكى ئاپتورلار



كۆنچى دەرياسى بويىدا



سەيلىگاھتا




《塔 里木》文学月刊（维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：《新疆日报》社印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅零售：各地邮局所

1995 - يىل 8- سان (414 - سان)، 45 - يىل نەشرى
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4816214)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى، ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国际标准刊号：ISSN 1002 — 9044　خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
国内同一刊号：CN 65 — 1010／I　مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
国外代号：M 4461　چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M4461
邮发代号：58—66 定价：2.40元　پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66 _ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.40 يۈەن
邮政编码：830000　پوچتا نومۇرى: 830000

广告许可证：新工商广字01005419号